# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

## (47)



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى



# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

47 ـ سان

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ـ ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى

مەسلىھەتچى: سىرجە
تەھرىر ھەيئىتى مۇدىرى: ئەركىن ھوشۇر ئەلى
تەھرىر ھەيئەتلىرى: ئەركىن ھوشۇر ئەلى
ئىسمائىل ئىبراھىم
ئالىم جۇماش
ئەخمەتجان ھەسەن
توختى ئايۇپ
دىلارە خەمىد
ئەي جىڭشۇن
ماقالىلارنى بىكىتكۈچى: ئەركىن ھوشۇر ئەلى

باش مۇھەررىر: تۇرغۇن ئۆمەر
جاۋابكار مۇھەررىر: جۇرئەت ئابلىمىت
مۇھەررىرلەر: كەنزەي
جەزىرە مۇقامەتۇللا

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 47- سان

## مۇندەرىجە


پېشقەدەم مائارىپچى ۋە جامائەت ئەربابى نۇسرەت شەھىدىنى ئەسلەيمىز
........................................ ئۇيغۇر سايرانى (1)
سېغىنىش — مەرھۇم ئىمنوف ھامۇت ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقى مۇناسىۋىتى
بىلەن ........................ مامۇتوف قۇربان (26)
يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن بىر نەچچە ئاتاقلىق مۇزىكانت
توغرىسىدا ........................ ئېلى ئېزىز (63)
بۈگۈنكى زامان قەشقەر تىياتىرى ۋە دراماتورگلىرى ........................
........................................ ئابدۇۋاھىت توختى (83)
شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا نەزەر ...........
........................................ نۇرۇللا مۇئمىن (95)
ئازادلىقنىڭ باشلىرىدا ئاۋاتتا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار
........................................ ئابدۇۋەلى ئەيسا (119)
ئۇلۇغ بۇرۇلۇش، پارلاق غەلىبە ............ نىياز مەھمۇد (132)
1957- يىلى لوپ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن كوپېراتىپ ماجىراسى ...
........................................ ز. ئى. كازىم (167)
ھاياتىمدىن ئەسلىمە ...................... سېيت ياسىن (187)
مەن باسقان ئىزلار ...................... سادىق ساۋۇت (239)



**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (47)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى - ئۆگىنىش كومىتېتى تۈزدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي يىكەنكۆل يولى 63- نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830063

ئۈرۈمچى شىنشىي باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 47- نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002
180 مىڭ خەت، چوڭ 32 فورمات، باسما تاۋاق: 11.75
2005- يىل 10- ئايدا بېسىلدى
تىراژى: 1~1000
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا
رۇخسەت قىلىش ئىجازەت نومۇرى (2005) 273 ئومۇمىي 546

ئۆمرىمدە بېسىپ ئۆتكەن يوللار .................................................. سۆزلەپ بەرگۈچى: رەجەپ سەيدى، رەتلىگۈچى: مۇتەللىپ سادىر (282)
ئىلغار زات نوغايبېك ھەققىدە ئەسلىمە .................................................. ئابدۇجېلىل ئالىمبىك (321)
ئىلى تاتارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپ ئىشلىرى .................................................. خەپىز ساتتار سالىم (335)
زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا يۈزلىنىشى توغرىسىدا .................................................. فۇ پىڭنىڭ (361)

# پېشقەدەم مائارىپچى ۋە جامائەت ئەربابى نۇسرەت شەھىدىنى ئەسلەيمىز

ئۇيغۇر سايرانى

پېشقەدەم مائارىپچى، تونۇلغان جامائەت ئەربابى، تىنچلىق جەڭچىسى، ئەلسۆيەر، خالىس تۆھپىكار نۇسرەت شەھىدىنىڭ ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كەتكىنىگە بۇ يىل سەككىز يىل بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ۋە شۇنىڭدەك شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، پەن - تېخنىكىسى، ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ خالىسانە قوشقان تۆھپىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ھېلىھەم يالقۇنلاپ تۇرماقتا. بۇلارنى ئەسلەش بىر تەرەپتىن مەرھۇمغا بولغان ھۆرمىتىمىز ۋە مۇھەببىتىمىزنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەڭ مۇھىمى، مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا كومپارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان، سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، رەھبەرلىك ئىستىلىدا دېموكراتىك، خىزمەتتە ئەستايىدىل، ئامmىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، كىشىلەر بىلەن چىقىشىدىغان،

تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، ئىستىلى دۇرۇس، قىممەتلىك ۋە ئالىيجاناپ ئەخلاقى ـ پەزىلىتى بىزنىڭ خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش ئىرادىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ.

نۇسرەت شەھىدى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1-، 2-، 3- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە 5-، 6- نۆۋەتلىك كومىتېتلىرى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

## شىنجاڭنىڭ مائارىپ سېپىدىكى ھارماس تۇلپار

يولداش نۇسرەت شەھىدى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھارماس بىر تۇلپار ئىدى.

يولداش نۇسرەت شەھىدى 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مائارىپ سېپىگە قەدەم قويدى. دەسلەپ 1938- يىلى 9- ئايدا ئۈرۈمچى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەتكە كىرىشتى. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋە جاپالىق خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. كېيىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قابا ناھىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە، قاراشەھەر ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىدە ۋە ئۈرۈمچى قىزلار ئىنستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپ كادىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئوقۇتۇش ۋە مائارىپ خىزمىتى ساھەسى بويىچە مول بىلىم، تەجرىبە ۋە يېتەكچىلىك قابىلىيىتىگە ئىگە نۇسرەت شەھىدى 1964- يىلى



1- ئايدىن 1979- يىلى 9- ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى ۋە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭى قۇرۇلغاندا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇشلىرى ۋە باشقا بىر قاتار خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن، ئالاقىدار رەھبىرىي ئورۇنلار ئۇنىڭ پېشقەدەم مائارىپچىلا ئەمەس، يەنە قابىل رەھبەر، ئىقتىدارلىق تەشكىلاتچى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا يۆتكىدى. ئۇ بۇ مەكتەپتە 1979- يىلى 9- ئايدىن 1983- يىل 11- ئايغىچە مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1983- يىلى 11- ئايدىن 1986- يىلى 11- ئايغىچە مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئەزاسى ۋە مەزكۇر مەكتەپنىڭ 1- قول باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى.

يولداش نۇسرەت شەھىدى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە نۇرغۇن يېڭى ۋە جىددىي خىزمەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى. ئالدى بىلەن مەكتەپ پارتكومى ۋە مەمۇرىي رەھبەرلىكتىكى يولداشلار، يەنى ھەر مىللەت رەھبىرىي خادىملىرى بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاقلاشقان رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى شەكىللەندۈرۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوغدىدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشى، ئالىي سۈپەتلىك پېداگوگىكا ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا كېچە ـ كۈندۈز كۆڭۈل بۆلدى. بىر قاتار جىددىي كۈن تەرتىپكە قويۇلغان چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ۋە لايىقىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن ھېرىش ـ چارچاشلارغا پىسەنت

قىلمىدى. پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىنى شەكىللەندۈردى. ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار مەسىلىلەرنى دوكلات قىلىپ ئالاقىدار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مەزكۇر مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە باشقىلارغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە مەلۇم ئىقتىساد ئاجرىتىپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈردى.

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈللەپ ياشنىشىغا يولداش نۇسرەت شەھىدىنىڭ زور تۆھپە قوشقانلىقىنى مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارمۇ ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

## قەيسرانە روھ ۋە ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش

ۋەتەننى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى — توغرا نىشان بويلاپ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياش ئەۋلادلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بىلەن تەربىيىلەش، زامانىۋى ئىلىم - پەن، تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق مىليونلىغان ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت.

ياشلار ۋەتەننىڭ ئۈمىدى، كېلەچەكنىڭ ئىگىسى.



ئۇلارنىڭ بۈگۈن قانداق تەربىيىلىنىپ يېتىلىشى ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئەتىكى تەقدىرى - ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئەۋلادلارنى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدا تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۆڭۈل بۆلۈش ئىنتايىن مۇھىم، شەرەپلىك، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك بىر ۋەزىپە.

يولداش نۇسرەت شەھىدى ئەۋلادلار خىزمىتى مەسىلىسىگە ئەزەلدىن تارتىپلا مۇشۇنداق يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن قاراپ كەلگەندى ۋە ياشلارغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كۆڭۈل بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلاردىن ئىدى.

يولداش نۇسرەت شەھىدى مەيلى مەكتەپ رەھبەرلىكى خىزمىتىدە بولسۇن، ئوقۇتۇش، ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان تەربىيە خىزمىتى جەھەتلەردە بولسۇن، ئالدى بىلەن ئادەمنى ئاساس قىلىشنى، ئادەمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ بۇ جەھەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل، ئىلمىي ۋە تەلەپچان ئىدى. مەيلى رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر بولسۇن ياكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە ياكى ئوقۇغۇچىلار بولسۇن، ئۇنىڭ ئادەم تەربىيىلەشتىكى سەمىمىيلىكى ۋە ئەستايىدىللىقىغا، ئىلمىيلىكى ۋە تەلەپچانلىقىغا، شۇنداقلا ئىزچىللىقى ۋە قىزغىنلىقىغا بىردەك ئىچ - ئىچىدىن قايىل ئىدى. خۇشخۇي، چىقىشقاق، كەڭ قورساق، كىچىك پېئىل، كەمتەر ئىدى. قىلغان سۆزى يۇمۇرىستىك بولۇپ، كىشىنى قايىل قىلىپ سۆيۈندۈرەتتى. «ھۆرمەت قىلساڭ ھۆرمەت كۆرەرسەن» دېگەندەك، ئۇ باشقىلارنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرەتتى، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيتتى. ئەۋلادلارنى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيىلەش، زامانىۋى ئىلىم - پەن،

ھۇنەر - سەنئەت بىلەن قوراللاندۇرۇش، ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن تاۋلاشنى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى مۇھىم كۈنتەرتىپلەرنىڭ بىرىگە قويغانىدى.

ياش ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ مۇھىملىقى ئېھتىياجىدىن رەھبەرلىك يولداش نۇسرەت شەھىدىنى 1986- يىلى 11- ئايدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ۋە شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويدى.

يولداش نۇسرەت شەھىدى مەيلى باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن مەزگىللەردە بولسۇن ياكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن مەزگىللەردە بولسۇن ۋە ياكى ئاپتونوم رايونلۇق ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن مەزگىللەردە بولسۇن، باشتىن - ئاياغ پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن، ئەۋلادلار خىزمىتى ئۈچۈن جان دىلى بىلەن خىزمەت ئىشلىگەنىدى. ئىستىلى دېموكراتىك، خىزمەتتە ئەستايىدىل ئىدى. ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىلار بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. ئىدىيىسى ساغلام، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ئالىيجاناپ ئەخلاقىي پەزىلەت تىكلىگەن ئەۋلادلار پەرۋىشكارى بولۇپ تونۇلغانىدى.



## ئازادلىق تېڭى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرىشىش

يولداش نۇسرەت شەھىدى شىنجاڭدا ئازادلىق تېڭىنىڭ بالدۇرراق ئېتىشى ئۈچۈن، ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىشىدىن قورقماي باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان ئازادلىق جەڭچىسى ئىدى.

20- ئەسىرنىڭ 40- يىللىرى خەلقئارادا سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىلدە، مەملىكەت ئىچىدە «ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىشەنچلىك ئارقا سېپى» دەپ ئاتالغان شىنجاڭدا كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە بىر بۆلۈك ئىلغار ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى شېڭ شىسەي، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ شىنجاڭنى تالان - تاراج قىلىش ۋە بۆلۈۋېلىش سۇيىقەستىگە قارشى تۇرۇش ۋە بۇ خەۋپنى يوقىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە يەر ئاستى يوشۇرۇن ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى باشلىدى. «ئۈچ ۋىلايەت» دائىرىسىدە ئىنقىلاب غەلىبە قىلدى. ئۈرۈمچى رايونىدا يەر ئاستى تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ ئىنقىلابىي خىزمەتلەرنى داۋاملاشتۇردى، جۈملىدىن 1945- يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇنجى يەر ئاستى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

1946- يىلى بۇ خىل ئىنقىلابىي تەشكىلات ئۈچكە يەتتى. كېيىن ئىككى قىلىپ ئىخچاملاندى. ئۇنىڭ بىرسى مەخسۇت تېيىپوف باشچىلىقىدىكى «شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى»، يەنە بىرسى، نۇسرەت شەھىدى باشچىلىقىدىكى «شىنجاڭ دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتى» ئىدى.

شۇ چاغدا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى

ئۈرۈمچىدە يۇقىرىقى تەشكىلاتلاردىن باشقا، بىر قىسىم ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلاردىن تەشكىللەنگەن ئىككى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلات «كۈرەش» تەشكىلاتى (ئەسلى ئاساسى 1944- يىلى 11- ئايدا قۇرۇلغان «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» بولۇپ، 1948- يىلى 11- ئايدا نەشر قىلىنغان «كۈرەش» ژۇرنىلى نامى بىلەن ئاتالغان)؛ يەنە بىرسى سابىق 4- يۆنۈلۈش ئارمىيىسى كادىرلىرى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن «ئاۋانگارت» تەشكىلاتى (1947- يىلى 11- ئايدا قۇرۇلغان، نەشر قىلىنغان «ئاۋانگارت» ژۇرنىلى نامى بىلەن ئاتالغان) بار ئىدى.

مەخسۇت تېيىپوف، نۇسرەت شەھىدىلەر باشچىلىقىدىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلق ئاممىسىغا قىلغان زۇلۇمى ۋە زىيانكەشلىكلىرىنى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى قوزغىغان تەتۈر ئېقىمىنى تەكشۈرۈش، توسۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. شېڭ شىسەي، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى، يەتتە ۋىلايەت خەلقىگە يۈرگۈزگەن غالجىرانە سىياسىتىنى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ غالچىلىرى ۋە گۇماشتىلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشتەك قاباھەتلىك جىنايى قىلمىشلىرىنى گېزىت - ژۇرنال ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرەتتى. كومپارتىيىنىڭ سىياسىتىنى، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرلىرىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ خىل تەشۋىقىي خىزمەتلەرنى يالغۇز ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس، بەلكى قاراشەھەر،



كورلا قاتارلىق جايلارغىچە قانات يايدۇرغانىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئۇلار چىقارغان گېزىت - ژۇرناللار ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى 48 خىلغا يەتكەن بولۇپ، ئومۇمىي سانى 20 مىڭ پارچىدىن ئاشقان.

مەخسۇت تېيىپوف، نۇسرەت شەھىدىلەر باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار يۇقىرىقىدەك تەشۋىقىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ناھايىتى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدە نامايىش، قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرغان (1947- يىل 21- فېۋرال كۈنى). بۇ نامايىش، قوزغىلاڭلارغا بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بەزى كىشىلىرى قاتنىشىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن. يەنە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قاتارلىق سورۇنلاردا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يېڭىباشتىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قارشى يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يامان غەرىزى ۋە ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان.

1946- يىلدىن 1948- يىلغىچە بۇرھان شەھىدى مەزكۇر تەشكىلاتلارنى كۈچلۈك قوللاپ تۇردى. 1949- يىلى بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن (ئەمەلىيەتتە 1948- يىلى 12- ئاينىڭ 31- كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي بۇيرۇق جاكارلاپ، مەسئۇدنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، بۇرھان شەھىدىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە رەئىسلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسىگە قارالسۇن)، بۇ تەشكىلاتلارنى ماددىي جەھەتتىن ۋە مەنىۋى

جەھەتتىن ئېخمۇ كۈچلۈك قوللىغان ۋە شۇ يىلنىڭ بېشىدا بۇرھان ئەپەندى نۇسرەت شەھىدىگە نۆۋەتتىكى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، يۇقىرىقى ئىككى تەشكىلاتنى بىرلەشتۈرۈشنى تەكلىپ قىلغان. بۇرھان شەھىدىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن يۇقىرىقى ئىككى ئىنقىلابىي تەشكىلات بىرلەشتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭ دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتى» دەپ ئاتالغان.

ئومۇمەن، بۇ تەشكىلات شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىنىڭ ئالدىدا ۋە تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ناھايىتى مۇھىم «يەر ئاستى» ۋە «يەر ئۈستى» (ئاشكارا) خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن تارىخىي تۆھپە قوشقان.

1945- يىلى 9- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتلارنىڭ تاكى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداپ بولۇپ تارقىلىپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى 1950- يىل 4- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىگەن خىزمىتى، خىزمەت مەزمۇنى ئېنىق ئىدى، بۇ تەشكىلاتلار كومپارتىيىنىڭ تەسىرى ۋە كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە يەتتە ۋىلايەت خەلقىنى ئويغىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىلەن ماسلىشىپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئېڭىنى بالدۇرراق كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى، تەشكىلاتنىڭ خاراكتېرى شۈبھىسىزكى، ئىنقىلابىي تەشكىلات ئىدى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى پاكىت ۋە ئاساسلارنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەت:

1949- يىلى 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا جۇڭگو



كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالاقىچىسى يولداش دېڭ لىچۈن غۇلجىدىن مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ يەردە بۇ ئۈچ تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆز تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ھەققىدە دوكلاتلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە يۇكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن قانات يايدۇرىدىغان ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەرگەن. شۇ يىلى 10- ئايدا بۇرھان شەھىدىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت (ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت) نىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە «شىنجاڭ دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ مەسئۇلى يولداش نۇسرەت شەھىدى ۋە «كۈرەش» تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى يۈي جياڭجى قاتارلىقلار «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋالىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى» سۈپىتىدە جيۇچۈەنگە بېرىپ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋالغان، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇشىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش خاتىرە مېدالى» غا ئېرىشكەن. شۇ چاغدا قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆز تەشكىلاتىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلغان، ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ مۇمكىنقەدەر تېزرەك شىنجاڭغا كىرىشىنى تەكلىپ قىلغان. قوماندان پېڭ دېخۇەي دوكلاتنى تولۇق ئاڭلىغان ۋە ئەھۋاللارنى مەركىزىي كومىتېتقا دوكلات قىلغان. ئاشۇ يىللاردا ئېلان قىلىنغان ھۆججەتلەردە مەن ئۆزۈممۇ بۇ دوكلاتنى كۆرگەنىدىم. 1949- يىل 12- ئاينىڭ

27- كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى «پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ھەققىدە بىرقانچە بەلگىلىمە» دە ئېنىق قىلىپ: «شىنجاڭدا گەرچە پارتىيە تەشكىلاتى بولمىسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىغا ناھايىتى يېقىن، ئۇزاق ۋاقىت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ تونۇشى ۋە ئېتىقادى بار، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرقانچە يىل بۇرۇنلا ‹شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى›، ‹كۈرەش›، ‹ئاۋانگارت›، ‹دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتى› قاتارلىق ئىلغار تەشكىلاتلار قۇرۇلغان. ئۇلار گومىنداڭغا قارشى كۈرەشتە بىر تۈركۈم ئىنقىلابچىل ياشلارنى چېنىقتۇرۇپ ۋە يېتىشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردىمۇ مۇئەييەن رول ئوينىغان» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئىنقىلابنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم يولداشلار ج ك پ گە قوبۇل قىلىندى، ھەتتا ئۇلار ئۇچۇن كاندىداتلىق مۇددىتىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەنە شۇنداق يولداشلارنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ دېموكراتىك ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ مەسئۇلى يولداش نۇسرەت شەھىدىمۇ بار. يولداش نۇسرەت شەھىدى 1950- يىل 2- ئايدا كومپارتىيىگە رەسمىي ئەزا بولۇپ كىردى.

قىسقىسى، ئاق تېررورلۇق قاپلىغان شىنجاڭدا يولداش نۇسرەت شەھىدى باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىنقىلابنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۇچۇن قەھرىمانە كۈرەش قىلغان ئىدى.



## قەلبىگە ۋەتەننى، نەزىرىگە دۇنيانى پۈككەن ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر ئوغلان

يولداش نۇسرەت شەھىدى كىچىككىدىن تارتىپلا بىلىمگە ھېرىسمەن، ئۆگىنىشتە تىرىشچان ئىدى.

ئۇ 1929 — 1934- يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇدى. 1934 — 1938- يىلىغىچە موسكۋادا ئوقۇدى. كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچى، قابا، قاراشەھەر قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە ئوقۇتۇش، مائارىپ خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 40- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى، ۋەزىيەت يۈزلىنىشىنى توغرا مۆلچەرلەپ، بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى ۋە ئاممىنى يېتەكلەپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

يولداش نۇسرەت شەھىدى مەيلى ئوقۇتقۇچىلىق، مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىتتىپاقلىققا ھەممىدىن كۆپ ئەھمىيەت بەرگەننىدى. ئۇ ئىتتىپاقلىق - كۈچ، ئىتتىپاقلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ تۈپ كاپالىتى، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە ئۆزىمۇ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى قوغداش جەھەتتە نەمۇنە تىكلەپ بەرگەننىدى.

يولداش نۇسرەت شەھىدى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇردى. ئۆزئارا ۋە مىللەتلەر ئارا دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىل - يېزىق ئۆگىنىشكىمۇ زور دەرىجىدە ئەھمىيەت

بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ تىرىشىپ خەنزۇ تىلى، روس تىلى، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا تۈركىي تىللارنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىدى.

شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئېھتىياجى ۋە نۇسرەت شەھىدىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتى ئۇنى ئالاھىدە خىزمەت ئۆتەشكە چاقىردى. ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ۋە ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى ئىشلەش ئىدى. 1946- يىلى 11- ئايدىن باشلاپ 1947- يىل 3- ئايغىچە جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى نامايەن قىلىدىغان ژۇرنال «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1947- يىلى 1- ئايدىن 1951- يىلى 7- ئايغىچە «شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى» دە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1949- يىلى 1- ئايدىن 1951- يىل 7- ئايغىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە «شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى» نىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىدى.

1951- يىلى 7- ئايدىن 1955- يىل 6- ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە «شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى» نىڭ باش كاتىپى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى. 1955- يىلدىن 1960- يىلى 9- ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى،



قوشۇمە «شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە باش كاتىپى بولدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ خىزمەتلەرنىڭ مۇھىملىقى ۋە مۇرەككەپلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بۇ خىزمەتلەرنىڭ مەلۇم بىرەر ھالقىسىدا مەسىلە كۆرۈلىدىغان بولسا، خىزمەتتە سەللا بىپەرۋالىق قىلىنىدىغان بولسا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوبرازىغا، جۇڭگو - سوۋېت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە، قىسقىسى، ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقى، جۇڭگو خەلقى ۋە دۇنيا خەلقى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شىنجاڭ رايونى، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىدە دەرھال كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇ كۆپ تەرەپكە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە تاقىلىدىغان ناھايىتى نازۇك ۋە مۇھىم خىزمەت ئىدى. يولداش نۇسرەت شەھىدى بولسا بۇ خىل ئىنچىكە، ئالاھىدە خىزمەتنى باشتىن - ئاياق يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىدا تۇرۇپ سەمىمىيلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، بۇ خىزمەتلەردە ھېچقانداق سەۋەنلىك سادىر قىلمىدى. خىزمەتتە يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇپ، يۇكسەك سىياسىي ھوشيارلىقىنى ساقلاپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن غايەت زور پايدىلىق ۋە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ دوستلۇق ئۈچۈن كۆۋرۈك، تىنچلىق ئۈچۈن ئەلچى، ئازادلىق ئۈچۈن پىداكار جەڭچى ولغانىدى.

## ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن «ئۈچ ۋىلايەت» كە ئەلچىلىككە بېرىش

1949- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ يېڭى يىلغا بېغىشلانغان سۆزىنى ئېلان قىلدى. مەزكۇر بېغىشلىما سۆزدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ۋە دۇنياغا «1949- يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقى»، «جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقى» نى تەنتەنىلىك جاكارلىدى. دەل شۇ كۈنلەردە بۇرھان شەھىدى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەئىسلىككە تەيىنلەنگەنىدى. 1949- يىلى 2- ئاينىڭ 10- كۈنى بۇرھان شەھىدى لەنجۇدا گېنېرال جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئېھتىمالىمۇ بار، كېلىشەلمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن. كېلىشەلمەي قالسا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىڭلار، بۇنىڭ ئېھتىمالىمۇ بار، ئەھۋالغا قاراپ چارە كۆرەرسىلەر دەپ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا بولغان مۆلچەرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋە گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزلىرىدىن ئىلھاملانغان بۇرھان شەھىدى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازادلىققا چىقىرىش ئىشىغا قىزغىن كىرىشىپ كېتىدۇ. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئۇرۇشپەرەسلىرى، ئامېرىكىنى ئارقا تىرەك قىلغان بۆلگۈنچى مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا بەگلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى جۇڭگودىن بۆلۈۋالىمىز دەپ چۇقان كۆتۈرەتتى. بۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قۇرغان نەشرىيات ئورۇنلىرى، گېزىتخانىلىرى بار ئىدى. سېسىق نامى پۇر كەتكەن «يالقۇن» گېزىتى شۇلارنىڭ بىرسى ئىدى. بۇلارغا ئەگەشكەن قايمۇققان



ياشلارمۇ بار ئىدى. «يالقۇن» گېزىتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ياپتۇرۇۋەتتى. «ئالتاي» ژۇرنىلى، «ئەرك» گېزىتىنى ئەيسابەگ، مۇھەممەت ئىمىنلەر چەت ئەلگە قېچىش ئالدىدا ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلدى.

شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازادلىققا چىقىرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بۇرھان شەھىدىگە، نۇسرەت شەھىدى باشچىلىقىدىكى يەر ئاستى تەشكىلاتلار ئۆز ياردەملىرىنى كۆرسەتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھالقىلىق ئورۇنلارغا يەر ئاستى تەشكىلاتىدىكى ئادەملىرىنى بەلگىلىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىدارىلاردىكى مۇھىم ئورۇنلارغىمۇ يەر ئاستى تەشكىلات ئادەملىرى قويۇلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «كۈرەش»، «ئاۋانگارت»، «شىنجاڭ دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ھەممىسىلا بار ئىدى. مەسىلەن، يۈ جەنلىن (خۇيزۇ)، نى پولى (خەنزۇ)، ھوشۇر مۇسا قاتارلىقلار.

بۇرھان ئەپەندى ئەتراپلىق ئويلىنىشلاردىن كېيىن «ئۈچ ۋىلايەت» تەرەپ بىلەن ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن ھەربىي توقۇنۇش يۈز بېرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ماناس دەرياسى بويىدا سەپ تارتىپ، ئۇرۇش ھازىرلىقىدا تۇرغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئالدىنقى سەپتىن ئارقىغا چېكىندۈرۈش قارارىغا كەلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن فاڭبەي بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى نۇسرەت شەھىدىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن «ئۈچ ۋىلايەت» تەرەپكە بېرىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت» تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش نىيىتى يوقلۇقىنى ۋە بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىغا

چېكىنىدىغانلىقىنى، ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيىنىڭمۇ هازىرقى تۇرغان ئورۇنلىرىدىن ئالغا ئىلگىرىلىمەي تۇرۇشنى، بۇ ئىشلارنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازادلىققا چىقىرىشتەك چوڭ ئىشنىڭ بىر تەركىبى قىسمى ئىكەنلىكىنى سەممىمىي هالدا ئۇقتۇرۇپ ۋە چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى قايتا - قايتا تاپىلايدۇ. نۇسرەت شەهىدى بۇ ئىشنى بەك ئوبدان ئورۇنلىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلىرى مەرغۇف ئىسهاقوف، مەمتىمىن ئىمىنوفلار ئۆلكىلىك هۆكۈمەت نامىدىن بارغان ئەلچىلەرنى بەك قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، بولغان ئەهۋاللارنى غۇلجىدىكى مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا تەپسىلىي خەۋەر قىلىدۇ. ئەلچىلەر باش شتابتىن ئىجابىي خەۋەر ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. نۇسرەت شەهىدىنىڭ مەرغۇف ئىسهاقوف بىلەن كونا ساۋاقداشلىقى، مەمتىمىن ئېمىنوف بىلەن بۇرۇنلا يېقىن دوستلاردىن ئىكەنلىكى سۆهبەتنىڭ بەك سەممىمىي ۋە ئوڭۇشلۇق بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرسى بولدى.

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شۇ كۈنلەردە غۇلجىدا تۇرغان ئالاقىچىسى يولداش دېڭ لىچۈن بۇ ئىشلارنى دەرهال رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئەهۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار بولغان رەئىس ماۋ زېدۇڭ «گېنېرال تاۋسيۇ بىز بىلەن سۆهبەت باشلىدى، رەئىس بۇرهان ئىلى تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ سۆزلەشتى. ئەمدى شىنجاڭ مەسىلىسى تىنچ يول بىلەن هەل قىلىنىدىغان بولدى» دەپ، بۇ ئىشقا چوڭ باها بەردى («شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى» دېگەن كىتابنىڭ 57- بېتىگە قارالسۇن). نۇسرەت شەهىدىنىڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت تاپشۇرغان مۇشۇ ۋەزىپىنى



ئوڭۇشلۇق ئورۇنداپ كەلگەنلىكىنى بىلىدىغان يولداشلىرى ئۇنى «تىنچلىق ئەلچىسى» دەپ تەرىپلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ بۇرهان شەهىدىنى ئەسلەپ يازغان ماقالىسىدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، بۇرهان شەهىدى ئۆز ئورنىدا نۇسرەت شەهىدىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ قارشى ئالغانلىقىنى بەك يۇقىرى باهالاپ بايانلايدۇ.

شۇ كۈنلەردە شىنجاڭدىكى سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ بەك جىددىيلىكىنى مەمتىمىن هەزرەتنىڭ بۇرهان ئەپەندىگە ئۆز قولى بىلەن يازغان تۆۋەندىكى خېتىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

رەئىس جانابلىرىغا هۆرمەت بىلەن مەلۇم قىلىمەنكى:

ئۈرۈمچىدە بەزى ياشلارنى هاقارەتلەش، قورقۇتۇش ئىشلىرى كۆپىيىپ كەتمەكتەدۇر. خۇسۇسەن مەن بىلەن ئاز - كۆپ مۇناسىۋىتى بار ۋە ياكى ئىدارىلىرىمدە ئىشلىمەكتە بولۇپ، هېچ بىر تەرەپكە مايىل قىلماستىن (بولماستىن) بىتەرەپ يۈرگەن ياشلار ئېغىر كۈنگە قالدى. تەكشۈرۈشىمىزچە هاقارەت، قورقۇتۇش ئىشلىرىنى بېجىرگۈچىلەرنىڭ باشلىقلىرى هەمدە يوشۇرۇن تىللاش قەغەزلىرىنىڭ ئىجادچىلىرى يۈسۈپ سەئىدى، هوشۇر ئەلى ۋە ئىبراهىم ئۆمەرلەر ئىكەن. بۇلارغا جانابلىرىنىڭ قاتتىق تەربىيە بېرىپ، بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشلىرىنى سورايمەن. بۇ ئىشلار داۋام قىلىۋەرسە، نەتىجىسى يامان بولۇدۇر.

1949- يىلى 6- ئاينىڭ 9- كۈنى

مۇهەممەت ئىمىن

ئۇنىڭ ئۆز ئىملاسى بىلەن يازغان خەتنىمۇ تۆۋەندە كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:


رئيس جنابلريغه !

حرمت بيله معلوم قيلامىكه ! اوروچيلەە
بعضى باشلىقلارنى حقارتلىش، قورقوتوش
ايشلرى كوپەيىب كتمكدەدور، خصوصا
منيڭ بيله آز كوپ مناسبتى باروياكه
ادارەلريمىزدە ايشلەمكدە بولوب هيچ
بيرطرفكه ميل قيلماسدين بيطرف
يورگەن باشلىقلارنى غيرگونگه قالدرى،
تكشوروشيچه حقارت و قورقوتوش
ايشلرينى بجرگوچيلرنىڭ باشلىقلرى
وهمدە باشوروان قيلالاش كاغذلرى
نىڭ اىچادچيلرى يوسف سعيدى،
عشورعلى و ابراهيم عمرلر ايكەن.
بولرگه جنابلرى نىڭ قاتتيق تنبيه بريب
بو ايشلرنىڭ آلدىنى آلمىشلرينى سورايمن
بو ايشلر دوام قيلابرسه نتيجه سى ياخشى
بولمادور.

9/6/38



مانا شۇنداق ئايرىلىش ـ بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇپ، دۆلەت بىرلىكىنى قوغداشتەك، كەسكىن سىياسىي كۈرەشلەردە نۇسرەت شەھىدى، مەخسۇت تېيىپوفلار باشچىلىق قىلغان يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنىڭ رولى چوڭ بولدى. مانا مۇشۇ ئەھۋاللار نەزەرگە ئېلىنىپ، نۇسرەت شەھىدىگە «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش خاتىرە مېدالى» تەقدىم قىلىنغان ئىدى. ئۇ يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

نۇسرەت شەھىدى كىچىكىدىنلا تىرىشچان ئىدى. جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيتتى. ئۇ شىنجاڭنى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان مەزگىللەردە خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي يەر ئاستى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بارغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى گومىنداڭنىڭ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جەڭگىۋار سەپ تارتىپ ماناس دەرياسى بويىدا ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان، گومىنداڭ ئاخىرقى كوزىرىنى ئىشقا سېلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان، بىر مەيدان دەھشەتلىك ئۇرۇش قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا بولۇپ قالغان ئىنتايىن جىددىي بىر پەيتتە، ئۇ قالتىس شجائەت بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە بېرىپ، مىللىي ئارمىيە بىلەن گومىنداڭنىڭ ئاخىرقى توقۇنۇشۇپ قېلىش ۋەزىيىتىنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن دەل ۋاقتىدا ئۆزگەرتتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىدىن ئىبارەت ئۆچمەس تارىخىي پەيتتە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە جيۇچۈەن ۋە قۇمۇللارغا بېرىپ

ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋالدى. شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقى جەمئىيىتىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۈرلۈك يېڭى ۋە مۇرەككەپ خىزمەتلەردە بولسۇن، ئومۇمەن ئۇ ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ قالتىس شىجائەت ۋە جاسارىتىنى نامايان قىلدى. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، پەن - مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تىنىم تاپماي، بىر ئۆمۈر خالىسانە تۆھپە قوشتى.

40 نەچچە يىللىق خىزمەتتىكى جىددىيلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك ھارغىنلىق، چارچاش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇسرەت شەھىدى ئېغىر يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى كېسىلى بىلەن بالنىستا يېتىپ قالدى. كىچىكىدىن تارتىپلا چىدام، غەيرەت بىلەن تاۋلانغان، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە خۇش پېئىللىقنى، كەڭ قورساقلىق ۋە مېھرىبانلىقنى تەبىئىتىگە سىڭدۈرگەن، تۇرمۇشقا، ھاياتقا ۋە دۇنياغا توغرا قاراشنى ئۆزىدە بالدۇرلا يېتىلدۈرگەن نۇسرەت شەھىدى كېسەللىك ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، دوست - يارەنلىرى بىلەن خۇددى ساق ۋاقتىدىكىدەكلا ئەھۋاللىشىپ تۇرۇپ 76 يېشىدا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى. بۇ مىلادىيىنىڭ 1997- يىلى 5- ئاينىڭ 8- كۈنى ئىدى. نۇسرەت شەھىدى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بېغىشلانغان يۈرەكنى تىترىتىدىغان مەرسىيەلەرمۇ يېزىلغانىدى. مائارىپ ساھەسىدىكى بىر سەركەردە شائىر ئابدۇسالام توختى نۇسرەت شەھىدىگە بېغىشلانغان قايغۇلۇق مەرسىيەسىدە، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ:



ئەلۋىدا نۇسرەت ئاكا، بەكمۇ ۋاقىتسىز كەتتىڭىز،
ئاھ! دېدۇق، قايغۇ - مۇسىبەتتە ئېزىلدى باغرىمىز.
ئاھ! دېدۇق، ھەسرەت بىلەن يەرگە ئېگىلدى بېشىمىز،
ئاھ! دېدۇق، مۇنچاق كەبى يەرگە تۆكۈلدى يېشىمىز.

سىز ئىدىڭىز پەن - مائارىپ يولىدا سەركەردىمىز،
تاغ كەبى زور، ئەلگە قوشقان بىباھا زور تۆھپىڭىز.
زەپ ئېسىل ئىنسان ئىدىڭىز، ئەلگە قايناق مېھرىڭىز،
خۇش تەبەسسۇمدە باقاتتى خۇددى قۇياشتەك چېھرىڭىز.

بىر ئېسىل ئوغلان ئىدىڭىز، خەلققە سادىق قەلبىڭىز،
پاتمىغاي داستىخانغىمۇ يازساق ئەگەر تەرىپىڭىز.
ئەلۋىدا! نۇسرەت ئاكا! ھېچ ئۇنتۇمايمىز سىزنى بىز،
ئەل ئىچىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ھۆرمىتىڭىز، نامىڭىز.

شۇ يىللاردا يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرغان تۇرپانلىق ياش شائىر مۇرات ناسىر ئوغلىنىڭ نۇسرەت ئەپەندىگە بېغىشلىغان بىر مەرسىيەسى:

مائارىپ سېپىدە بولدۇڭ سەركەردە،
ئەۋلادلار بەختىگە سالدىڭ پايانداز.
كەلگۈسى ئەۋلادلار چىرىغىڭ يېقىپ،
خۇشپۇراق ھىد چېچىپ قىلىدۇ ئەنناز.

سۆيەتتىڭ خەلقنى جاندىن ئەزىزلەپ،
گۈللەرگە ئىنتىزار بولغاندەك بۇلبۇل.

دوستلارغا خۇشچاقچاق ئىدىڭ باھاردەك،
ئىرتەر تاغ مۇزىنى سەندىكى كۆڭۈل.

ئەجرىڭدىن يېتىلگەن تۇمەن مىڭ ئوغلان،
روھىڭغا ۋارىس بوپ ئاشىدۇ داۋان.
ئەۋلادلار بەختىگە قوشقان ھەر تۆھپە،
ئۆتسىمۇ ئەسىرلەر نۇر چاچار ھامان.

ياشىدىڭ مەرتىۋە - بايلىق قوغلاشماي،
ۋۇجۇدۇڭ باي بولغاچ ئىسىل خىسلەتكە.
ئەل - مىللەت ئىشىغا بولۇپ پەرۋانە،
دۇشمەننى قويغانتىڭ ئاچچىق ھەسرەتكە.

نۇسرەت شەھىدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسى تەشكىلاتىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىغا بەرگەن باھاسى تۆۋەندىكىچە:

«يولداش نۇسرەت شەھىدىنىڭ ۋاپاتى، پارتىيىمىزنى ياخشى بىر پارتىيە ئەزاسىدىن، ياخشى بىر كادىردىن ئايرىدى. بىز ئۇنىڭ پارتىيىگە سادىق بولۇپ، سوتسىيالىزمنى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈشتەك ياخشى پەزىلىتىنى ئۆگىنىشىمىز، ئۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ياخشى ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز؛ ئۇنىڭ خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش، خالىس تۆھپە قوشۇشتەك كەسپىي ھۆرمەتلەش روھىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ھەممىمىز بىرلىكتە قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن



يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى».

نۇسرەت شەھىدىنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات!

ئاپتورى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى

# سېغىنىش

— مەرھۇم ئىمىنوف ھامۇت ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

مامۇتوف قۇربان

مەرھۇم ئىمىنوف ھامۇت بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقىنىمىزغا 10 يىل بولدى، مەن مەرھۇمنى داۋاملىق سېغىنىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ ھەرگىزمۇ مۇنداقلا سېغىنىش ئەمەس، بەلكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى (ئازادلىقتىن ئىلگىرى) ۋە بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى (ئازادلىقتىن كېيىن) ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك مۇساپىسى جەريانىدا ئورتاق نىشان ۋە ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەش داۋامىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەم يىلتىزلىرى بىر - بىرى بىلەن چىرمىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن رىشتە، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئۈزۈلمەس سېغىنىشتۇر.

### قەلبداش

يولداش ئىمىنوف ھامۇت بىلەن بالا چېغىمىزدا



تونۇشقانىدۇق. 1940- يىلى قەشقەردىن بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دىخۋا (ئۈرۈمچى) غا ئوقۇشقا كەلدۇق. ئىمىنوف ھامۇت شەھەر ئىچىدىن، مەن بولسام كونا شەھەر بەشكېرەم رايونىنىڭ بىر قالاق كەنتىدىن، بىرىمىز شەھەرلىك، بىرىمىز سەھرالىق، بىرىمىز شەھەر زىيالىيسى ئائىلىسىدىن، بىرىمىز سەھرالىق ساۋاتسىز كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدىن بولساقمۇ، تەقدىر بىزنى ئۆزئارا يولۇقتۇرغان ۋە بىرلەشتۈرگەن ئىدى.

مەن 1939- 1940- يىللىرى يېزىلاردىكى بىردىنبىر شەنلى (ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى) مەكتەپ — قازىرىق نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە قاراشلىق شۆلەنخۇي (ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى) دىكى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ئىدىم. شۆلەنخۇي — ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ساۋۇت ئەپەندىم، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يولداش لي زىلياڭ (يەنئەندىن ئەۋەتىلگەن كوممۇنىست) ۋە تاڭ ئەپەندىلەرنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئېلىپ بارىدىغان ئىلغار جەمئىيەت ئىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە باشقۇرۇپ ماڭغۇچى ئىدىم. شۇڭا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگۈچە بولغان 11 كۈنلۈك سەپىرىمىزدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوبدانلا تونۇشۇۋالدىم، جۈملىدىن ساۋاقداش ئىمىنوف ھامۇت بىلەن گويا ئايرىلماس ئاداشلاردەك بولۇپ كېتىشتۇق.

1940- يىلدىن 1942- يىلنىڭ 9- ئېيىغىچە ئۈرۈمچى دارىل مۇئەللىمىن (ھەربىي ئوفىتسېرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى) نىڭ تەييارلىق سىنىپىدا، 1942- يىلنىڭ 9- ئېيىدىن 1944- يىلنىڭ 4- ئېيىغىچە شىنجاڭ قۇرۇقلۇق

ئارمىيە ھەربىيلەر مەكتىپىدە بىللە ئوقۇدۇق؛ 1943- يىلنىڭ 8- ئىيىدىن 1946- يىلنىڭ 6- ئىيىغىچە ئۈرۈمچىدە ھەربىي مەكتەپ، ئۈرۈمچى ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى، ئۈرۈمچى دارىل مۇئەللىمىن، ئۈرۈمچى گىمنازىيىسى قاتارلىق ھەربىي ۋە يەرلىك مەكتەپلەردىكى ئىلغار ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساس قىلغان «گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ھەرىكەت» نىڭ ھايات - ماماتلىق كۈرىشىدە بىرگە بولدۇق؛ 1944- يىلنىڭ 4-، 5- ئايلىرىدىن 1946- يىلنىڭ 6- ئىيىغىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، بىللە تۈرمىگە تاشلىنىپ، فاشىستلاشقان تۈرمىنىڭ ۋەھشىيانە قىيناشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئازابلىرىنى بىللە تارتتۇق؛ 1946- يىلنىڭ 7- ئىيىدىن 1950- يىلىغىچە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىدە، 1950- يىلدىن 1955- 1956- يىللىرىغىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5- كورپۇسى (سابىق 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قىسمى) دە بىللە ئىشلىدۇق؛ 1956- يىلنىڭ 6- ئىيىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىدا، يەنى ئىمىنوف ھامۇت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سىياسىي - قانۇن بۆلۈمىدە، مەن تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلىدۇق؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت سىستېمىسىدا بىللە ئىشلىدۇق. 1940- يىلدىن 1990- يىلغىچە (مەرھۇم بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقىچە) توپ - توغرا 50 يىل ناھايىتى يېقىن ئۆتۈشتۇق.



يېرىم ئەسىرلىك مۇساپىدىكى ساۋاقداشلىق، ئىنقىلابىي سەبداشلىق، تۈرمىداشلىق ۋە خىزمەتداشلىق رىشتىسى بىزنى قەلبداش قىلىپ مەھكەم ئۇيۇشتۇردى. بۈگۈنكى كۈندە مەرھۇمنى قەلبىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چەكسىز سېغىنىمىز، مەرھۇمنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتىنىڭ ئۆچمەس خاتىرىلىرى ۋە قەلبىمىز تۆرىدىن ئورۇن ئالغان يارقىن سىماسى مەڭگۈ ئېسىمىزدىن كەتمەيدۇ.

## مەرھۇمنى يېتىلدۈرگەن ئىجتىمائىي مۇھىت

شىنجاڭ ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش كونا - يېڭى مىللىستارىستلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قاتمۇقات زۇلۇمى ئاستىدا ئىنتايىن خاراپلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭ ساۋاتسىزلىق، خۇراپاتلىق، بېكىنمىچىلىك، كەمبەغەللىك، قالاقلىق ۋە قاششاقلىقنىڭ ئاسارىتىنى يەتكۈچە تارتتى. ساۋاتسىزلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا دۇنيانى تونۇمىدى، قوشنىلىرىنى تونۇمىدى، ئۆزىنىمۇ تونۇمىدى، بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان كىچىك - كىچىك تەبىئىي يۇرتلىرىنى «دۇنيا مۇشۇ» دەپ بىلىپ، تەقدىرنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى - قانائەت قىلىپ كەلدى.

دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان، تەرەققىي قىلمايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. ئېلىمىزدىمۇ، دىيارىمىزدىمۇ شۇنداق. 20- ئەسىرنىڭ 20- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، دىيارىمىز ئويغىنىش، يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتقا يۈزلىنىشكە باشلىدى، چۈنكى تەرەققىيات ھەرقانداق مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر توسىيالمايدىغان مۇقەررەرلىكتۇر.

20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتلىرىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ھەرگىزمۇ يېڭى مىللەتارىست شىڭ شىسەينىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» ئەمەس، ياكى ئۇ بۇلارنىڭ شەخسىي ئارزۇلىرى ئۈچۈن پەيدا قىلغان توپىلاڭلىرىمۇ ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى ھاياتىدىكى خۇراپاتلىق، ساۋاتسىزلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك جاھالەتكە قارشى ئېلىپ بارغان «مەدەنىيەت ئويغىنىشى» دىن ئىبارەت مىسلىسىز چوڭ ئۆزگىرىشتۇر. بۇ كەڭ خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ تەڭ ئويغىنىپ، ئىستىبداتلىققا، خۇراپاتلىققا قارشى يېڭى پەن - مەدەنىيەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يورۇتۇپ، شىنجاڭلىقلارغا يېڭىدىن ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشتۇر.

20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى. شۇڭا دەۋر روھى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقىمۇ بولمايتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىزدە زامانىۋى ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ — بىر پارچە ئاق قەغەز ئىدى. ئىنتايىن ئايرىم ساندىكى يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلغانلىقى بولسا، يېڭىلىققا تاشلانغان تۇنجى قەدەم ئىدى. لېكىن شۇ زاماننىڭ ئىچكى - تاشقى شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبىدىن، ئاندا - ساندا ئېچىلغان يېڭى مەكتەپلەرمۇ سېپى ئۆزىدىن بولغان زامانىۋى پەننىي مەكتەپ ئەمەس ئىدى، ياكى زامانىۋى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ دەرس مەزمۇنلىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئامىللارنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى، شىنجاڭنىڭ ئوقۇش -



ئوقۇتۇشى پۈتۈنلەي دېگۈدەك دىنىي مەكتەپ ۋە دىنىي ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىدى. بۇنداق بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. ئەڭ مۇھىم سەۋەب، خەلقنىڭ بېشىدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگۈچى ئىستىبداتلار ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھەربىي، ساقچى ۋە تۈرمىدىن ئىبارەت دىكتاتۇرا قورالىغا تايىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خەلقىمىزنى ساۋاتسىزلىق، خۇراپاتلىقنىڭ قاراڭغۇچىلىقىدا ئۇخلىتىشتىن ئىبارەت دىكتاتۇرا قورالىنى تەڭ ئىشلەتكەنلىكى ئىدى. كېيىنكىسى يۇمشاق، ئەمما ئەڭ قەبىھ دىكتاتۇرا قورالى ھېسابلىناتتى. چۈنكى، خەلقنى ساۋاتسىزلىق ۋە خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چۆكتۈرۈش، جاھالەتتە قالدۇرۇپ، مىدىر - سىدىر قىلالمايدىغان قىلىپ قويۇش تارىختا ئۆتكەن بارلىق ئىستىبدات ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش ۋە ساقلاپ قېلىشىدىكى بىردىنبىر ۋاستىسى بولۇپ كەلگەنىدى. بىز دەۋاتقان كېيىنكى سەۋەب بولسا، مىللەتنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان ئەڭ قاباھەتلىك قورال ئىدى.

خەلقىمىز ئۆزىنىڭ مەھكۇملۇقتا قالغان ئاچچىق ئەمەلىيىتى ئارقىلىق نېمىنىڭ ئازادلىق ئىكەنلىكىنى، ئازادلىقنىڭ قانداق قولغا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، يېڭى مىللەتارىستلارنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قورالى بىرلا بولماستىن، بەلكى ئىككى ئىكەنلىكىنى، بىرسىنىڭ ھەربىي، ساقچى ۋە تۈرمىدىن ئىبارەت قانلىق دىكتاتۇرا قورالى، يەنە بىرسىنىڭ خەلقنى، مىللەتنى ساۋاتسىزلىق، خۇراپاتلىق غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلىتىشتىن ئىبارەت دىكتاتۇرا قورالى ئىكەنلىكىنى، ئىستىبداتلارنىڭ بۇ ئىككى دىكتاتۇرا قورالىنى

پاچاقلىۋەتكەندىلا، ئاندىن ئازادلىق بولىدىغانلىقىنى؛ ئەڭ مۇھىمى، ئالدى بىلەن خەلقنى، مىللەتنى خوراپاتلىقنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، دۆلەتنى، دۇنيانى كۆزدە تۇتۇپ، يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى ھەممە يەردە ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، كۆڭلىگە خەلقنى پۈككەن، ھەم پاك - ديانەتلىك ھەم ئىقتىدارلىق يېتەكچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق خەلق ۋە مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. بۇ — كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىشى ئىدى. بۇ بىر قىسىم ئويغىنىشى ئەمەس، بەلكى ئېزىلىپ يەنچىلگەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئويغىنىشى، مىللەتنىڭ ئويغىنىشى ئىدى. شۇڭلاشقا، «مەدەنىيەت ئويغىنىشى» دىن ئىبارەت مىسلىسىز ئاڭلىق تۈردىكى ئاممىۋى ھەرىكەت ديارىمىزنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن ھالدا مەيدانغا كەلدى.

1934- يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى پەن - مائارىپقا يۈرۈش قىلىش مەسىلىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شەھەر - بازارلاردا، يېزا - قىشلاقلاردا، مەھەللە - كەنتلەردە يېڭىدىن - يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى قۇرۇش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. 1934- ۋە 1935- يىلىلا خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، پۇل ۋە ماللىرى، چەبدەس ئىككى قولىغا تايىنىپ، شەھەرلەرنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدا، سەھرالارنىڭ يېزىلىرى ۋە مۇھىم كەنتلىرىدە، چارۋىچىلىق قىشلاقلىرىدا يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك باش كۆتەرگۈزۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ديارىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلىرىمىز تارىخىمىزدا تۇنجى بولۇپ



يېڭى پەننىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىم - مەرىپەتنىڭ نۇرلۇق چىراغلىرى يۇرت - يۇرتلىرىمىزنى چاقنىتىۋەتتى. تارىختىن بىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن دىنىي مەكتەپلەر بارا بارا ئاجىزلاشتى، قەيەردە پەننىي مەكتەپنىڭ نۇرى چاقنىسا، شۇ يەردە دىنىي مەكتەپلەر تەبىئىي تۈردە ئۆز ئورنىنى يوقىتىپ، خوراپاتلىقنىڭ چۈمپەردىسى يىرتىپ تاشلاندى. خەلق ئۇلۇغ، خەلق دېڭىز، خەلق دولقۇن، خەلقنىڭ كۈچى ھەممىدىن قۇدرەتلىك، خەلق ھەممىدىن ئەقىل - پاراسەتلىك، شۇنچە نۇرغۇن يېڭى مەكتەپلەرنى قۇرۇشتا خەلقنى ھېچكىم سەپەرۋەر قىلمىدى، ھۆكۈمەت خىراجەت چىقارمىدى، قانداقتۇر قايسى بىر يەر، قايسى بىراۋلارنىڭ خەيرى - ساخاۋىتىمۇ بولمىدى، پەقەت خەلق، مىللەتنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەكتەپ قۇردى، بالىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن پەننىي مەكتەپلەرگە ئاپىرىپ بەردى ۋە ئوقۇتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ ئۆزى تاپتى ۋە ئۆزى يېتىشتۈردى، ئاساسىي خىراجەتلەرنىمۇ خەلق ئۆزى ھەل قىلدى. پەننىي مەكتەپلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىززەت - ئابرويى ھېچقاچان ئەنە شۇ ۋاقىتتىكىدەك ئۇنداق يۈكسەك بولمىغان دېيىلسە قىلچە مۇبالىغە بولمايدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئىككى مىسال كەلتۈرسەك كۇپايە قىلىدۇ. بىرى:

1940- يىلدىكى قەشقەر ۋىلايىتى (ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر، يەكەندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت بولۇپ، بۇ يەردە كەلتۈرگەن ستاتىستىكىغا يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ستاتىستىكىسى كىرمەيدۇ) نىڭ ھەر خىل باشقۇرۇشىدىكى پەننىي مەكتەپلىرى 616 ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ 31 بولۇپ، يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ

ئاران 5.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. يېڭى پەننىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 86936 نەپەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 8810 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇغۇچىنىڭ 10.22 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار 56456 نەپەر، قىز ئوقۇغۇچىلار 30480 نەپەر ئىدى. مەكتەپ مۇدىرلىرى 258 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇدىر 258 نەپەر، مۇدىرە (ئايال مۇدىر) 8 نەپەر ئىدى. مۇئەللىملەر 2668 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئەللىم 2288 نەپەر، مۇئەللىمە 380 نەپەر ئىدى.

يۇقىرىقى ستاتىستىكىدىكى مەكتەپلەردىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ 549 بولۇپ، جەمئىي 75343 ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچى 48172 نەپەر، قىز ئوقۇغۇچى 7171 نەپەر ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى 210 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇدىر 204 نەپەر، مۇدىرە 6 نەپەر ئىدى. مۇئەللىملەر 1885 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئەللىم 1505 نەپەر، مۇئەللىمە 305 نەپەر ئىدى. قىرغىز ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ 33 بولۇپ، جەمئىي 2049 ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار 1771 نەپەر، قىز ئوقۇغۇچىلار 878 نەپەر ئىدى. مۇدىر 16 نەپەر بولۇپ مۇدىرە يوق ئىدى. مۇئەللىم جەمئىي 81 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئەللىم 69 نەپەر، مۇئەللىمە 12 نەپەر ئىدى. خەنزۇ ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ 1 بولۇپ، جەمئىي 74 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. مۇدىر 1 نەپەر، مۇئەللىمە 2 نەپەر ئىدى. يۇقىرىقى ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇدىكى، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن پەننىي مەكتەپلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرى



ئارقىلىق خەلق ئۆزى باشقۇرغانىدى. يەنە بىرى:

مېنىڭ كەنتىمدە (قەشقەر شەھىرىگە 8 كىلومېتىر كېلىدۇ) قۇناخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان بار ئىدى. ئۇنىڭغا «تاغ ئارقىسى» (شىمالىي شىنجاڭ) دىكى تۇغقىنىدىن بىر پارچە خەت كېلىدۇ، بۇ بىچارە خەتنى قويىنىغا سېلىپ، ئۇ يەر بۇ يەرگە نەچچە قاتىرىغان بولسىمۇ ئۇنى ئوقۇتالماي، تىت ـ تىت بولۇپ «خەپ» دەپلا قالىدۇ. 1934 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى كەنتىمىزگە يېڭى پەننىي مەكتەپ سېلىشقا باشلىدى (ئىلگىرى، كەنتىمىزدە بىر ئېغىز ئۆيلۈك توپا ـ چاڭغا تولغان دىنىي مەكتەپ بار ئىدى). قۇناخۇنكام يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا تىنىم تاپماي كەتمەن چېپىۋېتىپ، خۇشاللىقىدا: «ھەي خالايىق، كۆرۈپ تۇردۇڭلار، بىر يىل بۇرۇن تاغ ئارقىسىدىكى تۇغقىنىمدىن بىر پارچە خەت كېلىۋىدى، ئۇنى ئوقۇتالماي ساراڭ بولۇپ كېتەي دېگەن ئىدىم، پارقىراپ تۇرغان ئىككى كۆزىمىز بولغان بىلەن كور ئىكەنمىز، بىزمۇ ئادەمغۇ؟ قاچانغىچە كورلۇقتا ياشايمىز؟ قېنى، مەكتىپىمىزنى تېز سالايلى، ياخشى سالايلى، ھېچنىمىمىزنى ئايىمايلى، باللىرىمىزنى ئوقۇتۇپ، كۆزىمىزنى ئاچايلى! مەن يارامىلىق تېرەكلىرىمنى كېسىپ، ئاقلاپ تەييارلاپ قويدۇم، ئاتامدىن ماڭا قالغان، ھازىرغىچە چىڭ ساقلاپ كېلىۋاتقان ‹تۆت تەڭگە› (كۈمۈش تەڭگە) مىنىمۇ يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئاتاپ قويدۇم. نېمە كېرەك بولسا، مەندە بولسىلا، ھەرگىز ئاياپ ئولتۇرمايمەن، بارلىقىمنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ھەدىيە قىلىمەن» دەپ ھاياجىنىنى باسالماي قىلغان «خىتاب» نى ئاڭلىغانلار «يارايسەن» دېيىشىپ، «مەنمۇ چىقىرىمەن» دەپ ئاۋاز قوشۇپ، «قېنى، بىزمۇ باشقىلاردىن قالماي كۈچەيلى، باللىرىمىز بۇ يىلدىن قېلىپ قالماي يېڭى

مەكتەپىمىزدە ئوقۇسۇن» دەپ جاھاننى بىر ئالغان چۇقىراشلىرى ھېلىمۇ قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ.

«مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ئېلىپ كەلگەن يېڭى پەننىي مەكتەپ سېلىش دولقۇنى 1934- يىلدىن 1938- يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە چاقماق تېزلىكى بىلەن جاي - جاي، يۇرت - يۇرتلاردا دولقۇندەك كۆتۈرۈلۈپ، بىرى - بىرىدىن چوڭ، بىرى - بىرىدىن ياخشى مەكتەپلەر سېلىنىپ، پەننىي ئوقۇش باشلىنىشى بىلەن تەڭ ھېچقانداق زورلۇقسىز، تەبىئىي ھالدا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىغا مۇۋاپىق تەرەققىي قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى قاپلاپ، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەن دىنىي مەكتەپلەر تارىخقا خاتىمە بەردى. دىنىي مەكتەپلەرنىڭ «مۇقەددەس» ئورنىنى خەلقىمىز، مىللىتىمىزگە ئىلىم - پەننىڭ نۇرىنى ئايىماي چاچىدىغان يىپ - يېڭى، يوپ - يورۇق، پاكىزە، ئازادە پەننىي مەكتەپلەر تەبىئىي ھالدا ئىگىلەپ باردى. بۇ مىسلىسىز يېڭىلىق تارىخىمىزدا يېڭى پەننىي مائارىپنىڭ نۇرلۇق سەھىپىسىنى ئاچتى. «مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ساۋاتسىزلىق پەيدا قىلغان نادانلىققا، خۇراپاتلىق جاھالىتىگە جەڭ ئېلان قىلدى، كونا ئىستىبداتلارنىڭ خەلقنى، مىللەتنى ساۋاتسىزلىق، خۇراپاتلىق جاھالىتىگە چوڭقۇر پاتتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان ئەجەللىك يېرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. مانا بۇ 20- ئەسىرنىڭ 30 - 40 يىللىرى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھەقىقىي چوڭ ئۆزگىرىش، مانا بۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى بىر قېتىملىق «سەكرەش»، مانا بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان بىر قېتىملىق خەلق ئىنقىلابى.



## بىرىنچى ئەۋلادنىڭ تارىخىي رولى ۋە تۆھپىسى

«مەدەنىيەت ئويغىنىشى» پۈتكۈل رايونىمىزدا زامانىۋى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى مەيدانغا چىقاردى، بۇ مەكتەپلەر 1- ئەۋلاد ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈردى. بۇ ئىلغار ئىدىيىلىك بىرىنچى ئەۋلاد ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بېلىق بىلەن سۇدەك مۇناسىۋەتتە بار مىڭلىغان زور كۈچ ئىدى. بۇ كۈچ تۆرىلىشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە تەسىرىگە، تەربىيىسىگە ئىگە بولغان، كومپارتىيىنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان، سوۋېت كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى، سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنى قىزغىن ھىمايە قىلغان، قانخور شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈچۈن قورقماس ئىرادە بىلەن قان - تەرىنى ئېقىتقان كوممۇنىزمچى خەلقپەرۋەر كۈچ ئىدى. بىرىنچى ئەۋلادىمىز بىر قەدەر ئەتراپلىق پەن - تېخنىكا بىلىمىگە، يۈكسەك دەۋر روھىغا ئىگە ئىدى. دوست قوشنىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي دېموكراتىك ئۇرۇشى، فېئودالىزمنىڭ، جاھانگىرلىكنىڭ، بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ۋەكىلى جاڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ئىلھامى ۋە ياردىمى بىلەن تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات توغرا ئېقىمىنى كۆرۈپ يېتىپ،

ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى ئۆزلۈكسىز تۈگىتىپ، توغرىلىقنى يېتىلدۈرۈپ ھالقىلىق بۇرۇلۇشلاردا توغرا مەيداندا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن تارىخىمىزنىڭ يېڭى ئەۋلادى ئىدى.

بىرىنچى ئەۋلادىمىز كۆزگە كۆرۈنەرلىك سىياسىيون، مۇتەپەككۇرلارنى، مائارىپچى، پېداگوكلارنى، ئەدەب ۋە سەنئەتچىلەرنى، ھەربىي قوماندانلارنى، ئىجتىمائىي، تارىخىي پەن ئالىملىرىنى، تىلشۇناس، تەرجىمانلارنى، تىببىي مۇتەخەسسىس قاتارلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە مىڭلىغان زور كۈچ بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئەسقاتقان قوشۇن ئىدى. دىيارىمىزنىڭ ئۆزىدە بۇرھان شەھىدى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف ۋە مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، لى تەيىيۇ، چېن شىخۇا، فەن يىڭجۇ، يۇ جەنلىن، ئەنۋەر جاكولىن، دوبىك، بادەي، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابلىز مۇھەممەدى، ئەزىزوف قاسىم، شۇ مۇتۇڭ، چياۋ گوزىن قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ھەر ساھەنىڭ تايانچ كۈچلىرى يېتىشتۈرۈلگەن شىنجاڭ «مەدەنىيەت ئويغىنىشى» يېڭى پەننىي مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى، يېڭى ئەۋلاد زىيالىي كۈچلىرىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى يالغۇز پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بارلىقى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ، سوۋېت كوممۇنىستلىرى ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ لايىق كۆرۈشى، قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ئەمەلىي ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن شىنجاڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئەۋەتكەن مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلار يېڭى پەننىي مائارىپىمىزنى پۈتۈن كۈچى بىلەن



قوللىدى ۋە يارامىلىق بىرىنچى ئەۋلاد زىيالىيلىرىمىزنىڭ يېتىلىپ چىقىشى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئابدۇكېرىم ئاباسوف ۋەكىللىكىدىكى نۇرغۇنلىغان كوممۇنىزم ئىدىيىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى؛ سوۋېت كوممۇنىستلىرى ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتى شىنجاڭنىڭ «مەدەنىيەت ئويغىنىشى»نى، يېڭى پەننىي مائارىپقا يۈرۈش قىلىشنى، ئىلغار ئىدىيىلىك، پەننىي بىلىملىك، ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بىرىنچى ئەۋلاد زىيالىيلىرىمىزنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى. 20- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيا، موسكۋالاردىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا تۈركۈملەرگە بۆلۈپ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئۇيغۇر سايرانى، ئىسمائىل ياسىنوف، ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئەنۋەر خانبابا، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئىبراھىم تۇردى، ئابلا داۋۇتوف قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق بىرىنچى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بىلىملىك تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

دىيارىمىزنىڭ ئۆزىدە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېتىشتۈرۈلگەن بىرىنچى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەينى ۋاقىتتىكى «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» نىڭ ئەزالىرى ۋە ئايرىملىرى تايانچلىرى ئىدى. بىرىنچى ئەۋلاد ئەينى ۋاقىتنىڭ مۇشۇنداق ياخشى پۈرسەتلىرى ئارقىلىق كوممۇنىزمنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسىگە ئېرىشكەن كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنى، كوممۇنىزمنى سۆيگۈچى، تاقاۋۇزچىلىققا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قوللىغۇچى، دىيارىمىزنىڭ تەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رايونىمىزدا كونسۇلخانىلىرى

قۇرۇلغان ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، قاتارلىق شەھەرلەردە سوۋېت كىتابخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، رۇس تىلىدىكى ماركسىزم كىتابلىرىنى، پەننىي ساۋات كىتاب - ژۇرناللارنى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىك كىتابلىرىنى تارقىتىپ، دەسلەپكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قەدىمىنى تېزلەتتى. ياشلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقەتكە ئىنتىلىش جۇشقۇن مۇھىتىدا، مەكتەپلىرىمىزدە، جەمئىيەت ئورگانلىرىدا ماركسىزمنى ئۆگىنىش كۇرژۇكلىرى قۇرۇلۇپ، ماركسىزم ۋە ماركسىزمغا ئائىت بايانلارنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدىكى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتكە ئائىت ماتېرىياللارنى قىزغىن ئۆگىنىش كەيپىياتى ئىنتايىن جانلاندى، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىگە ئىگە ياشلارنىڭ قولىدىن ماركسىزم ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسلىرى بايان قىلىنغان كىتابچە، گېزىت - ژۇرناللار چۈشمەيدىغان بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئىلغار زاتلارنىڭ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى يېڭى پەننىي مائارىپ بازىلىرىنى نۇقتا قىلىپ، يېتىشىۋاتقان بىرىنچى ئەۋلادلىرىمىزنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ، مەكتەپلەرنىڭ ئورنى، مائارىپچىلارنىڭ، مۇدىر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، نوپۇزى، ھۆرمىتى تولىمۇ يۇقىرى بولدى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىققا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىرىنچى ئەۋلادىمىزدىكىلەرنىڭ تەشەببۇسى، ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە باشلامچىلىقى بىلەن بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ



ئاساسلىق كۈچلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە ئاخىرىسىدىكى يېتەكچىلىكى، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئىنقىلابىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ئاكتىپ ئىگىلەپ، كۆرۈلگەن كەمچىلىك، خاتالىقلارنى كەسكىن تۈزىتىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۈرىشىنىڭ تەقدىرىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەقدىرى بىلەن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەقدىرىنى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىغان ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشلىق رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد تايانچلىرىمىز ئىدى.

يېڭى پەننىي مائارىپىمىز يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ئاجايىپ تېز ئومۇملىشىۋاتقاندا يولۇققان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق ــ مائارىپ خىراجىتى، باشقۇرۇش خادىملىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سان - سۈپىتىدىكى يېتىشسىزلىكلەر ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقلارنى خەلققە تايانغاندىلا، خەلق ھۆكۈمەتنى ۋە جەمئىيەت كۈچلىرىنى قىسقان شارائىت ئاستىدىلا ھەل قىلغىلى بولاتتى. ئەقىل - پاراسەتلىك خەلقىمىز دەل شۇنداق قىلدى. يۇقىرىقى جىددىي ئېھتىياج مۇقەررەر ھالدا ئۆلكە ۋە ۋىلايەتلەردە پەن - مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈردى. ئۆلكە، ۋىلايەت ۋە چوڭ ناھىيىلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كۇرسلىرى ئېچىلدى، شارائىتى ياخشى رايونلاردىكى نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر، 6- سىنىپلىق ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى تەسىس قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەربىيىلەپ بەرگەن زىيالىيلىرىمىزنى تايانچ قىلىپ، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى ئوقۇپ چىققانلارنى، بىلىم

ئاشۇرۇش كۇرسلىرى، 6- سىنىپلاردا ئەلا ئوقۇغانلارنى تەڭشەپ سەپلەشتۇرۇش بىلەن مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ھەل قىلىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇش مۇنتىزىملاشتى، ئوقۇش - ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ مەركەزلىك ئورنى، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جامائەت ئىچىدىكى ئابرويى، ھۆرمىتى ھېچقاچان، راستتىن ئېيتقاندا ئاشۇ ۋاقىتتىكىدەك بولمىغان ۋە بولمىدى.

دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىمىز ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈردى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىدارە - ئورگان ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن كادىر يېتىشتۈرۈپ بەردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پەننىي مائارىپىمىز بىرىنچى ئەۋلادىمىزنى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپ كېيىنكى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش بۆشۈككە ئايلاندى. خەلق پۈتۈن ۋەخپە يەرلەرنى، ۋەخپە مۈلۈك ۋە بايلىقلارنى جايلاردىكى ئۇيۇشمىلارغا ئۆتكۈزۈپ، پەننىي مەكتەپلەرنىڭ خىراجەت مەنبەسى قىلىش يولىنى ئاچتى. پۈتۈن ۋەخپە بايلىقلار جايلاردىكى ئۇيۇشمىلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇلاردىن كىرگەن كىرىم ئۇيۇشمىلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ خىراجەت مەنبەسى بولدى.

1937- يىلدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىرنەچچە يىل ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل كۆلەمدە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاممىۋى تەشۋىقات - تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەت جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە رەھبەرلىكى، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشما» سىنىڭ ئوتتۇرىغا



چىقىشى، يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كونكرېت شارائىتىدا ئەمدىلا قاتارغا قوشۇلغىلى تۇرغان بىرىنچى ئەۋلادىمىز ئالدىغا چىقىپ كىشىلەرنى يىغىش، تەشكىللەش، تەشۋىق قىلىش، ئىئانە توپلاش، توپلىغان ئىئانىنى تاپشۇرۇش ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىشتەك ئەڭ جاپالىق خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلەپ تارىخ بېتىگە ماختاشقا تېگىشلىك ئۇلۇغ بىر سەھىپىنى يازدى.

بىز ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقىنىمىزدا (41-، 42- يىللار) ئۇدا ئىككى يىل يازلىق تەتىلدە مەكتەپ تەشكىلىنىڭ گۇرۇپپا - گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ياڭخاڭدىن نۇرباغقىچە، شىخابانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كوچا مەھەللىلىرىگىچە ياپونغا قارشى تەشۋىقات پائالىيىتىنى ئېلىپ باردۇق. شىنجاڭ ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياپون تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش، ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئاممىۋى مول مەزمۇنلۇق تەشۋىقات تەربىيىسى، بىر قېتىملىق ئەڭ ئەمەلىي، ئەڭ ئۈنۈملۈك مول ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە ھەرىكىتى بولغانلىقتىن، ئۇ يېتىلىپ بېرىۋاتقان بىرىنچى ئەۋلادىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلەر ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ يېتىلىشىنىڭ ئالىي مەكتىپى بولدى.

1948-، 1949- يىللىرى ئۈچ ۋىلايەتنى بازا قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قانات يايدۇرۇلغان مەسئۇد، مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسا گۇروھىدىكى پانتۈركىزمچىلەرگە قارشى ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت كەڭ كۆلەملىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىق، تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتىنى قوزغىغۇچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى، رەھبەرلىك قىلغۇچى كۈچ - ئۈچ ۋىلايەت

ئىنقىلابىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوف، سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف ۋەكىللىكىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد تونۇلغان ۋەتەنپەرۋەر كوممۇنىزمچىلار ئىدى؛ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىدا ئاشۇلارنىڭ تۆھپىسى زور ئىدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش بىلەن تەڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر خىل خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا ئەشۇ بىرىنچى ئەۋلادقا تاياندى.

بىرىنچى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز غەلىبە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇلۇشى تۈزۈمى بويىچە ئۆزگەرتىلىپ قايتا قۇرۇلدى ھەم شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن بىرگە جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭلارنىڭ مۇھىم جايلىرىغا ئورۇنلاشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان خىزمەت كومىتېتلىرى تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئازادلىقىمىزنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي پروگراممىسىنى، پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي خىزمىتىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. تەشۋىقاتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى سۆيۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، خەلق كۆڭلىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى



ئەسلىگە كەلتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى خاتىرجەملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرى يېزا- قىشلاقلاردا ئىككى- ئۈچ ئاي جاپا مۇشەققەتلىك مۇھىتتا پاك دىيانەت بىلەن كەنتمۇ كەنت، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ئىنچىكە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇ چوقۇم ئېلىپ بېرىلىشقا تېگىشلىك بولغان، خەلق كۆڭلىگە ئەڭ يېقىپ، نەتىجىسى ياخشى بولغان بىرىنچى قەدەمدىكى خىزمەت ئىدى. بىز 1950- يىلىنىڭ 1- ئېيىدىن 3- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە رايونلارنىڭ تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى باشلاپ تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردۇق. ماڭا شۇنداق ئېنىقكى، تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرى مىللىي كادىرلار ۋە مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇلار سېپى ئۆزىدىن بىرىنچى ئەۋلادىمىزدىكىلەردىن ئىدى. ئازادلىقنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا كوممۇنىستىك پارتىيىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى بىردىنبىر قوللىغان، پارتىيىمىزمۇ رايونىمىز ئىچىدە ئىشەنچ بىلەن تايانغان كۈچ ئاشۇ بىرىنچى ئەۋلادىمىزدىن ئىبارەت ئىلغار كۈچ ئىدى.

ئىككىنچى، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن كونا يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئورنىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى دەسسىتىش — پارتىيە خىزمىتىدىكى ئىنتايىن جىددىي مۇھىم سىياسىي خىزمەت ئىدى. پارتىيىمىز بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى سىياسىي ساپاسى ياخشى، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىگە، مەلۇم خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە يەرلىك ئىلغار كۈچكە تايانغاندىلا ئورۇندىيالايتتى. ئېنىقكى، بۇنداق يەرلىك ئىلغار كۈچ بىرىنچى ئەۋلادىمىز ئىدى. خەلق ئىچىدە دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، ئامما رايىغا ياققان ناھىيە ھاكىملىرى، ۋالىيلىرى

ۋە سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئاساسلىق خادىملىرى ۋە ناھىيە، ۋىلايەت ھۆكۈمەت تەركىبلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ئاساسەن بىرىنچى ئەۋلادىمىزنىڭ تايانچلىرىدىن تەشكىللەندى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبلىرى، نازارەت - ئىدارە كومىتېتلىرى قۇرۇلۇشىدىمۇ ئاساسەن بىرىنچى ئەۋلادىمىز ئاساس قىلىندى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، مەركەز تۇركۇم - تۇركۇملەپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنى، مەمۇرىي كادىرلارنى ۋە ياشلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. شىنجاڭ ئۆلكىسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى قۇرۇلدى، جايلاردا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىپ پارتىيە خىزمەت كومىتېتلىرى قۇرۇلدى. شىنجاڭ بيۇروسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كادىرلىرى، مىللىي ئارمىيە (يېڭى 5- كورپۇس) نىڭ ئوفىتسېرلىرى ئىچىدىكى كوممۇنىزم ئىدىيىسىگە ئىگە ئىلغار كۈچلەردىن تۇركۇم - تۇركۇملەپ (1950- يىلىنىڭ 1- ئېيىدىن 6- ئېيىغىچە) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا قوبۇل قىلىپ، بۇلار ئىچىدىكى تايانچ ئىلغارلارنى كاندىداتسىزلا قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتلىرى قۇرۇشقىمۇ مۇھىم شەرت - شارائىت ھازىرلەندى. بۇلار يەنىلا بىرىنچى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى ئىدى. مۇشۇ ئاساستا پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاكتىپ يوسۇندا پارتىيە قۇرۇلۇشى ئېلىپ



بېرىلدى. يۇقىرىقى ئاساستىن باشقا، ناھىيىدىن ئۆلكىگىچە رەسمىي پارتىيە كومىتېتلىرى، پارتىيە گۇرۇپپىلىرى ھەم ناھىيىدىن تۆۋەن رايون، يېزا - كەنتلەردە پارتىيە ئەزالىرى قوبۇل قىلىنىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يەرلىك كوممۇنىستلار بەلگىلىك نىسبەتتە قاتناشتۇرۇلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرىغا يەرلىك كوممۇنىستلاردىن كۆپلەپ قويۇلدى. ئالايلى، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى پارتىيە ئەزالىقىغا ئەڭ ئالدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئارقىدىنلا شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ 4- سېكرېتارى بولدى. 1952- يىللىرى يولداش مۇھەممەت ئىمىن ئىمىنوفمۇ دەسلەپىدىلا جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىيە كومىتېتىنىڭ 4- سېكرېتارى بولدى. پارتىيىنىڭ باشقا يەرلىك تەشكىلاتلىرىغىمۇ يەرلىك كوممۇنىستلار خېلى نىسبەتتە كىردى. خىزمەت بۆلۈملىرىگە بىرقەدەر يۇقىرى نىسبەتتە سەپلەندى. مانا بۇلارمۇ بىرىنچى ئەۋلادىمىزنىڭ مۇنەۋۋەرلىرى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا پارتىيە رەھبەرلىكى تېز كۈچەيتىلىپ، خىزمەتلەر پۇختا، ساغلام قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىنقىلاب، ئىگىلىك، مەدەنىي مائارىپ، ئىتتىپاقلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىدا، يەرلىك خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، كومپارتىيە قۇرۇلۇشىدا، باندىتلارنى تازىلاپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشتە، ئىگىلىك، مەدەنىي - مائارىپ

ئىشلىرىنى يېڭىدىن راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ يولغا قويۇشتا ۋە باشقىلاردا پارتىيىمىز تايانغان ئىشەنچلىك مۇھىم كۈچلەرنىڭ بىرسى بىزنىڭ بىرىنچى ئەۋلادىمىز بولدى.

شىنجاڭ خەلقىنىڭ «مەدەنىيەت ئويغىنىشى» دا يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ شۇنچە كۆپ سېلىنغانلىقى، شۇنچە كۆپ يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ يېتىشكەنلىكى توغرۇلۇق خېلى كۆپ سۆزلەندى. بۇلارنى ئونتۇرىغا قويۇپ ئالاھىدە سۆزلەش — مەرھۇم ئىمىنوف ھامۇتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن دەۋرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشتىنلا ئىبارەت. ئەگەر بۇ ئارقا كۆرۈنۈش سۆزلەنمىسە، مەرھۇمنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى بايان قىلىش قىيىن، ئەلۋەتتە.

## مەرھۇمنى سېغىنىمەن، مەرھۇمدىن ئۆگىنىمەن

كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، يېتەرسىزلىكىمۇ بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولدۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ بىر ياخشى ئەنئەنىسى. مەرھۇمنىڭ ھارماس ئۆگىنىش روھىنى، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشتىكى سالماقلىق ۋە زېرەكلىكىنى، خىزمەتتىكى قىيىنچىلىققا چىداملىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى، خەلقنى ئۆمۈر بويى كۆڭلىگە پۈكۈپ، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەشتەك ئالىيجاناب ئەخلاقىنى، ئوچۇق - ئاشكارا، سەممىيلىكىنى، كۆيۈمچان ۋە كەڭ قورساقلىقىنى، پاك - ديانەتلىكلىكىنى ئۆگىنىمەن.

مەرھۇمنىڭ ھاياتى — بىر ئۆمۈر ھارماي - تالماي



تىرىشىپ ئۆگەنگەن ئىلمىي ھايات. مەرھۇم بىلىملىك تالانتلىق كىشى ئىدى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى ئىدى. ئۇ 1940- يىلدىن باشلاپ ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرىنى، ماۋزېدوڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون فاشىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ۋە- مىللىي بىرلىك سەپكە ئائىت سىياسەت ۋە ماتېرىياللارنى بېرىلىپ ئوقۇپ، خېلى ئىلگىرىلا ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بىلىم ئىزدەش، ھارماي بىلىم ئېلىش مەرھۇمنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇ، كۆپ ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈر قورالى بولغان تىل - يېزىقنى ياخشى ئۆگىنىپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن، ئانا تىل - يېزىقنى پىششىق بىلىش شەرتى ئاستىدا، خەنزۇ تىل - يېزىقنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن ھەم ئىشلىتىشكە كامىل ئىدى. خەنزۇچە تىل - يېزىق سەۋىيىسىمۇ بىرىنچى ئەۋلاد تايانچىلىرىمىز ئىچىدە ئالدىدا تۇراتتى. ئىنگلىزچە، رۇسچىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىگىلىگەن ئىدى.

مەرھۇمنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ قالماستىن، نەزەرىيە، سىياسىي سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى ئىدى. 1954- يىلى مەرھۇم مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، بىرقەدەر سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى. مەرھۇمنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى يۇقىرى بولغانلىقى

ئۇچۇن، تەرجىمىگە، ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى ماتېرىياللارغا قاراپ قالماستىن، خەنزۇچە يېزىقتىكى ماتېرىياللارنى كۆپ كۆرۈش ئارقىلىق، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

1956- يىلدىن ئېتىبارەن مەرھۇم بىلەن بىر نەچچە يىل ئۇدۇل ئىشىك قوشنا بولۇپ ئولتۇردۇق. ئىككىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدا ئىشلەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، خىزمەتكە بىرگە بېرىپ، بىرگە قايتاتتۇق. مەرھۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دەم ئېلىش ۋە ئالاھىدە ئەھۋالدىكى كۈندىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلىقى ئۆزلۈكىمىزدىن ئىككى سائەت بىرگە ئۆگىنىش قىلاتتۇق. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئائىت كىتابلارنى تاللاپ ئوقاتتۇق، پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى كۆرەتتۇق، پەن - تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىگە ئائىت گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقاتتۇق ۋە ئۆز چۈشەنچىلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتۇق. بىزنىڭ ئۆزلۈكىمىزدىن بۇنداق ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغانىدى. بىر ئىدارىدا بىرگە ئىشلەش، قوشنا ئولتۇرۇش ۋە ئۆز يېقىنچىلىقىمىز بىلەن ئۆزئارا ئىزدىنىپ، مۇڭدىشىپ تۇراتتۇق، مەن قاچان كىرسەم مەرھۇمنىڭ باش كۆتەرمەي زېھنىنى يىغىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرىنى، جۇڭگو ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخىنى ياكى كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم. مەرھۇم «ۋاقىت قىممەتلىك، ئۇنى قويۇپ بەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇنىڭ ئورنىنى ھەرگىزمۇ تولدۇرغىلى بولمايدۇ»، «بىلىملىك بولۇش، تالانتلىقلاردىن بولۇپ يېتىشىش، ۋەتەنگە، خەلققە، مىللەتكە ياراملىق چاكارلاردىن بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىش لازىم» دەيتتى. ئۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلاتتى ۋە يېقىنلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ



تۇراتتى.

مەرھۇمنىڭ ھاياتى — پارتىيىگە، خەلققە، مىللەتكە بېغىشلانغان ئىنقىلابىي ھايات ئىدى. ئۇ باشتىنلا ھەقىقەت يولىنى ئىزدىدى، شىڭ شىسەينىڭ مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىقىغا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە پائال قاتناشتى. 1944- يىلنىڭ 5- ئېيىدىن 1946- يىلنىڭ 6- ئېيىغىچە ئۈرۈمچىدە ئىككى قېتىم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، تۈرمىنىڭ فاشىستلاشقان ئازابىدىن كۆرمىگىنى قالمىدى، ئۇ جادۇ، مىلتىق، قىلىچ ئالدىدا قىلچىمۇ تەۋرەنمىدى، تۈرمىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئەينەك قىلىپ «تۈرمىنى ئۆزۈمنى چېنىقتۇرىدىغان ئوچاق قىلىمەن» دېگەن قەيسەر ئىرادىسىدە چىڭ تۇردى. شۇنچە قاتتىق ئازابلىسىمۇ قىلچە بوشاشمىدى، ئەكسىچە «… كېرەك يوق، تۈرمە ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق، چىداشلىق بەرسەك ياخشى تاۋلىنىمىز، قانچە تاۋلانساق كۈرەشنى شۇنچە قەتئىي داۋاملاشتۇرالايمىز، دۈشمەن تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلسەك شەرەپلىك قۇربان بولغان بولىمىز، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇمىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقىپ كۈرەشكە ئاتلانغان ئىكەنمىز، ئەلۋەتتە قۇربان بېرىمىز، قۇرقاندا ئىنقىلاب قىلغىلى بولمايدۇ - غۇ!» دەپ قەيسەر ئىرادىسىنى تېخىمۇ تاۋلىغانىدى. تۈرمە سىرتىدىكى كۈرەش بىلەن تۈرمە ئىچىدىكى كۈرەش زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئالدۇرۇلغانلىقى، ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى كۈرەشىمىز ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە باشپاناھ بولۇشىغا ئېرىشىپ كەلگەنلىكى، تۈرمە ئىچىدە كوممۇنىستلارنىڭ ھېسداشلىق ۋە قوللىشىغا

ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش ھەممە يەرنى قاپلاپ ئەكسىيەتچىلەر ھاكىمىيىتىنى تەۋرىتىپ، ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلارنى تەشۋىشكە سېلىپ قېچىش تەييارلىقىغا چۈشۈرۈپ قويىدى.

1946- يىل 6- ئاينىڭ 18- كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى تۈرمە ئىچىگە نامايىش قىلىپ كىرىپ، بىزنى تۈرمە ئىچىدىن (مەرھۇممۇ ئىچىمىزدە) قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. بىز شۇ ئاندىلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە ئەڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشى ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشتۇق. بۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ داغدۇغلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتى بولۇپ، ئىنقىلاب يولداش ئىمىنوف ھامۇتتەك ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە ئىلغار، بىلىم سەۋىيە جەھەتتە يۇقىرى بىلىم ئىگىلىرىگە تازا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ئىسھاقبېك قاتارلىق رەھبەرلەر يولداش ئىمىنوف ھامۇتلارنى نەچچە رەت قوبۇل قىلىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. مەرھۇم رەھبەرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيە سېپىدە بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى ۋە تېزدىن تونۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مىللىي ئارمىيە باش شتابى تەرىپىدىن «ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش» مېدالى بىلەن تارتۇقلاندى. ئىمىنوف ھامۇت ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ ئىقتىدارلىق سىياسىي كادىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، مەركەز ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ فاڭجېن،



سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، قىسىم قۇرۇلۇشىدا ياخشى نەتىجە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تارقىتىلغان ئۈچىنچى دەرىجىلىك «ئازادلىق» مېدالى بىلەن تارتۇقلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن خېلى ئۇزۇن مەزگىلدە، خىزمەت تەقسىماتى بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. يېشىنىڭ چوڭىيىشى، كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىشى، تېنىنىڭ ئاجىزلىشىپ بېرىشىغا پىسەنت قىلماي، ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا تىنىم تاپماي ئاخىرقى نەپەسىگىچە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تەرىنى تۆكتى.

مەرھۇمنىڭ ھاياتى — ئۈمىدۋارلىققا تولغان جۇشقۇن ھايات ئىدى. مەرھۇمنىڭ بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق كۆپ ئۆتكەن، ئۇ ئارقا - ئارقىدىن بېشىغا كەلگەن ئېغىر سىناقلارنىڭ ھېچ قايسىسىدىن تەۋرەنمەي ئۆتكەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئىنتايىن ئېغىر كۈنلىرىدە ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىنمۇ ئۈمىدۋارلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئۆتكەن ئاجايىپ ئەزىمەت ئىدى.

يىراقنى قويۇپ كېيىنكىسىنى ئالساق، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، جەمئىيەتكە تونۇلغان، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان، جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بۇ ئىختىساس ئىگىسى چوڭ ئۆۋالچىلىققا ئۇچراپ، 1969- يىلىنىڭ 10- ئېيىدا قولغا

ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاشۇ ئەڭ ۋەھىمىلىك كۈنلىرىدە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق تۈرمە ئىچىدە كۆرمىگىنى قالمىدى. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشقا تاس قېلىپ، روھى ئىنتايىن ئېغىر ئازابقا ئۇچرىغاندىمۇ «بۇ ئۇۋالچىلىقنىڭ قارا تۇمانى ئاسماننى يەنە قاپلاپ تۇرىۋەرمەس، بۇنداق بولۇۋېرىشىگە ئىشەنمەيمەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا بولىدىكەن خەلقىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر بالايىئاپەت چوقۇم تۈزىتىلىدۇ. ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغۇچىلار ئۇۋالچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ، پەقەت مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دەپ ئۈمىدۋارلىقتا تەۋرەنمەي تۇردى. 1972-يىلىنىڭ ئاخىرى ئەزرائىلنىڭ قولىدىن ئامان ئېسەن قۇتۇلۇپ، يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتى. 1982-يىلى ئۆغۆستتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1969-يىلى يولداش ئىمىنوف ھامۇتنى ‹نەق ئەكسىلئىنقىلابچى› دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىپ قاماش ئاقلاش، نامىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» ئېلان قىلىنىش بىلەن يولداش ئىمىنوف ھامۇت تەل-تۆكۈس ئاقلىنىپ، نامى خەلقى ئالەم ئالدىدا تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسى، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بۇ پېشقەدەم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كاتتا يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، يېڭى قىياپەت، يېڭى روھ، يېڭى جاسارەت بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز، خەلقىمىز ۋە مىللىتىمىز ئۈچۈن 10 يىل تەر تۆكۈپ يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇپ، پارتىيىنىڭ، خەلقىنىڭ، مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي ئارام



خودا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇمنىڭ ھاياتى — ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ كەلگەن ھايات. مەرھۇمنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىلا ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىگە بولغان كۆزقارىشى ئېنىق ئىدى. ئۇ «شوئارىمىز - شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش بولۇشى كېرەك. بۇ قايسى بىر مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى ئەمەس، ھەممە مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»، «... مىللەتلەر ئارا نىزا بولماستىن، بىرلىك بولۇشى كېرەك، بىرلىك بولسا ئىتتىپاقلىق بولىدۇ، ئىتتىپاق بولغاندىلا كۈچ بولىدۇ، دوستلار قانچە كۆپ بولسا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار شۇنچە يېتىم قالىدۇ، كۈرىشىمىز ئاندىن قانات يايالايدۇ، غەلىبە قىلىدۇ» دەيتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابى پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىلا ئاندىن شىنجاڭ ئىنقىلابىمۇ غەلىبە قىلىدۇ» دەيدىغان خېلى مۇكەممەل تونۇشنى ھاسىل قىلغانىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، مەرھۇم ئىمىنوف ھامۇت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىش ئالدىدا خەنزۇچە تىل-يېزىقتا بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ قالغان. 1943-يىلدىن ئېتىبارەن ئۇ ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرى، مەسىلەن، «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «يېڭى باسقۇچ توغرىسىدا»، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»، «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» قاتارلىق كىتابلىرى ياكى ئىزاھاتلىرىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىغا ئائىت تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئوقۇپ

تۇراتتى. شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوشۇنىدا يۇقىرىقىدەك ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئىلغار كۈچلەر ئايرىم ساندا ئەمەس، بەلكى خېلى كۆپ ساندا ئىدى. مەرھۇم ئازادلىقتىن كېيىنكى نەچچە 10 يىلدا، مىللەت، دىن، تارىخ نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ، كەڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلىش، پايدىسىز بولغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى قەتئىي قىلماسلىقنى ئىزچىل تەشۋىق قىلىپ كەلدى.

1960- يىلى ئۇ ئېلىمىز خەلقىنىڭ تىنچلىق ئەلچىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىدىكى نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىدە 3 ئايدىن ئارتۇق دوستانە زىيارەتتە بولدى. زىيارەت جەريانىدا دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ مىللەت، سىياسىتىنى قىزغىن تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق يېڭى تۇرمۇشىنى مەدھىيىلەپ، زىيارەتتە بولغان ئەللەرنىڭ بەزى توغرا بولمىغان قاراشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئېلىمىز خەلقى بىلەن زىيارەتتە بولغان ئەللەر خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش، ئىشىنىش ۋە ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جاپالىق، ئەمما ئالاھىدە نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ



ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1989- يىلى ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق، بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈز بەرگەن «19- ماي» ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پاراكەندىچىلىك ۋەقەسىدە ئوچۇق، توغرا تونۇشتا بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سىياسەت يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، بايرىقى روشەن ھالدا ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئاممىسىغا ۋەتەن بىرلىكىنىڭ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ، بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايى قىلمىشلىرىنى غەزەب بىلەن ئەيىپلىدى ۋە سۇيىقەستلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پاتكومنىڭ مۇقىملىق توغرىسىدىكى قارار - يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ياخشى سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئاكتىپ خىزمەت كۆرسەتتى.

مەرھۇمنىڭ ھاياتى — پارتىيە، خەلق، مىللەت ئۈچۈن جاندىللىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ كەلگەن ھايات. ئۇ مەيلى ھەربىيدە بولسۇن ياكى يەرلىكتە بولسۇن پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇردى؛ پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىزچىل قوغدىدى. ئۇ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ، تېنىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا، خىزمەتتىكى قىيىنچىلىق، چارچاشقا قارىماي، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىي مائارىپ، پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپنىڭ

تەرەققىياتىغا، يۇقىرى ساپالىق مىللىي كادىرلار، پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىڭ تېزرەك يېتىلىشىگە، مىللەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قولىدىن كېلىشىچە تىرىشتى، «ئاخىرقى نەپسىمگىچە پارتىيە رەھبەرلىكىدە جان - دىلىم بىلەن خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن ئىشلەپ ھاياتىمنى تەقدىم قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. بىزنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدىغىنى — مەرھۇم ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ «پارتىيە، خەلق، مىللەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك تۆھپە قوشالمايدىغان ئوخشايمەن» دېگەن ئۆكىنىشى ئىدى. مانا بۇ دەل ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەقىقىي «خەلق چاكىرى» لىق ئالىي پەزىلەتنىڭ ئۆچمەس ئىپادىسىدۇر.

1990- يىل 4- ئاينىڭ 28- كۈنى، يەنى مەرھۇمنىڭ نەپسى توختاشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى دوختۇرخانىغا يوقلاپ باردىم. بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يوقلىشىم بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ مېنىڭ جان دوستۇم بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق مۇڭدىشىشىم بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ مېنىڭ يېرىم ئەسىرلىك دائىم بىرگە ئۆتكەن ئەڭ يېقىن سەپدىشىم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىشىم بولۇپ قالغانلىقىنى كىم بىلگەي!
ئەلۋىدا!

قارىسام روھىي ھالىتى تۈزۈكلا يېتىپتۇ. كۆرۈشۈشىمىز بىلەن ئورنىدىن قىينالمايلا تۇرۇپ سافادا ئولتۇردى. مەرھۇمنىڭ يېقىنلىرىنى سېغىنىپ تۇرغانلىقىنى، قېنىپ - قېنىپ مۇڭداشقۇسى كېلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇياق - بۇياقتىن، ئۇ ھەم بۇلاردىن بولۇپ ئۇزۇن مۇڭداشتۇق. ئۇ ئاخىرىدا «مانا توپ - توغرا 45 يىل بوپتۇ، بارلىقىمىزنى پارتىيە ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۈچۈن، مىللىتىمىز ئۈچۈن سەرپ



قىلدۇق ... مانا 10 يىل بولدى، ھۆكۈمەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى تۇتتۇم، ئەمدى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، خىزمەتتە بىخەستەلىك قىلماپتىمەن، داۋالىنىشقا سەل قاراپ مۇشۇ ھالغا يېتىپ قالدىم، بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇنىڭغا ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپىنىڭ، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، مەكتەپ باشقۇرۇش شەرت - شارائىتىنى ئوبدان ياخشىلاپ كېتەلمىدۇق، مىللىي مائارىپىمىزنىڭ قىيىنچىلىقى كۆپ، ساپاسى تۆۋەن، مانا بۇ مېنى تولىمۇ ئۆكۈندۈرىدۇ، بۇ ئېغىر يۈكنى كېيىنكىلەر كۆتىرە» دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ دورىسىنى ئىچىۋېلىپ يەنە مۇڭداشتى. قەدىرگە يېتەلەيدىغان بولساق، ئۇ خەلقىمىزنىڭ يۇقىرى ساپالىق سادىق ئوغلانى ئىدى. ئۇ بىزگە بىرقانچە جەھەتتىن قىممەتلىك نەمۇنىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مەرھۇمنىڭ ھاياتى — پاك - دىيانەتلىك بىلەن ئۆتكەن ھايات.

مەرھۇم ئىمىنوف ھامۇت ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبىرىي كادىر ئىدى. ئۇنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق، ئاق كۆڭۈل، پاك دىيانەتلىك، بىلىملىك، كەمتەر، كەڭ كادىرلارنى، زىيالىيلارنى، ئاممىنى ئۆزگە ئۇستاز تۇتۇشقا ماھىر، ئامما بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان، بىر ئۆمۈر ئۆزىنى دېمەي پارتىيە، خەلق، مىللەت ئۈچۈنلا ئىشلىگەن، ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇنتۇلماس ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرغان، ئالىي پەزىلەتلىك بىر رەھبەر ئىدى.

ئىككىمىزنىڭ ھەمسۆھبىتىدە دائىم «··· يەيدىغىنىمىز، كىيىدىغىنىمىزنى، ھەتتا مائاشىمىزنى ۋە ھەممە پاراۋانلىقىمىزنى خەلق بېرىدۇ ۋە خەلق تەمىنلەيدۇ. بىزنىڭ خەلقتىن ئالىدىغىنىمىز كۆپ، بېرىدىغىنىمىز ئاز بولۇۋاتىدۇ، ھەرگىز بۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش - خەلق ئىچىدە ئەمەس، خەلق بېشىدا تۇرۇش بولىدۇ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭكىنى ئۆزىنىڭكى قىلىۋېلىش، خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ قاقتى - سوقتى قىلىش، خەلقىمىزنىڭ تېخى كەمبەغەللىكىنى، مىللىتىمىزنىڭ تېخى بەكمۇ نامرات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، خەلقنىڭ قان - تەرى ھېسابىغا سەمرىپ قورساق سېلىپ، ‹ئاكاڭ قارىغاي› دەپ جاھانغا پاتماي كېرىلىپ، ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆزگە ئىلماي يۈرۈش، خەلقنىڭ دەرت ھەسرىتى بىلەن كارى بولماي يۈرۈش كەچۈرگۈسىز نومۇس» دەيتتى. بىرىنچى ئەۋلادىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان ئايرىم ساندىكى ئەسكىلەردىن باشقا ئاساسىي گەۋدىسى پاك - دىيانەتلىك ئىدى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق خەلقنىڭ چاكىرى ئىدى. ئۇلار مائاشى، باشقا تېگىشلىك بەھرىمەن بولىدىغانلىرىدىن باشقا خەلقنىڭ پۇل - مېلىغا قول ئۇزاتمىغان، قول - پۇتى پاكىز ئۆتۈشكەن ئىدى.

مەرھۇم ئىمىنوف ھامۇتنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقىرى ئورنى بار ئىدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىچىدە ئىناۋىتى، ئامما ئىچىدە ئابرويى بار ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەرھۇمنىڭ كۆزى يۇمۇلغىچە ئۇنىڭ تۇرمۇشى كەڭ كادىرلارنىڭ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىلىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ماڭا شۇنداق ئېنىقكى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتۈپ كەلدى. مەرھۇمنىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە يېزىپ



قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەسىيەتنامىسىدا مۇشۇ نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن. «مەن ئاپاڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندا ئۆيىمىزدە بىر يوتقان - كۆرپە، بىر پارچە كىگىزىمىز بار ئىدى ··· ئازاد بولۇپ 5 - 6 يىل ھەربىي تەمىنات بىلەن تۇرمۇش كەچۈردۇق، كېرەكلىك ئاددىيلا ئۆي جابدۇقلىرىنىمۇ ئارىيەت ئېلىپ ئۆتتۇق ··· مەمۇرىيەتكە چىقىپمۇ قانچە يىل ئۇزۇكچىلىك بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىمىز بولمىدى، ھەممىنى دېگۈدەك ئىجارە تۆلەپ ئۆتۈپ تۇردۇق ··· ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› دا ئانچە مۇنچە بار نەرسىلىرىمىز ئېلىپ كېتىلىپ، ھەرقايسىمىزغا ئېيىغا 15 يۈەندىن تۇرمۇش پۇلى بەرگەندىمۇ لېۋىمىزنى چىشلەپ ئۆتۈپ، بىلىندۈرمەي ئۇچىغلارنى (3 پەرزەنتىنى) مەكتەپتىن قالدۇرماي ئوقۇتتۇق ··· ھەرقايسىڭلاردىن ئاتاڭلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلققە يۆلەنمەي، تەشكىلگە ئېسىلىۋالماي، ئۆز ئەمگىكىڭلارغا يۆلىنىپ، تىرىشچانلىق ۋە ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆتۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ··· ھەر كىمنىڭ چىرىغى ئۆزىنى يورۇتىدۇ، باشقىلارغا يۆلىنىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزىمەن دېيىش ئۆتكەن نادانلىق ··· ھازىرقى زامان ئاتا - ئانىسىدىن بالىلىرىغا يەر - مۈلۈك دۇنياسى، دەپنە مىراسلىرى قالدۇرۇلىدىغان زامان ئەمەس، مەندىنمۇ سىلەرگە شۇنداق بولىدۇ ··· مەن پۈتۈن ھاياتىمدا كۆپ ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈردۈم، ھازىرقى ئورنۇمغا ئاسان ئېرىشمىدىم، قانداقلا بولمىسۇن پارتىيىگە، خەلققە ھەسسەم بولغانلىقى ئۈچۈن خەلق ئىچىدە، زىيالىيلار ئىچىدە مەلۇم ئىناۋىتىم بولدى، مەن ئۆز مىللىتىم ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغان ۋە قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلدىم. مەندىن كېيىن سىلەر ھەرگىز مېنىڭ نامىمغا

نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار، بۇ مېنىڭ سىلەردىن كۈتۈدىغان ئۈمىدىم» دېگەنلەرنى تەكرار يېزىپ قالدۇرغان.

مەرھۇم ئىمىنوف ھامۇت بىزلەرگە نۇرغۇن نەمۇنىلارنى قالدۇردى، مەرھۇمنىڭ ھاياتى ھەقىقەتكە، تەرەققىياتقا ئىنتىلگەن ھايات، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن، ئوچۇق - ئاشكارا بولغان، پاك - دىيانەتلىك بىلەن ئۆتۈپ ئۆزىگە ھېچقانداق داغ تەگكۈزمىگەن ھايات. مەرھۇمنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكىنى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىنى كەڭ ئېچىش، شىنجاڭنى كەڭ ئېچىش، ۋەتەنگە، خەلققە، مىللەتكە بەخت كەلتۈرۈش ئۇلۇغۋار ئىشىمىزدا ئەسقاتىدۇ ۋە باشقا گۈللەر بىلەن بىرگە پورەكلەپ چېچەكلەيدۇ.

مەرھۇمنى مەڭگۈ سېغىنىش - ئوتلۇق قەلبداشلىقىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يېنىپ بارىدۇ.

ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدىن



# يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن بىرنەچچە ئاتاقلىق مۇزىكانت توغرىسىدا

ئېلى ئېزىز

## تالانتلىق مۇزىكانت جۇمە مۇقام

جۇمە مۇقام — جۇمە كەشمىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، خۇش ناۋا مۇقام ئېيتقۇچى بولۇپ، 1750- يىللىرى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، 7 - 8 ياشلىرىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى قىزىقىرىپ ئۆگەنگەن. يېزا مەشرەپلىرىگە بېرىپ خەلق ناخشىلىرى، داستان نەغمىلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلاپ، ئاخىرى يېزا - بازىرىدىن ئۆزىگە لايىق كىچىك بىر دانە راۋاپ ئېلىپ خەلق ناخشىلىرىنى راۋاپ بىلەن ئورۇنلاش بىلەن خەلق ئىچىدە «جۇمە راۋاپ» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇ، ساۋاقداشلىرىغا ھەر ئاخشاملىرى راۋاپ تەڭكەش قىلىپ ناخشا - قوشاق ئېيتىپ بېرىپ، كىچىك دوستلىرىنى ئۆزىگە رام قىلغان.

جۇمە راۋاپ 15 ياشلارغا كەلگەن چاغلىرىدا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاپ مەدرىسىگە بېرىپ ئوقۇتىدۇ. جۇمە راۋاپ مەدرىستە 3 يىل ناۋايى، لۇتفى، ھوۋەيدا. . . قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ۋە خەلق داستانلىرىدىن «غېرىپ - سەنەم» ، «لەيلى- مەجنۇن» ، «يۇسۇپ- ئەخمەت» ،

«تاھىر - زۆھرە»، «رابىئە - سەئىدىن» ... قاتارلىق ئەسەرلەردىكى بېيىت - ناخشىلارنى راۋاپ بىلەن چالالايدىغان بولىدۇ. ھەر كۈنى كەچتە تالىپلار ئارا ھۇجرا مەشرىپى — مۇزىكىلىق ئولتۇرۇش ۋە ئىلمىي مۇتائىلە (مۇزاكىرە) لەر ئۇيۇشتۇرۇشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

جۇمە راۋاپ 20 ياشلارغا كەلگەندە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە خان ئېرىق رايونىدىكى تالانتلىق مۇقامچى نىياز ئەلنەغمە، داستانچى مۇزىكانت ناسىر ئورۇق گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، يۇرت ئارىلاپ داۋاملىشىدىغان چوڭ - چوڭ مەشرەپ، توي بەزمىلەرگە تەكلىپ قىلىنىپ كىشىلەرنىڭ نەزەر - ئېتىبارىغا ئىگە بولىدۇ.

جۇمە راۋاپ «12 مۇقام» نى تېخىمۇ تولۇقلاش ئىشتىياقىدا، «12 مۇقام» نى قېلىپقا سېلىپ بىر قانچە مۇقامچىلارنى يېتىشتۇرگەن ئالىم قىدىرخان، خانىش ئامانىسا خانىملارنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەنگە بارىدۇ، ئەمما مۇقام ئۇستازلىرىدىن بىرنەچچىسى بىلەن ئۇچرىشىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋارىسلىرىمۇ سوپى ئىشانلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، مۇقام ۋە مۇقامشۇناسلار تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانلىقتىن ھايات قالغان مۇقامچىلار تارقىلىپ كەتكەنىدى. جۇمە راۋاپ ئاخىرى مەكىت رايونىغا بېرىپ توخنىياز قالۇن① دېگەن كىشىنى تاپىدۇ.

توخنىياز قالۇن مۇقام ئۇستىسى، سەئىدىيە خانى ئىسمايىلخان ھۇزۇرىدا «12 مۇقام» ئورۇنلاش كەسپى بىلەن

① توخنىياز قالۇننىڭ 5 - ئەۋرىسى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور مۇساجان روزى.



شۇغۇللانغان بولۇپ، يەكەن شەھىرى ھەدىگەرلىكنىڭ شىمالىدىكى كۆنچى مەھەللىسىدىكى دۆڭلۈكتە تۇغۇلغان، مۇقام ئېيتىشتا «توخنىياز قالۇن» دەپ نامى مەشھۇر بولغان. جۇمە راۋاپ مەكتەپتە ئۇنىڭدىن «12 مۇقام» نى تولۇقلاپ ئۆگەنگەن ئىكەن.

جۇمە راۋاپ مەكتەپتىن مارالبېشى، پەيزىۋات، قەشقەر كونىشەھەر، ئوپال، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق، يېڭىسار قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاكا ۋە بوۋىسى قاۋۇل ئاكىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، يوشۇرۇنچە ھەمسۆھبەتتە بولۇپ ئۆزىنىڭ «12 مۇقامى» نى ئورۇنداش (مۇستەقىل ئورۇنداش) سەۋىيىسىنى يېتىلدۈرىدۇ.

بۇ چاغلاردا سوپى ئىشانلارنىڭ غەلۋىسى ئەدەپ كەتكەن بولغاچقا، جۇمە راۋاپ سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ كەشمىرگە بېرىپ بىر مەزگىل مۇقامچىلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، كېيىن ئافغانىستان ۋە تاشكەنت، يەركەنتلەردە «12 مۇقام» نى خەلق ئىچىگە تارقىتىدۇ.

بۇ زاتنىڭ ئاخىرقى ھاياتىنىڭ قەيەرلەردە ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمائاتا «يازغۇچىلار» نەشرىياتى 1987- يىل نەشر قىلغان «12 مۇقام» ناملىق كىتابىدىمۇ جۇمە كەشمىر (راۋاپ) نىڭ قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن.

## مەشھۇر مۇقام پېشىۋاسى ئىسلام تەمبۇر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى

داڭلىق مۇقام پېشىۋالىرىدىن مەشھۇر ئىسلام تەمبۇر 1831-

يىللىرىدا قەشقەر شەھىرى قۇم دەرۋازا مەھەللىسىدە سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان ھەم سازەندىلىكتە تەربىيىلەنگەن. كېيىنچە ئىسلام تەمبۇر دادىسىغا ئەگىشىپ كىچىككىنە تەمبۇرى بىلەن داستان نەغمىلىرىگە بىمالال تەڭكەش قىلالايدىغان بولغان. بۇ چاغدا ياقۇپ بەگ قەشقەردە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ شەھەر سېپىلى سوقتۇرغان كۈنلىرىدە ياش مۇزىكانت ئىسلام تەمبۇرمۇ سېپىل سوقۇش ھاشىرىغا تۇتۇلىدۇ. ئىسلام تەمبۇر ئاخشاملىرى ھاشارچى دوستلىرىغا تەمبۇر چېلىپ داستان نەغمىلىرى بىلەن ھاشارچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. كېيىن ئىسلام تەمبۇرنىڭ مۇقام - داستان نەغمىلىرىنى ئاجايىپ دىلكەشلىك ماھارەت بىلەن ئورۇندايدىغانلىقى ياقۇپ بەگنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ - دە، ئىسلام تەمبۇرنى ئوردىسىدىكى مۇقامچىلار گۇرۇپپىسىغا قوشۇپ نەغمىچى ھەم ئائىلە خىزمەتچىسى (چاكار) قىلىۋالىدۇ.

بۇ مەزگىللەردە ئىسلام تەمبۇر بايىز ئاخۇن ساتار، ھىلىم - سېلىم لاردىن چوڭ نەغمە، داستان نەغمىلىرى بىلەن «12 مۇقام» نى مۇكەممەل تولۇقلاپ، ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت زۇلۇملارغا چىداپ، بىجاندىل خىزمەت قىلغانلىقتىن، ياقۇپ بەگ شەرققە يۇرۇش قىلىش سەپىرىدە ئىسلام تەمبۇرنى يول بويى ئات ئۈستىدە ساز چېلىپ مۇقام ئېيتىشقا مەجبۇرلايدۇ. «يول ئازابى - گۆر ئازابى» دېگەندەك ئۇزۇن چۆل - جەزىرىلەردە تەمبۇر چېلىپ، مۇقام ئېيتىپ بايىنىڭ سايرام رايونىغا (موللا مۇسا سايرامىنىڭ يۇرتى) غا كەلگەندە ياقۇپ بەگنىڭ بىر ئەسكىرى سايرام بازىرىدا بىر قېرى ئايال قېتىق ساتقۇچىنىڭ بىر ساپال تاۋىقىدىكى قېتىقىنى ئىچىپ پۇلىنى بەرمەي كېتىپ قالىدۇ.



قېتىقچى ئايال ياقۇپ بەگ چۈشكۈن قىلغان چېدىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «دات پادىشاھى ئالەم! بىر نەۋكىرىڭ قېتىقىمنى ئىچىۋېلىپ پۇل تۆلىمىدى. مەن قېتىقچىلىق بىلەن بەش بالامنى باقىدىغان كەمبەغەل خوتۇن. . . . !» دەپ پەرياد كۆتۈرىدۇ. ياقۇپ بەگ پۈتۈن لەشكەرلىرىنى يىغدۇرۇپ:

— قېتىق ئىچكەن نەۋكەر قايسىڭ؟ — دېگەندە، پۈتۈن ئەسكەر زۇۋان سۈرمەيدۇ. ياقۇپ بەگ ھېلىقى قېتىقچى مومايغا:

— ھەي مەزلۇم! قېتىقىڭنى ئىچكەن ئەسكىرىمنى تونۇمسەن؟! — دەپ سورايدۇ. قېتىقچى بىر ئەسكەرنى كۆرسىتىدۇ. ياقۇپ بەگ ئۆز ئەسكىرىنىڭ پەريات ئېيتقىنىغا قارىماي قارنىنى خەنجىرى بىلەن يارغاندا قان ئارىلاش قېتىقمۇ چاچراپ چىقىدۇ.

ھېلىقى قېتىق ئىچكەن يىگىت ئىسلام تەمبۇر بىلەن بىر مەھەللىلىك بولۇپ، بىر تاۋاق قېتىق ئۈچۈن قۇربان بولغانلىقىغا ئىنتايىن ئېچىنىدۇ. . . .

ياقۇپ بەگ سايرامدىن قوزغىلىپ، كۇچادىكى راشىدىن خانلىقىنى پەتىھ قىلىش يولىغا مېڭىپ سايرامدىن قىزىل دېگەن ئۆتەڭگە كەلگىچە ئىسلام تەمبۇر مۇقاممۇ ئېيتماي ئىچىدە يىغلاپ ماڭىدۇ. قوشۇن كېچىدىمۇ نەۋكەرلەر ئاۋازسىز ھازىدار يۇرۇش قىلىۋاتقاندا ياقۇپ بەگ:

— ھەي ئىسلام، ئۇنۇڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىغۇ؟! ناۋا قىل! — دەيدۇ.

ئىسلام تەمبۇر ئىلاجىسىز تەمبۇرنى مۇڭلۇق ئاۋازغا تەڭشەپ مۇقامنىڭ ئاخىرقى بىر كۇبلېتىغا تۆۋەندىكى بېيىتنى قوشۇپ:

......

ئا! ... ھەي ... خۇدايىما! ! !
ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ،
زامانىڭنى تار.
سەگلىرىڭنى بەگ ياراتتىڭ،
بەندىلىرىڭنى خار! ...

دەپ ئېيتقىنى ئۈچۈن، ياقۇپ بەگ ئىسلام تەمبۇرنى ئۇردۇرۇپ، سۆكسۆك ئاتقا مىندۇرۇپ سايرامدىن كۇچاغىچە ئېلىپ بېرىپ، ئىمجان ئىسلام تەمبۇرنى كۇچادا تاشلاپ قويۇپ كورلىغا ماڭىدۇ. ياقۇپ بەگ كورلىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئىسلام تەمبۇر قاماقتىن چىقىپ كۇچا خەلقىنىڭ ياردىمىدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىدۇ. كۇچادىكى مۇزىكانت مۇقامچىلار ئۇنى ئۆز گۇرۇپپىسىغا قوبۇل قىلىدۇ. ئىسلام تەمبۇر كۇچادا ئۆيلەنگەن ئايالىدىن ئىبراھىم قارى، ئەلانۇر خېنىم ئاتلىق ئىككى پەرزەنت كۆرىدۇ ۋە بۇ ئىككى بالىسىنىمۇ مۇقامچى، ئەلنەغمىچى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

بۇ ئىككى پەرزەنتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۇسەن مۇقاملىرىنىڭ داڭدار مۇقامچىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئەلانۇرخان كۇچادىكى دىلەيساخان، زەيتۇنەخان ئەلنەغمە، نىساخان جىلدىر (دۇتتارچى) قاتارلىق ئايال نەغمىچىلە قاتارىدا نام چىقىرىدۇ.

ئەلانۇر خېنىم ئاكىسى ئىبراھىم قارى بىلەن بىرلىشىپ ئاتىسى ئىسلام تەمبۇردىن ئۆگەنگەن «12 مۇقام» نى ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۇسەن ئەلنەغمىلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ شوخلۇققا تەرەققىي قىلدۇرغان. ئىبراھىم قارى كۇچادىكى بايىز ئاخۇن ساتار (باي قېيىرلىق)، كېيىنكى



ۋاقتىدا مەشھۇر سەنئەتكار ھاشىم ھاجىم گۇرۇپپىسىدا تۇرىدۇ، ئەلانۇر خېنىم، نىساخان دۇتتار، زەيتۇنەخان ئەلنەغمە قاتارلىق ئايال ئەلنەغمىچىلەر گۇرۇپپىلىرى كۇچا ۋاڭى مەھپۇز خوجا ئوردىسىغا بەنت قىلىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ ئايال ئەلنەغمىچىلەرنى خەلقنىڭ توي - مەرىكىلىرىگە قاتناشتۇرمىغان. بۇ ئايال ئەلنەغمىچىلەر دۆپ بېگىنىڭ (مىڭ ئۆيلۈكنىڭ بېگى) قىز تويىغا بېرىپ نەغمە قىلغانلىقى ئۈچۈن مەھپۇز ۋاڭنىڭ كىچىك ئوغلى (كىچىك غوجام) بو ئۈچ نەپەر ئايال ئەلنەغمىچىنى يالىڭىداق ھالدا ساز چالدۇرۇپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ، ئوردىغا ئاپىرىپ، ئات - ئېشەك ئېغىلىغا سولاپ: سەنلەر ئوردا نەغمىكەشلىرى تۇرۇپ، ئوردىنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرۈپ دۆپ بېگىنىڭ قىز تويىدا نەغمە قىلغانلىقلىرىڭ ھايۋانغا نەغمە قىلغانلىقىڭ بىلەن ئوخشاش، — دەپ بىر سوتكا تاماق بەرمەي، ھايۋانغا نەغمە قىلدۇرغان.

ئىسلام تەمبۇرنىڭ ئوغلى ئىبراھىم قارى ئۆلكە ئازادلىقىغا قەدەر مەشھۇر سەنئەتكار ھاشىم ھاجىم مۇزىكانتلار گۇرۇپپىسىدا «12 مۇقام» ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىدا دادىسى ئىسلام تەمبۇرنىڭ مۇقامنى ئورۇنلاش ئۇسلۇبىنى ئۆگەنگەن. ئىبراھىم قارى 1951 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىپ، «12 مۇقام» نىڭ بىر قانچە پارچىلىرىدىن ئۇسسۇللۇق ناخشىلارنى ئىشلەش - رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

## مەشھۇر ئەلنەغمىچى سىبىت ساتار

«12 مۇقام» داستان نەغمىلىرىنىڭ ئاتۇش نەزمىلىك

نەغمىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا داڭقى چىققان سېيىت ساتار هاياتىدا «12 مۇقام» داستانچىلىقى، ئاتۇش ناخشىلىرىنى ساتار - تەمبۇر، راۋاپ قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرى بىلەن ئورۇنداپ، خەلق ئىچىدە «سېيىت ساتار — سېيىت ئەلنەغمە» دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر بولغان.

سېيىت ئەلنەغمە 1930- يىللىرىدىكى مەشھۇر مائارىپچى مەرىپەتپەرۋەر، كومپوزىتور ۋە شائىر مۇھەممەدئېلى تەۋپىق ئەپەندىم ئىجاد قىلغان ئوقۇغۇچىلار مارشى، خەلق داستانلىرى، ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىنى ساتار، تەمبۇرلىرىغا تەڭكەش قىلىپ ئەل ئىچىگە تارقاتقان.

ئۇ يىگىتلىك قورامىغا يەتكەن چاغلاردا ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدە شىۋىسى، پۇراق ئۆزگىچىلىكى، شوخلۇقى، كۆتۈرەڭگۈلۈكى ... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ ئەلنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان، بۇنداق ناخشا - داستانلىرىنى ئاتۇش خەلق مۇزىكا پەدىلىرىدە (مېلودىيىلىرىدە) ئورۇنداشتا ئالاھىدە خاراكتېرلىنەتتى.

ئۇ چوڭ سورۇنلاردا، مەشرەپ بەزمە، نورۇز ئايەملىرى، كەچكى ئولتۇرۇشلاردا «غېرىپ - سەنەم»، «يۈسۈپ - زىلەيخا»، «پەرھات-شىرىن»، «تاھىر - زۆھرە»، «رابىئە - سەئىدىن»، «سېيىت نوچى» ... قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى ئورۇنلاشتا دېھل ئۈستىدە كىتابنى ئېچىپ قويۇپ، كىتابقا قاراپ، ناخشا كەلگەن يېرىدە ساتار ياكى تەمبۇرى بىلەن ئاھاڭلىق ئورۇنلايتتى. مەشرەپ - يىغىن ئەھلى ئۇنىڭ سۇزۇك، مۇڭلۇق ئاھاڭىغا، جاراڭلىق مۇزىكىسىغا مەھلىيا ئىدى.

سېيىت ئەلنەغمىنى يۇرت - يۇرتلاردىن كىشلەر تەكلىپ



قىلىپ نۆۋەت ساقلايتتى. ئايەم (تۇنەك) كېچىلىرى ئۆي - ئۆيلەردىكى تۇنەكچىلەرگە داستان ئېيتىپ بېرەتتى، ئادەتتە بىر داستاننى ئىككى سائەتتە تاماملاپ بولاتتى.

ئۇنىڭ «لەيلىگۈل» دېگەن ناخشىسىنى 1955- يىلى جۇڭگو شىنجاڭ سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى پاتەم قۇربان ئورۇنلىغاندا، سابىق سوۋېت ئۆزبېك شائىرى غولام غوپۇر قاتارلىق پۈتۈن تاماشىبىنلار ئورنىدىن تۇرۇپ بارىكاللا ئېيتىشقان ۋە ئىنتايىن تەسىرلەنگەن. سېيىت ئەلنەغمە 1952- يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتچىلىرى كۆرىكىدە ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكى ئۇنىڭ «دوست خېنىم»، «روزىلەم»، «مىراجىخان جېنىم بالام» «يادوست» ... قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلىك ناخشىلىرىنى «ئاتۇش قىزلار ئۇسسۇلى» دېگەن نام بىلەن سەھنىلەشتۈرگەن. كېيىن 1954- يىلى 2- قېتىم خەلق سەنئەتچىلىرى - سەنئەت كۆرىكى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەندە سېيىت ئەلنەغمە ئۆزىنىڭ 79 ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن.

شۇ چاغدا ئۇ روزىخان ئەخمىدى، ئايشەم ئابدىرېھىم، ئازادەم روزى... قاتارلىق ناخشىچىلارغا بىرنەچچە ئاتۇش ناخشىلىرىنى ئۆگەتكەن ئىدى.

سېيىت ئەلنەغمە 1875- يىلى ئاتۇش ئازاقتا دۇنياغا كېلىپ، 1954- يىلى 79 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇنىڭ بىزگىچە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاتۇش پۇراق مۇزىكا، ناخشا - داستان، قوشاق سەنئىتى سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ دەۋرىمىزدە هاياتىي كۈچىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرماقتا.

## داڭلىق ئۇسسۇل ئەربابى، رېژىسسور ھەمراخانىمنىڭ سەھنىدىكى 60 يىللىق ھاياتى

ھەمراخانىم 1922- يىلى قەشقەر پەيزىۋاتلىق روزى ئاخۇن ياغاچچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. روزى ئاخۇن ئۇستام 1911- يىللىرى قەشقەردىن توقماق (پىشكەنت) تەۋەسىگىچە سىمتاناپ تۇۋرۇكى ئورنۇتۇش ئىشى بىلەن پىشكەنتكە بېرىپ تۇرۇپ قالغان جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ، ئۇ قىزى ھەمراخانىمنى 10 ياشقىچە پىشكەنت يېڭى مائارىپ باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتىدۇ. ھەمراخانىم مەكتەپتە بالىلار سەنئەت كۇرژىكىگە قاتنىشىپ، بالا ئۇسسۇلچى بولۇپ كۆزگە كۆرۈنىدۇ.

ھەمراخانىم 1933- يىلى ۋەتەنگە قايتىپ ئائىلىسى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ماكانلىشىدۇ ۋە ئۆزبېك مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىپ، مەكتەپتە ئوقۇشتىن سىرتقى سەنئەت كۇرژىكىدە، كېيىنچە ئۆزبېك ئۇيۇشمىسى سەنئەت ئۆمىكىدە، ئىشتىن سىرتقى پائالىيەتلەردە ئۇسسۇل، لەپەر نومۇرلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ كۆزگە كۆرۈنىدۇ. كېيىن رەسمىي سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ غۇلجىدىكى سەنئەت ئورۇنلىرىدا ئۇسسۇلچى، لەپەرچى ئارتىسلىق قىلىپ، 1944- يىلى ئۆكتەبىردە ئانا ماكانى پەيزىۋات ناھىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، ئۇسسۇل رېژىسسورلۇقى، ئۇسسۇلچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇسسۇلدىكى ماھارىتى بىلەن قەشقەر رايونى بويىچە داڭق چىقىرىدۇ.

1947- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ، 1953- يىلغىچە ئۆمەكنىڭ ئۇسسۇلچىسى ھەم



ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزبېك تەنەۋەر ئۇسسۇل مۇزىكىسىدىن پايدىلىنىپ «ئاياللار ھۆرلىكى»، «ئەمگەك ئۇسسۇلى»، «بوستان ئۇسسۇلى»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «ئۇشاق مۇقام مەرغۇلىغا ئۇسسۇل» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرىدۇ. لەپەرلەردىن «باھار كەلدى»، «سۇ بويىدا» قاتارلىق نومۇرلارنى سەھنىلەشتۈرىدۇ. «غېرىپ - سەنەم» تىياتىرىدا سەنەمنىڭ رولىنى ئوينىغان ھەم كېنىزەكلەر ئۇسسۇلىغا رېژىسسورلۇق قىلىدۇ.

«تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىدا موڭغۇل پادىشاھ قىزىنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلايدۇ. كېنىزەكلەر ئۇسسۇلىنى ئۆگىتىدۇ. باش رولدىكى زۆھرەنىڭ ئوبرازى ۋە ھەرىكەتلىرىگە رېژىسسورلۇق قىلىدۇ. «ئارشىن مال ئالان» ئوپېراسىدا باش رولچى گۈلچېھرىنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلايدۇ.

ھەمراخانىم ئۇسسۇل سەنئىتىدىلا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپلا قالماي، يىرىك سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈش ئىشلىرىدىمۇ بىر ئۆمۈر ئەمگەك سىڭدۈرگەن.

ھەمراخانىم 1953- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئانسانبىلىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، «تەنەۋەر»، «ئاتۇشچە ئۇسسۇل»، «ئاياللار ھۆرلىكى»، «بوستان»، «يالغۇز ئۇسسۇل»، «سۇ بويىدا»، «كەشتىچى قىز ئۇسسۇ-لى»، «ئىستانوكچى قىزلار»، «كۆمۈر كانچىلار ئۇسسۇ-لى»، «توقۇمىچى قىزلار ئۇسسۇلى»، «ئاتۇش يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلى» (بۇ ئۇسسۇلنى سائادەت ئوينىغان)، «ئەمگەك ئۇسسۇلى» (كوللېكتىپ)، «ئالما ئۈزۈش ئۇسسۇلى»، «گۈل تاللاش ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلىدۇ، رەتلەيدۇ ۋە رېژىسسورلۇق قىلىدۇ.

1953ـ يىلى 8ـ ئايدا يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە چاۋشيەن خەلقىدىن ھال سوراش ئويۇن قويۇش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى. ئۇ چاۋشيەن فرونتلىرىدا يېرىم يىل ئويۇن قويۇپ 1954ـ يىلى 2ـ ئايدا غەلىبىلىك ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. 1958ـ يىلىغىچە ئۆمەكنىڭ بەدىئىي سەنئەت ـ ئۇسسۇل ئىجادىيىتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى زاۋۇت، كارخانىلاردىكى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىلىرىدىكى ھەۋەسكارلارغا يېتەكچىلىك قىلدى. 1955ـ يىلى ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتىدىكى سەنئەت گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىشچىلار ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇرۇپپىسىغا 20 نەپەر سەنئەتچىنى تەييارلاپ، كۆرەكتە 2ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى.

1958ـ يىلى سېنتەبىردە مەدەنىيەت نازارىتى ھەمراخانىمنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە رېژىسسورلۇققا ئەۋەتتى. ھەمرا خانىم قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، يەرلىك رەھبەرلىكنىڭ تەستىقى بىلەن 10 نەپەر ياش ئۇسسۇلچىنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا مەكتەپلەردىن تاللاپ، 1959ـ يىلى 2ـ ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقتى. قۇمۇل خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت ئالاھىدىلىكى، ئۆزگە خاسلىقىغا ئاساسەن ئۇسسۇل ئىجادىيىتى، ئۇسسۇللارنى رەتلەش، ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە خەلق مەشرەپلىرىنى قېزىپ بۇگۈنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا ھارماي مېھنەت قىلدى.

ھەمرا خانىم ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، 70 نەچچە يىل ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ چېنىققاچقا،



تېنى ساغلام، روھى جۇشقۇن، خاتىرجەم ياشىماقتا. ئۇ قىزى تامارانىمۇ (شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىسى) ياخشى تەربىيىلەنگەنلىكتىن، ئۇمۇ ئۇسسۇل كەسپى رېژىسسورلۇقى بىلەن، شۇنداقلا ياش ئۇسسۇلچىلارنى تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ھەمرا خانىم ئۇسسۇل ئىلمى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: — ئۇسسۇل تىلى بىلەن بىرەر ۋەقەلىكنى (ھېكايەتنى) ئۇسسۇلدا ئىنكاس قىلىپ لەززەتلەنگىدەك ھالەتكە يەتكۈچە، ئۇنىڭغا كۆپ ئېنېرگىيە، ئەقىل، پاراسەت كۈچى سەرپ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن بىر ئۇسسۇلنىڭ ھېكايىسى، مەزمۇنى، مۇزىكا بىرلىكى، مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل تىلى، ئۇسسۇل تىلى بىلەن مۇزىكا تىلى بايان قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكۈچە ئاز بولمىغان ئېنېرگىيە سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەمراخانىم بۇ ئىدىيىنى ھەر بىر يېڭى ئۇسسۇل نومۇرلىرىغا سىڭدۈرگەن.

ھەمرا خانىمنىڭ «ئاياللار ھۆرلىكى» دە ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئىجتىمائىي ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئاياللارنىڭمۇ ئورنى بولۇشى كېرەك» دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن.

## ئۇسسۇل پەرىسى نۇرنىسا ئىسمايىل

مەملىكىتىمىزدە «ئۇسسۇل پەرىسى» دەپ داڭقى چىققان مەملىكەتلىك 2ـ دەرىجىلىك ئالىي ئۇسسۇل سەنئەتكارى نۇرنىسا ئىسمايىل قىزى 1939ـ يىلى ئاتۇش قايىراق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئاتۇشتا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان دەۋرلەردە (8 يېشىدا) مەكتەپ ساۋاقداشلار سەنئەت

كۆرژىكىدە ئۇسسۇل ھەۋەسكارى ئىدى.

ئۇ 1953- يىلى غەربىي شىمال سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا تاللىنىپ، مەشھۇر ئۇسسۇل پېشۋاسى قەمبەرخانىم قاتارلىق پروفېسسورلار تەربىيىسىدە 3 يىل ئوقۇپ ئۇسسۇل ئەمەلىي ماھارىتى ۋە ئۇسسۇل نەزەرىيە بىلىم، ماھارەت ۋە مەشىق ئاساسلىرىنى ئىگىلەپ، 1955- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان.

ئۇ چاغلاردا ئۇسسۇل ئىجادىيىتى، ئۇسسۇل تەتقىقاتى ھەم ئۇسسۇل ئاساسى بولغان مەشىق، بەدەن مۇسكۇل پائالىيەتلىرى يوق ئىدى.

ئۇسسۇل كەسپى نەزەرىيە بىلىمى، ماھارەت جەھەتلەردە تەربىيىلەنگەن نۇرنىسا ئىسمايىل يېڭىچە قىياپەت ھەم ئىلمىي ئاساستا ئۇسسۇل ماھارىتى كۆرسىتىپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان نەپىس خەلق ئۇسسۇلىنى دۇنيا بالېت ئۇسسۇلى بىلەن مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈپ، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى سىڭدۈرۈپ، تېخىمۇ يارقىن، لىرىك، جەلپكارلىققا كۆتۈرۈپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكىتىمىز ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە بىر ئۈلۈش ئەمگەك سىڭدۈرگەن.

نۇرنىسا ئىسمايىلنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئۇسسۇل تەتقىقاتى، ئۇسسۇل ئىجادىيىتى، ئۇسسۇل مەشىقى، رېژىسسورلۇق قاتارلىق ئىلمىي گۇرۇپپا، ئىشخانا قۇرۇلغان.

نۇرنىسا ئىسمايىل ھاجى راخمان بىلەن بىرلىشىپ يىپەك يولى دىيارىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان — «ئەتلەسچى قىزلار ئۇسسۇلى»، «ئوقۇتقۇچىغا گۈل تەقدىم



قىلىش ئۇسسۇلى»، «ستودېنتلارنىڭ تاغقا ساياھىتى»، «باغۋەن قىزلار ئۇسسۇلى» غا باليت ئۇسسۇلى بىلەن مىللىي ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈشتە يېڭىلىق ياراتقان. ئۇ يەنە «پوچتالىيونچى قىز»، «قىز ئارزۇسى»، «ئىلاجىم قانچە؟» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، زامانىمىز قىزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۇسسۇل سەنئىتى ئارقىلىق تونۇشتۇرغان، مەدھىيىلىگەن.

نۇرنىسا ئىسمايىل مەكتەپتە ئالغان بىلىملىرىنى كەسپىي خىزمەت تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ «ئۇسسۇل ئىجادىيىتى»، «ئۇسسۇل تەپەككۇرى»، «ئۇسسۇل مەنبەسى ئەمگەكچى خەلق»، «ئۇسسۇل تۇرمۇشتىن كېلىدۇ»، «مۇزىكا ئىلمى، رېتىم، ئۇدار، تېما. . . قاتارلىقلار بىلەن ئۇسۇلنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ئۇسسۇل تىلى» . . . قاتارلىق تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلەپ ۋە مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇسسۇل ئارقىلىق ئاممىا بىلەن ئىچقويۇن، تاشقىيۇن بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۆمەكتە بىرنەچچە ئۇسسۇل ئىجادچىلىرى بارلىققا كەلگەن. نۇرنىسا ئىسمايىل ھاجى راخمان ئىجاد قىلغان «تارىم قىزى» (دولان ئۇسسۇلى)، «رومال ئۇسسۇلى»، «جانان چېنىدە بېيجىڭ چېيى»، «قىزىل گۈل ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئوينىغان. نۇرنىسا ئىسمايىل «گۈل ئۇسسۇلى» نى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئويناپ كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمەت - ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

«قىزىل گۈل ئۇسسۇلى» باش رولىدىكى نۇرنىسا ئىسمايىلنىڭ سەھنىدىكى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئوبرازى قاشتېشى تاراشچىلىرى تەرىپىدىن خوتەن قاش تېشىغا تاراشلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگىچە تارالغان (قىممەت باھادا سېتىل-

غان) ، «ئۇيغۇر ئۇسسۇل ھەيكىلى مۇزېيى» لىرىدە قويۇلغان.

نۇرنىسا ئىسمايىلنىڭ ئىچكىرىدە ئوينىغان «توز ئۇسسۇلى» نى كۆرگەن گوۋۇيۇەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى مەرھۇم لورۇيچىڭ نۇرنىسانىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ: — بۇ ئۇسسۇلنى نېپال قىزلىرىدىنمۇ ياخشى ئوينىدىڭىز. . . . رەھمەت سىزگە «نېپال قىزى» — دېگەن.

نۇرنىسا ئىسمايىل شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، زاۋۇت، كان، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئىجاد قىلىش ئىشلىرىنى قىزغىن ئىشلەپ ئۇلارنىڭ ئالقىش ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

نۇرنىسا ئىسمايىل ئۇسسۇل سەنئىتىدە سەھنە سەنئىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، شىنجاڭدا ئىشلەنگەن كىنو ئېكرانلىرىدىكى يارقىن ئوبرازلىرى بىلەنمۇ خەلققە تونۇلغان. «غېرىپ - سەنەم» كىنوسىدا غېرىبنىڭ ئانىسى، «يايلاقتىكى بۈركۈت» كىنوسىدا ئاساسىي قەھرىمان ئانىنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىغان. نۇرنىسا ئىسمايىل ھازىر پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ، كەسپداشلىرىغا ئۇسسۇل توغرىسىدا يەنىلا تەكلىپ ۋە پىكىر بېرىپ تۇرماقتا.

## ئۇيغۇر ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى ھاجى راخمان

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇل ماھىرى، ئۇسسۇل ئىجادچىسى، ئۇسسۇل رېژىسسورى ھاجى راخمان 1930- يىلى ئاتۇشنىڭ ئۇستۈن ئاتۇش يېزىسى يولچىلار كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە



دۇنياغا كەلگەن. ھاجى راخمان كىچىكىدىن باشلاپلا خەلقنىڭ باي، رەڭدار، نەپىس ئۇسسۇل سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلاپ ئاتۇش ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان «مەرخانە مەشرىپى» ۋە يەرلىك ئائىلە مەشرەپلىرى، توي - تۆكۈن، بەزمىلەردىكى ئۇسسۇللارغا ھەۋەس - ئىشتىياق باغلىغان.

ئۇ خەلقنىڭ قىممەتلىك روھى بايلىقى بولغان ئۇسسۇلدىكى ئۆزگىچىلىكى، نەپىس، مەردانە، شوخلىقى، سالماقلىقى. . . ۋە لېرىك شەكلىنى ئالغان لېگەن ئۇسسۇلى، سىنچاي ئۇسسۇلى قاتارلىق يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇسسۇللارنى ھازىرقى زامان سەھنىسىگە يېڭى تۈس كىرگۈزۈپ ئومۇملاشتۇردى.

ھاجى راخمان ئۇسسۇل ئوينىغاندا بېشىدا پىرقىراۋاتقان چىنە لىگەن گويا ناۋاينىڭ بېشىدىكى تەۋەڭدەك لەپەڭشىپ پىرقىراپ، گاھ گەدەنگە، مۈرىگە ۋە بەلگە ئايلىنىپ چۈشۈپ، قايتا يەنە بېشىغا چىقاتتى. ئۇ پىلدىرلىغۇچتەك پىرقىراپ، چاقپەلەكتەك ئايلىنىپ لېگەننى بېشىدا توختاتقاندا كۆرمىگلىغان تاماشىبىنلار ئۇنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ئالقىشلار ياغدۇراتتى.

ھاجى راخمان 1948- يىللىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا مەكتەپنىڭ سەنئەت كۆرۈكىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇسسۇلچى ئىدى.

ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە سوۋېت گىراژدانلار جەمئىيىتىنىڭ سەنئەت كېچىلىكلىرىنى كۆرۈپ، ئۇسسۇل سەنئىتىگە بولغان ئىشتىياقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. تاشپولات قاتارلىقلارنىڭ ۋە قاسىم ئاخۇن مۇقامشۇناسنىڭ

ئۇسسۇللىرىنى ئۆزلەشتۈردۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن 1952- يىلى ئاپرېل، ماي ئايلىرىدا سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان تۆت ۋىلايەت سەنئەت ئۆمىكى قەشقەر سوۋېت گرازدانلىرى سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرى بولۇپ 500 دەك سەنئەتچى قاتناشقان، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى سەنئەت مۇسابىقە ئويۇنىغا قاتناشقان ھاجى راخمان ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى پەن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

بولۇپمۇ رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ 1942 - يىل سەنئەت توغرىسىدا يەنئەندە سۆزلىگەن «يەنئەن نۇتقى» نى ئۆگىنىش مۇزاكىرىلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئاڭ - ئىدرىكى پەيدا بولىدۇ. شۇ چاغدا ھاجى راخمان ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قەشقەردىلا قوبۇل قىلىنىدۇ.

ھاجى راخمان 1952- يىلدىن 1982- يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل سەنئەت ئۆمىكىدە ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ۋە رېژىسسورلۇق تېخنىكىسىنى يېتىشتۈردى. ئۇ ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىلا راۋاجلاندۇرۇپ قالماي، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭمۇ ئۇسسۇلدىكى ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى، رايونلار بۇيىچە يەرلىك خەلق ئۇسسۇلىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئۇسسۇل سەنئىتى ئارقىلىق خەلق ئېڭىنىڭ ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي ئۆرپ ئالاھىدىلىكى، قەيسرانە پەزىلىتىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ تېمىسى قىلىپ، نەپىس، يەڭگىل بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇپ ئۇسسۇل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.



لايىق ئۆزگە خاس شەكىل، قويۇق مىللىي ئۇسلۇب، نەپىس ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە ۋە دۇنياغا تونۇتتى.

ئۇ شىنجاڭنىڭ تىلنى يارىدىغان باغ مېۋىلىرىدىن ئۈزۈمنى ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادە قىلىدىغان «ئۈزۈمچىلىك» ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلىپ ئەمگەكچى قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقان. «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى» 7 - قېتىملىق دۇنيا ياشلىرى فېستىۋالىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى. شۇنداقلا «قوغۇنچى قىز ئۇسسۇلى» 6 - قېتىملىق دۇنيا ياشلىرى فېستىۋالىدا كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

ھاجى راخمان مەركىزىي ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەكلىپ قىلىنىپ (1957- يىلى) بىر يىل ئىشلەش جەريانىدا مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۇسسۇل جەۋھەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇسسۇل ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبى، شەكىل ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشتەك ئىلمىي ئاساسىنى تولۇقلىدى. نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ھېسسىياتقا بايلىقى، ئۇسسۇل ئوبرازىنىڭ يارقىنلىقى، نەپىس ھەرىكەت شەكلىدىكى تەبەسسۇم، خۇشچىراي، ئوچۇق - يورۇقلۇقى ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى يېتەكچى ئىدىيە ئىدى. ھاجى راخماننىڭ ئىجادىي ئۇسۇللىرى «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «قىزىل گۈل ئۇسسۇلى»، «جانان چىنىدە بىيىجىڭ چېيى»، «ماۋجۇشىغا دوپپا تەقدىم قىلىش»، «چۆلدە ئېچىلغان كۈمۈش گۈللەر» (پاختىچىلىق)، «پاختىكار

قىزلار» ، «پىلىچى قىز» ، «تارىم دولقۇنلىرى» ، «شامال ئاغزىدىن ئاشلىق ئېلىش» ، «تىيانشانغا باھار كەلدى» ، «شىنجاڭ ياخشى» ، «تەنتەنە» ، «دولان سەنىمى» ، «مېنىڭ راۋابىم» ، «لەيلگۈل» (ئۇسسۇل ئوپېراسىنىڭ ئۇسسۇل رېژىسسورلىقى) ، 12 مۇقامدىن «تەزە مەرغۇلىغا ئۇسسۇل» . . . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ھاجى راخمان ئۇسسۇل مەشىقى ئۈچۈن ئادەم بەدىنىنىڭ چوڭ 12 ھەرىكىتى، ھەربىر ھەرىكەتنىڭ مەركىزى 4 دىن ئوشۇق شۆبە ھەرىكەت (ئاساسىي مەشىق) قىلىش ئۇدارلىق ھەرىكەت مەشىقىنى ئومۇملاشتۇرغان. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ نازۇك ئېستېتىك قىممىتىنى نامايان قىلىدىغان بەدەن ھەرىكەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ 30 يىل ئىچىدە 200 دىن ئارتۇق ئۇسسۇل سەنئەتكارىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

1982- يىلى 5- ئاينىڭ 20- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇش ئۆمىكى پايتەخت مىللەتلەر كۇلۇبىدا بېيجىڭ تاماشىبىنلىرىغا «دوكلات ئويۇنى» قويۇپ، ھاجى راخمان «لىگەن ئۇسسۇلى» نى ئويناۋېتىپ قويۇندەك پىرقىراۋاتقاندا تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

مەرھۇم سەھنە ھاياتىنى لىگەن ئۇسسۇلى بىلەن باشلاپ، ھاياتىنى لىگەن ئۇسسۇلى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىز بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ئاپتورى: شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن



# بۈگۈنكى زامان قەشقەر تىياتىرى ۋە دراماتورگلىرى توغرىسىدا

ئابدۇۋاھت توختى (ۋاھدى)

بۈگۈنكى زامان قەشقەر تىياتىرى ۋە ئۇنىڭ تالانتلىق دراماتورگلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرى تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ ۋە تۇتۇپ كەلمەكتە. 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدا قەشقەر تىياتىر سەنئىتى كۆپىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېكىستان، ئەزەربەيجان، قازاقىستان قاتارلىق جايلاردا يېزىلىپ سەھنىلەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە ۋە ئەزەربەيجان، تاتار تىلىدىكى «شايى سۈزەنە» ، «ئانارخان» ، «ئارشىن مال ئالان» ، «غېرىپ - سەنەم» قاتارلىق درامىلارنى ئىجادىي ئورۇنلاپ، مەرھۇم ئەمەت ئۆمەر، مەرھۇم كامال ۋە پېشقەدەم دراما ئارتىستلىرىدىن مەمتىمىن نورۇز، يولۋاسخان، ئابدۇقادىرھاجى، ئابلىز ھاجى، سەپەر ھۆسەيىن، ئۆمەر ھۆسەيىن، ئابلىز ئايۇپ. . . قا ئوخشاش تالانت ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقىپ، قەشقەر ۋە شىنجاڭ دراما سەھنە تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى. 60- يىللارنىڭ باشلىرىدا، دراماتورگ زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» درامىسى ناھايىتى ياخشى ئوينالغانىدى. قەشقەر تاماشىبىنلىرى غۇنچەم، نۇرۇم قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى سەھنىدە قانچە - قانچە قېتىم كۆرسىمۇ قانمىغانىدى.

60- يىللار قىيىنچىلىق ۋە مالىمان يىللار ئىدى، كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى - خۇسۇسىيلىقىقا قارشى كۈرەش قىلىش، شىيوجىڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، ئۇچ قىزىلبايراق تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك تەربىيە، كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش بولۇپ، تىياتىر سەنئىتىگە تازا ئېتىبار بېرىلمىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ 60- يىللارنىڭ باشلىرىدا خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۇرۇپ سەھنىلەشتۇرۇلگەن «تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان» دىرامىسى ئوينالغان. شۇنداقلا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى «شىنجاڭ تۇرمىلىرىدىكى كۈرەش خاتىرىسى» دىرامىسىنى سەھنىلەشتۇرۇپ، ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبىدا ياخشى ئويناپ، قەشقەر تاماشىبىنلىرىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

پارتىيە مەركىزى كومىتېتى 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا قەشقەر تىياتىر سەنئىتى يېڭىۋاشتىن پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئاتاقلىق دىراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كېلىپلا (1980- يىلى فېۋرالدا) تۇنجى قېتىم 6 كۆرۈنۇشلۇك ناخشا - مۇزىكىلىق دىراما «مەسلىھەت چېيى» نى يازدى ۋە سەھنىلەشتۇردى. تىياتىرنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەن سەنئەتخۇمار قەشقەر خەلقى بەس - بەس بىلەن كۆرۈشكە باشلىدى. «مەسلىھەت چېيى» نىڭ داڭقىسىنى ئاڭلىغان قېرىنداش ناھىيە، ۋىلايەتلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر ماشىنا - ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ كېلىپ كۆرۈپ كەتتى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ سەنئەت ۋەكىلى قەشقەر «1 - ماي تىياتىرى» غا كېلىپ، دىراما پېرسوناژلىرىنىڭ ئاۋازى ۋە كۆرۈنۈش



تەسۋىرىنى ئۇنئالغۇ لىنتىسىگە ئېلىپ كېتىپ، قۇمۇل تىياتىرى سەھنىلىرىدە ئوينىدى. قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاقتۇ ناھىيىسى «مەسلىھەت چېيى» نىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىغا بېسىلغان تېكستى بويىچە ئۆز ناھىيىسىدە سەھنىلەشتۇرۇپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردى. ئاخىرىدا ناھىيە خەلقى ۋەكىللىرى ئاپتورغا ئاتاپ تەييارلىغان ماددىي سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تەقدىم قىلىپ، كۆڭۈل ئىزھارىنى ئىپادىلەپ ھال سوراپ كەتتى. تاماشىبىنلار ئاپتورغا نۇرغۇن مىنەتدارلىق خەتلىرى يازدى.

8- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر - قارلۇق مەدەنىيىتىنىڭ ئىپتىخارى، ئالىم فارابى[①] «پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ئەسىرى ئارقىلىق شەھەر باشلىقى پەزىلەتلىك، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك، مەدەنىيەتلىك، مېھرى - شەپقەتلىك بولۇشى كېرەكلىكى، شەھەر باشلىقى قانداق بولسا، شەھەر ئاھالىسى شۇنداق بولىدىغانلىقى (شۇنى دورايدىغانلىقى) توغرىسىدا مۇكەممەل تەلىم بەرگەن. «مەسلىھەت چېيى» دىرامىسى سەھنە مۇنبىرىنى ئىگىلىگەن شۇ يىللىرى، يېڭىدىن سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ، شەھەر باشلىقلىق ئورنى ئەسلىگە كەلگەن مەرىپەتپەرۋەر ئابلا ئىسمائىل ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ماي تىياتىرى كۇلۇبىغا دىرامىنى كۆرگىلى كىرىدۇ ۋە كۇلۇپتا تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، زوقلىنىپ كۆرىدۇ. كۈچلۈك ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە بەدىئىي زوق ئالغان شەھەر باشلىقى ھاياجانلىنىپ، دىراما ئاپتورى ھەم رول ئالغۇچى ئارتىسلارنى تەبرىكلەيدۇ. ئەتىسلا

① فارابى - ئۇلۇغ پەيلاسوپ، ئۇيغۇر - قارلۇق مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى نامايەندىسى ئەبۇنەسىر فارابى مىلادى 870 يىللىرى سىر دەريا بويىدىكى فاراب شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ تارخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن (ئا)

شەھەرلىك ھۆكۈمەت نامىدىن مەھەللە باشلىقلىرىنى چاقىرىپ، «مەسلىھەت چېيى» درامىسىنى شەھەر خەلقىگە قايتا كۆرسىتىشنى، جەمئىيەتتىكى مەسلىھەت چېيىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ياۋاغ، ئۆستەڭ بويى، قۇمدەرۋازا، چاسا قاتارلىق مەھەللە باشقارما ئاھالىلىرى قاينام تاشقىنلىققا چۇمگەن ھالدا چەكسىز شادلىنىپ، مەھەللە - مەھەللە بۇيىچە سەپ تارتىپ كېلىپ، خۇددى كاتتا توي مەرىكىسى بولغاندەك درامىنى كۆرۈپ تەنتەنە قىلىشقان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ دراما 60 مەيداندىن ئوشۇق قويۇلغان ئىدى. دېمەك، «مەسلىھەت چېيى» ناملىق بۇ ناخشا - مۇزىكىلىق دراما رىكورتىنىڭ رىكورتىنى يارىتىۋەتكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 1980- يىل دىكابىردا 7 كۆرۈنۈشلۈك يىرىك بەدىئىي ئەسىرى «رابىيە - سەئىدى» ئوپېراسىنى يازدى. سالامەت، تاجىگۈل، ئابلىكىم روزى، ئابدۇقادىر ھاجى، ئىمىگۈلسۇم قاتارلىق 15 تىن ئارتۇق ئارتىس ۋايىغا يەتكۈزۈپ رول ئېلىپ، تىياتىر سەھنىسىدە ماھارەتلىرىنى نامايان قىلدى. «رابىيە - سەئىدى» ئوپېراسى قەشقەردە كەينى - كەينىدىن 50 - 60 مەيدانلاپ قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تىياتىر سەھنىلىرىدە قويۇلۇپ ئاجايىپ تەسىر قوزغىدى. ئوپېرانىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى شۇكى، نىزارى تەرىپىدىن يېزىلغان «رابىيە - سەئىدى» داستانى بەدىئىي جەھەتتىن يۇكسەك دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ كامالەتكە يەتكۈزۈلدى. ئوپېرا يېزىلغان ئەينى يىللىرى ئوپېرا ھەققىدە مۇنازىرە سۆھبەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھلىلىرى قاتناشقان مۇھاكىمە يىغىنىدا بەزىلەر:



«رابىيە - سەئىدى» داستانى ئۆزگەرتىپ يېزىلسا خاتالىشىدۇ، تارىخىي چىنلىق بۇزۇلىدۇ دېيىشكەن. ئۇنىڭغا جاۋابەن زور كۆپچىلىك ئەدىپ، يازغۇچىلار، «رابىيە - سەئىدى» ئوپېراسى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان. ئۇ جەنۇپتىكى ئىككى گۆھەرنىڭ بىرى[①] سۈپىتىدە ئالاھىدە كۈچ سەرىپ قىلىنىپ، تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، سەئىدى ئوبرازىنى «رابىيە - سەئىدى» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ئاددىي پادىچى، راۋاپ چېلىشنىلا بىلىدىغان، مۇھەببەت پاجىئەسىدە مازايى - ماشايىخلاردا يىغلاپ - قاخشاپ، چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالىدىغان پاسسىپ ھالەتتىن تەدرىجىي ئويغانغان، زالىم كۈچلەر بىلەن ئېلىشىپ، رابىيەنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىغان جۇشقۇن، ئەقىل - پاراسەتلىك كومپوزىتور سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. بۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر دراما - تىياتىر تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن زور مۇۋەپپەقىيەت! دېيىشتى.

دراما تورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 1981- يىلى نويابىردا، دراما ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، 6 كۆرۈنۈشلۈك كومېدىيە «كېچىككەن توي» نى يېزىپ، غەلىبىلىك ھالدا سەھنىلەشتۈردى. كومېدىيىنىڭ مەزمۇنى: توي خېتى ئېلىشقا ھەممە شەرتى توشىدىغان بىر جۈپ سەھرا يىگىت - قىزىغا سول لۇشيەن ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ يىللاردىكى يېزا كادىرلىرى توي خېتى بەرمەي «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دىگەندەك، قىزنى ئۆز شەھۋانىي نەپسىگە بويسۇندۇرۇش ياكى ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆزى ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، رەزىل مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئاخىرى ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق يېزا ياشلىرىغا توي

① ئىككى گۆھەرنىڭ بىرى، ئامانىسا؛ يەنە بىرى، «رابىيە - سەئىدى» درامىسى.

خېتى بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. كومېدىيىنىڭ خاس خۇسۇسىيىتى ۋە ئىپادىلەش پىرىنسىپى بويىچە سەلبىي تىپلارنىڭ كۈلكىلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن، كومېدىيە قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىرىنداش قوشنا ناھىيە، ۋىلايەت يېزا - كەنتلىرىدە 60 مەيداندىن كۆپ قويۇلۇپ، «4 كىشىلىك گۇرۇھى» دەۋرىدىكى «سولچىل» لۇشيەننىڭ خاتا سىياسەتلىرى دەستىدىن خورلانغان ۋە بوزەك ئېتىلگەن خەلقنىڭ ھەققانىيەتكە بولغان ئارزۇ ئىستىكى تولۇق نامايان قىلىنغان. دانىشمەن ئاقىللار ناھايىتى توغرا ئېيتقان: «ئاقىل شاھلار ئالتە خىل ئادەمنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئىشلەتكەن. ئۇلار: بىرىنچى، دانا ۋە بىلىملىك ۋەزىر؛ ئىككىنچى، قابىلىيىتى يۇقىرى كاتىپ؛ ئۈچىنچى، تىلى راۋان شائىر؛ تۆتىنچى، كامالەتكە يەتكەن مۇتەخەسسىس؛ بەشىنچى، ئەخلاقى ۋە كەسپىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن مۇھاپىزەتچى؛ ئالتىنچى، ماھارەتلىك تېۋىپ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.» قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ سەھنە ئىجادىيەتچىلىكىگە يولداش مۇھەممەتئېلى زۇنۇندەك تىلى راۋان شائىر، كامالەتكە يەتكەن مۇتەخەسسىسنى ئىنتايىن توغرا تاللىغان. زور قوللاش ۋە ئازادە مۇھىتقا مۇيەسسەر بولغان بۇ يالقۇنلۇق خەلقپەرۋەر شائىر - دراماتورگ تولۇپ - تاشقان ئىجادىي كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن، دراما ئىجادىيىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتەردى. ئۇ، شۇ يىللاردا يازغۇچى، تارىخىي ئۆچىرىكچى مەرھۇم خېۋىر تۆمۈر ئاكا يازغان «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە ئۆچىرىك» ناملىق تارىخىي ئەسەرنى ئوقۇپ، كۈچلۈك ھاياجانغا تولىدۇ - دە، قولىغا قەلەم ئېلىپ «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» ناملىق 6 كۆرۈنۈشلۈك تارىخىي



تىرادىگيىسىنى يېزىپ، قەشقەر تاماشىبىنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

بۇ تىرادىگيىدە ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئاش - تۇزىنى يەپ - ئىچىپ، ۋەتىنى ۋە خەلقىگە خائىنلىق قىلغان، مەرىپەتپەرۋەر ئالىملىرىمىزنى پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرگەن ھەسەن شىۋىتتەك مەلئۇن - مۇناپىقلارنىڭ قاتىللىق، ياۋۇزلۇق ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، يىتۇك ئالىم ۋە ئۆچمەس مەرىپەت چولپانى بولغان ئابدۇقادىر داموللام (ئېزىزى) ئوبرازىنى قەشقەر تىياتىرى سەھنىسىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقتى.

كومېدىيە — دراماتورگدىن كامالەتكە يەتكەن ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۇل ئەدەبىي ژانىر. ئۇ، ھەرقانداق دراماتورگلارنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. خەلقئارا تەلەپ بويىچە ئېيتقاندىمۇ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقىنى شۇ مىللەتنىڭ داڭلىق ئوپېراسى ۋە كومېدىيىسىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقى بىلەن ئۆلچەيدۇ. دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن دراما ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ ئۈستۈرۈپ، 1982- يىلى ئاۋغۇستتا «قايچا قۇدا» ناملىق ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك كومېدىيىسىنى يېزىپ چىقتى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى ئىچى ھەم سىرتىدا كۆپ مەيدان كۆرسىتىلدى. قايچا قۇدىلىشىش خەلق ئىچىدە ھەم خەتەرلىك ھەم تەۋەككۇل ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغان مۇرەككەپ جەريان. قايچا قۇدىلىشىش — قۇدىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئىنساپلىق، ئاڭلىق، سەۋر - تاقەتلىك بولسا، پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆيى ئۆي بولىدۇ. ناۋادا بىر تەرەپتىن كىچىككىنە خاتا ئىش سادىر بولۇپ قالسا، شۇ باھانە بىلەن ئىككىلا ئائىلە ۋەيران بولۇپ، ئۆي بۇزۇلىدۇ. «قايچا قۇدا» كومېدىيىسىدە: ئىگەمبەردى بىلەن

خۇدابەردى، سەۋرىخان بىلەن نەۋرىخان ئائىلىسىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر جۈپ ئوغۇل - قىزلىرى بىر كۆرۈشۈپ، مۇھەببەت باغلىشىپ، ئاتا - ئانىلىرىغا خۇشخەۋەر خېتى يېزىشىدۇ. ئەپسۇس، يىگىتنىڭ خېتى قىزنىڭ ئۆيىگە، قىزنىڭ خېتى يىگىتنىڭ ئۆيىگە تېگىپ قالىدۇ (پوچتالىيون ئالدىراپ ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ). تام قوشنىلار ئالماشقان خەتلەرنى ئوقۇشۇپ، ھويلىسىدا بىر - بىرىگە ئاڭلىتىپ تاپا - تەنە ئېيتىشىپ، تىللىشىپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇلار (يالقۇن بىلەن ماھىگۈل) ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ياقا يۇرتتا ئىشلەپ ۋە توي قىلىشىدۇ، ئىككى ئائىلىنىڭ كېيىنكى ئوغۇل - قىزلىرى - شاۋقۇن بىلەن ئايگۈللەرمۇ ئاشىق - مەشۇقلارغا ئايلىنىپ، نەتىجىدە بۇ ئىككى ئائىلە تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن قايچا قۇدا بولۇپ ئەپلىشىپ كېتىدۇ.

دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ سەھنە ئىجادىيىتى 80- يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئالتۇن دەۋر باسقۇچىغا كۆتىرىلىپ، 1985- يىلى يانۋاردا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە 7 كۆرۈنۈشلۈك تارىخىي دراممىسى «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» دۇنياغا كەلدى. بۇ تارىخىي دراما مەزمۇنىنىڭ مول، جەڭگىۋارلىقى، ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختا سىيوژىت بۆلەكلىرى ئىچىدە يورىتىپ بېرىلىشى، بەدىئىي دىئالوگ تىلىنىڭ ئىخچام - پاساھەتلىكى بىلەن تاماشىبىنلارغا چەكسىز تۇيغۇ بېغىشلىدى. «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ئىلى تىياتىر سەھنىلىرىدە ئوينالغاندا ھاياجانغا تولغان ئىلى ياشلىرى تەشەككۈر سادالىرى ياغدۇرۇپ «ياشا ئەي قەشقەر ئوغلانلىرى» دەپ تەنتەنە قىلىشتى. ئۈرۈمچى تىياتىرى سەھنىلىرىدە ئوينالغاندىمۇ، خۇددى «مۆلجەرتاغ بورانلىرى» دراممىسىغا



ئاپىرىن ئېيتقاندەك، ئۈرۈمچى تاماشىبىنلىرى «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» غا ۋە دىراما قەھرىمانلىرىغا ئالقىش ياغدۇراتتى.

مول ھوسۇللۇق دراما يازغۇچىسى مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ سەھنە ئىجادىيىتى 90- يىللارغا كەلگەندە تېخىمۇ مول مېۋە بەردى. مەرھۇم ئالىم، يازغۇچى، شائىر - ئابدىرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» رومانىغا ئاساسەن يېزىلىپ ئىشلەنگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرى «كۆمۈلمەس ئىزلار» بىلەن «ئۇچ ياش» تېلېۋىزىيە فىلمى كۈچلۈك جەلپكارلىقى بىلەن تاماشىبىنلار قەلبىنى لەرزىگە سالدى. «كۆمۈلمەس ئىزلار» دا 1912- يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئائىت ۋەقەلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «ئۇچ ياش» تېلېۋىزىيە فىلىمىدە، بارلىقىنى مىللەتنىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان ياش يىگىتنىڭ يارقىن ئوبرازى - ئۇلۇغ ئالىم مەخمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆمىدلىك ئەۋلادلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالىم مەقبەرىسىنى تېپىپ چىقىشتەك جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ شانلىق ئۇلگىسىنى ياراتتى. فىلىمدىكى مىللىي پۇراق، قويۇق مىللىي ھېسسىيات، گۈزەل مەنزىرە، يارقىن پورترىت تەسۋىرى تاماشىبىنلارنى مەھلىيا قىلدى.

90- يىللارنىڭ باشلىرىدا دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن دەۋرىمىز كىشلىرى ئېڭىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، تېپىك تۇرمۇش دېتاللىرىدىن ئېزىز - ئېزىزە ئوبرازىنى ياراتتى، يەنى پۇل، مال - دۇنيا ئۇچۇن ۋىجدانىنى ساتىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى رەزىل ئىدىيىۋى خاھىشلارنى رەھىمسىز ئېچىپ تاشلاش مەقسىتىدە، مەشھۇر «ئېزىز - ئېزىزە» دراممىسىنى يازدى ۋە ئۈرۈمچى - قەشقەر تىياتىر سەھنىلىرىدە قايتا - قايتا ئويناپ چىقىلدى.

درامىدا ئېزىزەنىڭ تويىماس ھاجىم دادىسى چىرايلىق قىزى ئېزىزەنى بىر چەتئەللىك ئالدامچىغا 25 مىڭ يۈەن تويلۇققا سېتىپ بېرىدۇ. بەختسىز، ئەركسىز ئەزىزە چەتئەلدە قېرى جادۇگەرنىڭ ئوغلىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خوتۇن بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. خورلانغان ئەزىزە ئىپلاس قېيىنئاتىسىنىڭ قاباھەتلىك زۇلۇم قەپىزىدىن قېچىپ چىقىشقا ھېچبىر ئامال قىلالماي، دىيارىمىزدىن چەتئەلگە (ھەج تاۋاپ قىلىشقا) بارغان خالىس نىيەتلىك ئۇيغۇر ھاجىملاردىن ئۆزىنىڭ يىرگىنچلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۈنئالغۇ لېنتىسىگە ئېلىپ، ئاچكۆز نادان دادىسىغا ئەۋەتىدۇ ۋە «مېنى قېرى جادۇگەرگە ساتقانمۇ؟ ماڭا زىيانكەشلىك قىلغۇچى سۈپىتىڭلار بىلەن مېنى بۇ ۋىجدانى خورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇڭلار» دەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، دراماتورگ مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن 80- يىللاردىن 90- يىللارنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەر تىياتىر سەھنىلىرىنى رېئالىزملىق دراما - سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن نۇر چاقناتقان چولپان يازغۇچى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا خەلقىمىز يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

1988- يىل يانۋار دراماتورگنىڭ «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ناملىق درامىلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، 4 مىڭ تىراژدا بېسىلدى. بۇ توپلام بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ مەڭگۈ ئۆلمەس ئابىدە بولۇپ قالىدۇ.

ئاپتور مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ شىنجاڭ كىنو ستودىيىسىگە ئالمىشىپ كېتىشى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكى پېشقەدەم ئارتىسلارنىڭ پىنسىيىگە چىقىپ



كېتىشى، ئالمىشىپ كېتىشى، سەنئەت قوشۇنىدا زور ئالمىشىش - يېڭىلىنىشنىڭ يۈزلىنىشى قاتارلىق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەشقەر تىياتىر سەھنىسىدە بىر مەزگىل دەم ئېلىش (ھاردۇق ئېلىش)، ھەتتا چېكىنىشتەك ھالەتلەر روي بەردى.

لېكىن، ئۈمىدۋار، ئەقىل - پاراسەتلىك قەشقەر تىياتىر سەنئەتكارلىرى ئابلىكىم روزىدەك ئىزباسقان كەسىپ ئەھلىلىرىنى ئالمائاتا دۆلەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرى ئىنستىتۇتىغا رېژىسسورلۇق كۇرسىغا ئەۋەتىپ ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرغۇزۇپ كەلدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن، يولداش تۇرسۇنجان يازغان «ئۆلۈم يولى» تىراگېدىيىلىك درامىسىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە رېژىسسورلۇق قىلىپ سەھنىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالدى. قەشقەردە نەچچە 10 مەيدان، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەر، ۋىلايەت تىياتىر سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ، تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىمۇ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇرماقتا.

ئابلىكىم روزى يەنە داڭلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرۇتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىنى درامىلاشتۇرۇپ «ئۆلۈك سۇ» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى سەھنىلەشتۈردى. 1988 - يىلى ئاۋغۇستتا قەشقەر يېڭى مېھمانخانىدا: «2 - قېتىملىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ، بۇ كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملار، تارىخچىلار ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەردىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار، تەرجىمەشۇناسلار قاتارىدا يولداش مۇھەممەتئېلى زۇنۇنمۇ ئىشتىراك قىلدى. ئاشۇ كاتتا ئىلمىي سورۇندا مەرھۇم ئابدۇرېھىم تىلەشوپ ئۆتكۈر ئەپەندى قاتارلىق ئالىملار يولداش

مۇھەممەتېئىلى زۇنۇن، تۇرسۇن يۇنۇس، مەمتىمىن نورۇز، ئېلى زۇنۇنلارنىڭ مۇبارەك نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، قۇتادغۇ بىلىك داستانىدىكى 4 ئۇلۇغ پېرسوناژ ـ كۈن تۇغدى، ئاي تولدى، ئۆدغۇرمىش، ئۆتكۈرمىش ئوبرازىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرىپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقانىدى. بولۇپمۇ دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ نامىنى باشتىلا ئاتاپ چوڭ ئۈمىد كۈتكەنىدى. ئەپسۇسكى، ئۈمىد كۈتكەن تەۋەرۈك ئالىملار ئۆز ئۈمىدىنىڭ رېئاللىقىنى كۆرەلمەي، ئالەمدىن كەتتى ۋە كەتمەكتە.

بىز مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، ئابلىكىم روزىغا ئوخشاش قەشقەر دراما سەنئەت چولپانلىرىنىڭ قەشقەر ۋە شىنجاڭ تىياتىر سەنئىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز.

1995- يىل، ئۆكتەبىر، قەشقەر

ئاپتورى: قەشقەر شەھەرلىك 10- ئوتتۇرا مەكتەپتىن



# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا نەزەر

نۇرۇللا مۇئمىن يۇلغۇن

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلە ساھەسى — شىنجاڭ يېقىنقى زامان ئىقتىساد تارىخى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، بۇ رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھەر خىل ئامانەت ـ قەرز ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇپ، ئۆزگىچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىغا ئىگە بولغان. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە شىنجاڭ رايونىنىڭ بىر پۈتۈن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. شۇڭا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئۈستىدە توختىلىش، يالغۇز شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان ئىقتىساد تارىخى تەتقىقاتىدىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئومۇمىي تارىخى تەتقىقاتىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلىپىدىكى رەنە كەسپى

رەنە كەسپى دۆلىتىمىزدە ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە

بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي پۇل مۇئامىلە كەسپى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە رەسمىي تۈردە قانۇنلاشتۇرۇلغان. 1728- يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى «رەنە كەسپىنى يولغا قويۇش مىزانى» نى ئېلان قىلىپ، رەنىخانا (گۆرۈخانا) ئاچقانلىقى كىشىنىڭ ئالدى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارغا دوكلات قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق پەرمانبەردار مەھكىمىسىدىن تىجارەت گۇۋاھنامىسى ئېلىش ھەمدە ھەر يىلى مۇۋاپىق مىقداردا باج تاپشۇرۇشنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا رەنىخانىلار ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ساھەدىن كېلىدىغان باج كىرىمى يىلمۇ يىل كۆپىيىپ بارغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1905- يىلى پەقەت شاڭخەي شەھىرىدىلا 150 دىن كۆپرەك رەنىخانا بولغان[1].

شىنجاڭدا بولسا رەنە كەسپىنىڭ زادى قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغارلار ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار ئىسيانىنى تىنچىتىش جەريانىدا، نۇرغۇن سودىگەرلەر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىللە شىنجاڭغا چىقىپ، بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چوڭ - كىچىك رەنىخانىلارنى قۇرغان. نۆۋەتتە، بەزىلەر بۇ دەۋرنى شىنجاڭدا رەنە كەسپىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغان مەزگىلى دەپ قارايدۇ[2]. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى سودىگەرلەر بۇ رايونغا چىقىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردا رەنىخانىلارنى قۇرغان ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەسلىدە بار بولغان



رەنە كەسپىنى مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ ئەينى دەۋر پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىنمۇ مۇناسىپ ھالدا ياخشىلىغان.

چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغان (1911- يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭدا رەنە كەسپى بۇرۇنقى دەۋرلەردىكىگە قارىغاندا ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئالاقىدار مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئۈرۈمچىدە فۇشىڭ رەنىخانىسى، ماۋشېڭ رەنىخانىسى ۋە يۈەنشىن رەنىخانىسى قاتارلىق تەسىرى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان پۇل مۇئامىلە مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇپ، مالىيە مەبلىغى 10 مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئېشىپ كەتكەن[3]. رەنە مېلىنىڭ مۇددىتى ئادەتتە 10 ئاي بولۇپ، قەرەلى توشقاندا يەنە ئىككى ئاي كېچىكتۈرۈشكە بولغان. ناۋادا رەنە قويغۇچى بىر يىل ئىچىدە قەرزنى قايتۇرالمىسا، رەنىخانا خوجايىنى رەنە مېلىنى سېتىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق بولغان. ئۆسۈم مەسىلىسىدە بولسا، ھۆكۈمەت گەرچە قەرز ئۆسۈمىنى ھەر ئېيىغا تۆت تىيىندىن قىلىپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆسۈم نىسبىتى بۇ سان بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەخسىلەر ئاچقان رەنىخانىلار ھەر بازار كۈنىدە ئۈچ تىيىندىن ئۆسۈم ئېلىپ، بىر ئايدىكى تۆت بازاردا جەمئىي بىر مو ئىككى تىيىن ئۆسۈم ئالغان. بۇنىڭ بىلەن، رەنە كەسپىدە جازانىخورلۇق خاھىشى ئاستا - ئاستا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان.

1938- يىلغا كەلگەندە، ماۋزېمىننىڭ شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى بىلەن، شىنجاڭنىڭ رەنە كەسپىدە يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. ماۋزېمىن ئەينى چاغدىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن سودا بانكىسىنىڭ رەنە

كەسپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئېلان قىلىپ، ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىش، مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىش ۋە مۇددىتىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشتەك خەلققە پايدىلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويغان④. 1940- يىلى 10- ئاينىڭ 29- كۈنى، شىنجاڭ سودا بانكىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە رەنە كەسپىنى رەسمىي تۈردە يولغا قويغان. ئارقىدىنلا جازانىخورلۇق نىسبەتەن ئېغىرراق بولغان قاراشەھەر، كورلا، كۇچا، قەشقەر، ماناس قاتارلىق جايلاردىمۇ بۇ خىل كەسىپ يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىدە بەزى ياخشىلىنىشلار بولغان. رەنە ماللىرى ئادەتتە ئالتۇن - كۈمۈش، كىيىم - كېچەك، رەخت، تېرە ۋە باشقا بۇيۇملار بولغان بولۇپ، رەنە مۇددىتى سەككىز ئايدىن ئوت ئايغىچە بولغان. رەنە مېلىنىڭ قىممىتى ئادەتتىكى بۇيۇملار (تاۋارلار) ئەسلى باھاسىنىڭ 30 پىرسەنتى، ئالتۇن - كۈمۈش ئەسلى باھاسىنىڭ 60 پىرسەنتى بويىچە بېكىتىلگەن. قەرز ئۆسۈمى بولسا ئېيىغا ئۈچ تىيىندىن بولغان. مۇبادا قەرز ئالغۇچى بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە قەرزنى قايتۇرالمىسا، رەنە مېلى بانكا تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەن.

ئومۇمەن، رەنە كەسپى شىنجاڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. بىراق ئۆز دەۋرىدىكى رەنە كەسپى مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنە شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى جازانىخورلۇق كەسپى ئۈچۈنمۇ يول ھازىرلاپ بەرگەن. جازانىخورلار ئادەتتە ئۆسۈمگە قەرز بېرىش ۋە نېسىگە سېتىش شەكلى بىلەن خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار يالغۇز خەنزۇ، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى



بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە روسىيىلىك، ھىندىستانلىق، ئافغانىستانلىق ۋە ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەرمۇ بولغان. ئۇلار يەر ۋە ئۆي خەتلىرىنى رەنە مېلى سۈپىتىدە ئېلىپ، ناۋادا قەرز ئالغۇچى بەلگىلىگەن مۇددەت ئىچىدە قەرزنى قايتۇرالمىسا، ئۇنىڭ تېرىلغۇ يېرى ۋە ئولتۇراق جايىنى يەنە ئەسلى ئىگىسىگە ئىجارىگە بېرىپ، ئارىلىقتىن ناھايىتى كۆپ پايدىغا ئېرىشكەن. بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خېلى كەڭ ئومۇملاشقان.

## 2. يېقىنقى زاماندىكى خۇسۇسىي بانكىلار

خۇسۇسىي بانكىلار — چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ - داۋگۇاڭ يىللىرى (1796 - 1850) بارلىققا كەلگەن بولۇپ، پۇل پېرېۋوت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر خىل پۇل مۇئامىلە ئورگىنى. شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغان (1884- يىلى) دىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە «ھەمكارلىق پۇلى» (شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي مەمۇرىي خادىملارنىڭ تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەر يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن مەلۇم مىقداردا پۇل يىغىپ، شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئاجرىتىپ بەرگەن. بۇ پۇل تارىختا «ھەمكارلىق پۇلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان - ئا) يەتكۈزۈپ بېرىش ئېھتىياجى يۈزىسىدىن، شىنجاڭ رايونىدا تۇنجى خۇسۇسىي بانكىلار قۇرۇلۇشقا باشلىغان. ئەينى چاغدا، ھەر يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ئاجرىتىلىدىغان ئىككى مىليون سەر

كۈمۈشتىن ئارتۇق «ھەمكارلىق پۇلى» نى ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇللارنى ئۈرۈمچىگە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشىمۇ خېلى قولايسىز ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم سودىگەرلەر بۇ ئىشقا قول تىقىپ ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي بانكىلارنى تەسسىس قىلغان. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان خۇسۇسىي بانكىلار ۋېي فېڭخو، تيەن چېڭخېڭ ۋە شى تۇڭچىڭ قۇرغان ئۈچ چوڭ بانكا بولۇپ، ھەر بىر بانكىنىڭ مەبلىغى ئىككى ـ ئۈچ يۈزمىڭ سەر كۈمۈش پۇل ئەتراپىدا بولغان⑤. بۇ بانكىلار ئاساسلىقى «ھەمكارلىق پۇلى» پېرېۋوت قىلىش، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا پۇل پېرېۋوتىغا مەسئۇل بولۇش، پۇل قەرز بېرىش، پۇل ئامانەت ئىشلىرىنى بېجىرىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ پۇل پېرېۋوت ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن. بىراق 1911 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بىلەن شىنجاڭغا ئاجرىتىلىدىغان «ھەمكارلىق پۇلى» ئۈزۈلۈپ قېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بولغان پۇل پېرېۋوتىدا پەقەت چىقىملا بولۇپ، كىرىم ئازلاپ كەتكەن. شۇڭا 1913 ـ يىلى شى تۇڭچىڭ خۇسۇسىي بانكىسى ئالدى بىلەن تىجارەتنى توختاتقان. 1921 ـ يىلى تيەن چېڭخېڭ خۇسۇسىي بانكىسىمۇ ئىشتىن توختىغان. ۋېي فېڭخو خۇسۇسىي بانكىسى بولسا يېڭىدىن پاي قوبۇل قىلىپ، بانكا نامىنى «ۋېي فېڭ سودا بانكىسى» غا ئۆزگەرتكەن ھەمدە تىجارەت دائىرىسىنى پەيدىنپەي كېڭەيتىپ بارغان.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى خۇسۇسىي



بانكىلارنىڭ پۇل پېرېۋوت كەسپى تېلېگراف پېرېۋوتى، پوچتا پېرېۋوتى، چەك پېرېۋوتى قاتارلىق ئۈچ تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «ھەمكارلىق پۇلى» پوچتا پېرېۋوتى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان. شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىدا بولسا كۆپ ھاللاردا تېلېگراف پېرېۋوتى قوللىنىلغان. ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا پۇل پېرېۋوت قىلىنسا، ئادەتتە ھەر 100 سەر كۈمۈش پۇلدىن پېرېۋوت ھەققى ئۈچۈن تۆت سەر كۈمۈش پۇل ئېلىنغان. شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە قىلىنغان پۇل پېرېۋوتىدا بولسا ھەر 100 سەر كۈمۈش پۇل ئۈچۈن يەتتە ـ سەككىز سەر كۈمۈش پۇل پېرېۋوت ھەققى ئېلىنغان⑥. ئەينى چاغدىكى خۇسۇسىي بانكىلار شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تەڭشەپ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن بەزىبىر شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. لېكىن خۇسۇسىي بانكىلار كۈچلۈك فېئوداللىق خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە تىجارەت ساھەلىرىدە مۇستەبىتلىك ھەم مۇتەئەسسىپلىك خاھىشىدىن خالى بولالمىغان. شۇڭا بۇ خىل بانكىلارنىڭ تىجارەت مۇددىتى ئانچە ئۇزاققا بارمىغان.

## 3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ دەسلىپىدىكى پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرى

پۇل قۇيۇش ئورنى — چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جايلاردا تەسسىس قىلغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىر خىل پۇل مۇئامىلە ئورگىنى. شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنىپ ئۆلكە تەسسىس قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق

ھەربىي قىسىملىرىنىڭ خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، دېھقانلار ھاكىمىيىتى ۋە ياقۇپبەگ زامانىسىدا تاقىلىپ قالغان كۇچا، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرى (پۇلخانىلار) نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بۇرۇنقى ئەنئەنە بويىچە قايتىدىن پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. بۇ دەۋردە تارقىتىلغان پۇللارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بولغان:

## مىس پۇل

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇنجى باش مۇپەتتىشى لىيۇ جىنتاڭ خارابلاشقان شىنجاڭ مالىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1885- يىلى 10000 سەر كۈمۈش پۇل ئاجرىتىپ ئاۋۋال ئۈرۈمچى شەھىرىدە پۇل قۇيۇش ئورنى تەسىس قىلغان⑦. ئارقىدىنلا يەنە كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، بىر قاتار پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن قىزىل مىس پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. ئەينى چاغدىكى پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، تەسىس قىلىنغان ۋاقتى ۋە باشقا ئالاقىدار تەرەپلىرىنىڭ كونكرېت تەپسىلاتى مۇنداق بولغان⑧:

| رەت تەرتىپى | تەسىس قىلىنغان ۋە تىجارەتتىن توختىغان ۋاقتى | ھەركۈنى قۇيۇلىدىغان پۇلى | قۇيۇلغان ئومۇمىي پۇلى |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش ئورنى | 1885—1908 | 100 تىزىق | 239974 تىزىق 239970000 تىيىن |
| ئاقسۇ پۇل قۇيۇش ئورنى | 1878—1892 | ئېنىقسىز | 75358 تىزىق 75358901 تىيىن |
| كۇچا پۇل قۇيۇش ئورنى | 1878—1909 | 110 تىزىق | 275840 تىزىق 275800000 تىيىن |
| قەشقەر پۇل قۇيۇش ئورنى | 1888—1908 | 50 تىزىق | 60170 تىزىق 60170000 تىيىن |



يۇقىرىقى گرافىكتا ئاساسلانغاندا، قىزىل مىس پۇلنىڭ شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىدە تۇتقان ئورنى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى مۇھىم بولغان. گرافىكتا كۆرسىتىلگەن ھەرقايسى پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرى مىس پۇل قۇيۇپ تارقىتىشتىن سىرت، يەنە پۇل تېگىشىش ۋە باشقا ھەر خىل قەغەز تېزىلارنى تارقىتىش كەسپلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن.

## كۈمۈش پۇل

شىنجاڭدا كۈمۈش پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بۇيان كۆپ ھاللاردا كۈمۈش پۇل ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل پۇلنى «تەڭگە» دەپ ئاتىغان ھەمدە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. 1827- يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاقسۇدا پۇل قۇيۇش ئورنى تەسىس قىلىپ، شەكلى قىزىل مىس پۇلغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، قىممىتى 16 تىيىن قىزىل مىس پۇلغا تەڭ كۈمۈش پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى، قوقەن خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا سوقۇنۇپ كىرىپ «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرغان ھەمدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى ھەم ئارقا يۈزىگە «ئابدۇل ئەزىز خان» ۋە «قەشقەردە قۇيۇلدى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن «تەڭگە» نامىدىكى كۈمۈش پۇل قۇيۇپ تارقاتقان⑨. شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئاۋۋال كۇچادا، كېيىن ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، بۇرۇنقى «تەڭگە» گە ئوخشاپ كېتىدىغان كۈمۈشتىن ياسالغان

«گۇاڭشۈي تەڭگىسى» نى تارقاتقان، 1887- يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە قەشقەردە بۇرۇنقى تەڭگىلەرنى يىغىۋېلىپ، يىل، ئاي ۋە جايى ھەم قۇيغۇچى ئۇستىنىڭ نام - شەرىپى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. 1889- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قۇيۇلغان كۈمۈش پۇللاردىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق ئۈچ جايدا پۇل قۇيۇش ئورنى تەسىس قىلىپ، سوممىسى بەش يارماق، ئۈچ يارماق، ئىككى يارماق ۋە بىر يارماقلىق «گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى»، «ئۈرۈمچى گۇاڭشۈي كۈمۈش تەڭگىسى»، «گۇاڭشۈي يامبۇسى»، «بۈيۈك چىڭ كۈمۈش پۇلى»، «قەشقەر كۈمۈش تەڭگىسى»، «شۈەنتۇڭ كۈمۈش پۇلى»، «شۈەنتۇڭ يامبۇسى» نامىدىكى پۇللارنى تارقاتقان. بۇ ھال چىڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغان مەزگىلگىچە داۋاملاشقان.

## قەغەز پۇل

شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، باش مۇپەتتىش ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭ مالىيىسىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پادىشاھ گۇاڭشۈي (1875 - 1908) نىڭ يارلىقى بويىچە، ئۈرۈمچىدە مەخسۇس پۇلخانا تەسىس قىلىپ، شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ قەغەز پۇل تارقاتقان، ئارقىدىنلا قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆپلەپ قەغەز پۇل تارقىتىپ، بۇ جايلارنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىللەردە جەمئىي 12000 پارچە قەغەز پۇل تارقىتىلغان [10]. ھەر بىر پارچە قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 400 تىيىن قىزىل



مىس پۇلغا باراۋەر بولغان [11]. 1903- يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا يەنە 30000 پارچە قەغەز پۇل تارقىتىلغان [12]. بۇ مەزگىلدىكى ھەربىر پارچە قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ بولغان. كېيىنكى مەزگىللەردە، قەغەز پۇللار تېخىمۇ كۆپلەپ تارقىتىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىدە بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان بولغان.

## ئالتۇن پۇل

1907- يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پەرمانبەردارى ۋاڭ شۇنەن شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىدە ئىشلىتىلىۋاتقان مېتال پۇللارنى تولۇقلاش ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ئاجرىتىلىدىغان «ھەمكارلىق پۇلى» نىڭ يېتىشسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جايلاردىن كېپەك ئالتۇن سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ شۈيموگو ماشىنىسازلىق ئىدارىسىدە سوممىسى بىر يارماق ۋە ئىككى يارماقلىق ئىككى خىل ئالتۇن پۇل قۇيۇپ تارقاتقان. بۇ خىل پۇللارنىڭ ئالدى ھەم ئارقا يۈزىگە خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە پۇلنىڭ سوممىسى، ئارقا يۈزىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن، پۇل قۇيۇلغان تۆت ئاي ۋاقىت (1907- يىلى 5- ئايدىن 9- ئايغىچە) ئىچىدە جەمئىي 5000 سەر ئالتۇن پۇل تارقىتىلغان [13]. لېكىن بۇ خىل پۇللار بازارغا چىقىشى بىلەنلا باي سودىگەرلەر تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغاچقا، بازار يۈزىدە قايتا ئۇچراتقىلى بولمىغان. شۇڭا ۋاڭ شۇنەن ئالتۇن پۇل قۇيۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى تۆت خىل پۇل چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق پۇللار بولغان. بۇ خىل پۇللار

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىغا ئوخشاش چىڭ ھۆكۇمىتىنىڭ يەرلىكتە تەسىس قىلغان پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بىر تۇتاش تارقىتىلغان ھەمدە شىنجاڭ رايونىنىڭ پۇل ئوبوروتىدا باشتىن ـ ئاخىر ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشتىن توختىغان. 1913ـ يىلى ياڭ زېڭشىن بىر يۇرۇش پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئىلگىرىكى پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرىنى تەرتىپكە سالغان، بۇنىڭ بىلەن ئاۋۋال ئۇرۇمچىدىكى پۇل قۇيۇش ئورنى تەرتىپكە سېلىنىپ، يېڭىدىن مەخسۇس قەغەز پۇل تارقىتىشقا مەسئۇل بولىدىغان پۇلخانا تەسىس قىلىنغان. بىراق كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، ياڭ زېڭشىننىڭ قاتمۇ قات توسقۇنلۇقلىرى ۋە ھەر خىل چەكلىمىلىرى تۈپەيلىدىن جايلاردىكى پۇلخانىلار تەرەققىيات ئىستىقبالىدىن مەھرۇم قېلىپ، 1928ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي تاقىلىپ قالغان.

## 4. يېقىنقى زاماندا قۇرۇلغان بانكىلار

شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، تۈنجى باش مۇپەتتىش لىيۇ جىنتاڭ يىغىلىق سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان شىنجاڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چىڭ ھۆكۇمىتىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۇمرانلىقىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قاتار ئاكتىپ چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويغان. ئۇ ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە



ساھەسىنى تەرتىپكە سېلىپ، ياقۇپبەگ دەۋرىدە قۇيۇلغان ھەر خىل مېتال پۇللارنىڭ داۋاملىق ئىشلىتىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۈرۈمچىدە مەخسۇس پۇل تارقىتىش ئورنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا قىزىل مىس پۇل قۇيۇپ تارقاتقان ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردە يەنە يېڭىدىن قەغەز پۇل تارقىتىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ پۇل تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كەلتۈرگەن. بۇ ھال شىنجاڭدا يېقىنقى زامان بانكىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن.

### جۇڭگو ـ روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسى

جۇڭگو ـ روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسى ئاۋۋال 1900ـ يىلى قەشقەردە، 1903ـ يىلى ئىلىدا قۇرۇلغان. كېيىن يەنە چۆچەك، تۇرپان، بارىكۆل، جىمسار، يەكەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تەسىس قىلىنغان. مەزكۇر بانكا زايوم، شىركەت قەرزى ۋە پاي چېكى ئېلىپ ـ سېتىش؛ پۇل، ئالتۇن ـ كۈمۈش، پېرېۋوت چېكى، ئامانەت ـ قەرز ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ ـ سېتىش؛ زايوم، پاي چېكى ھەم شىركەت قەرزلىرىنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولۇش؛ پۇل ئامانەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىش ۋە تاۋارلارنى تۇشۇپ يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولۇش؛ ھەر خىل شەكىلدىكى چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش؛ پۇل ئامانەت ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش؛ قىممەتلىك ھەم جىددىي ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ساقلاش؛ سەر، يۈەن، پوندستېرلىڭ ۋە باشقا خىل پۇللارنىڭ كرېدىت بېلىتىنى تارقىتىش؛ جۇڭگو ھۆكۇمىتىنىڭ قەرز ئۆسۈمىنى سۈرۈشتۈرۈش، تۆمۈر يول پوچتىسىنى تەسىس قىلىش ھەمدە جۇڭگو ھۆكۇمىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن پۇل

قويۇپ تارقىتىش؛ ھەر خىل قەرز ئىشلىرىنى بېجىرىش؛ سۇغۇرتا ئىشلىرىنى يولغا قويۇش؛ مۇقىم مۈلۈكلەرنى ئېلىپ - سېتىش قاتارلىق ئون نەچچە خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ پۇل مۇئامىلە ئورگىنى بولۇپ قالغان. شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرى ئاساسەن مۇشۇ بانكا ئارقىلىق كونترول قىلىنغان. نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە باي سودىگەرلەر بەس - بەس بىلەن پۇل ئامانەت قويۇپ، بانكىنىڭ كىرىمىنى مىسلىسىز دەرىجىدە ئاشۇرغان. 1911- يىلىغا كەلگەندە، جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسىنىڭ ئالتۇن ئامانەت ئورگىنى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر ۋە ئاھالىلەر بارلىق ئالتۇنلىرىنى بۇ ئورگاننىڭ ساقلىشىغا بەرگەن، نەتىجىدە، جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسى مەبلەغ جەھەتتىكى ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ ئىقتىسادىنى كونترول قىلىشقا باشلىغان.

جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسى تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن، روسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي تەسىر كۈچى ئانچە زور بولمىغان. لېكىن بۇ بانكىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، روسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئاشكارە ھالدا سوممىسى بىر يۈەن، بەش يۈەن، 10 يۈەن، 50 يۈەن ۋە 100 يۈەنلىك ئالتۇن ھەم ئادەتتىكى كۈمۈش تەڭگىنى بىرلىك قىلغان قەغەز پۇللارنى كۆپلەپ تارقاتقان. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ بازارلىرىنى روسىيىنىڭ رۇبلىلىرى قاپلاپ كەتكەن⑭. 1913- يىلى جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسى يەنە مەخسۇس روسچە، خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە تۆت خىل يېزىق چۈشۈرۈلگەن، سوممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر تىيىن،



ئىككى تىيىن، بىر يارماق، بەش يارماق، بىر سەر بولغان ئالتۇن بىرلىكىدىكى بىر مىليون رۇبلىلىق قەغەز پۇل تارقاتقان. 1914- يىلىغا كەلگەندە، تارقىتىلغان پۇل بەش مىليون رۇبلى قىممىتىگە، 1915- يىلى توققۇز مىليون رۇبلى قىممىتىگە يەتكەن⑮. بۇ خىل پۇل تارقىتىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە نەق پۇلغا تېگىشىش نىسبەتەن ئوڭاي بولغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ھەمدە شىنجاڭ بازارلىرىدا ناھايىتى كەڭرى ئومۇملاشقان. لېكىن 1914- يىلىدىن كېيىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى بىلەن رۇبلى ۋە باشقا ئالتۇن قىممىتىدىكى ھەر خىل قەغەز پۇللار كۆپلەپ تارقىتىلغاچقا، ئېغىر پۇل پاخاللىقى يۈز بەرگەن، ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسى نەق پۇل تېگىشىش تىجارىتىنى توختاتقان. بۇ ھال شىنجاڭ خەلقىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن زور زىيانغا ئۇچراتقان. ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، روسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جەمئىي بىر مىليارد سەر كۈمۈش قىممىتىدىكى مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان⑯. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو - روسىيە داۋشېڭ شۆبە بانكىسى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىپ ئاستا - ئاستا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، 1927- يىلىغا كەلگەندە، ئېغىر زىيان تۇپەيلىدىن ئاخىر تاقىلىپ قالغان.

## شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1930- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى قۇرۇلغان. ئەينى چاغدا، جىن شۇرېن ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن 50 مىڭ سەر پۇل ئاجرىتىپ، مەزكۇر بانكىنى دەسلەپكى مەبلەغگە ئىگە قىلغان، لېكىن بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا بانكا

ئىشتىن توختىغان. شىڭ شىسەي تەختكە چىققان (1933- يىلى) دىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە ئۆلكىلىك بانكىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش بانكىنى تەسىس قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي، قەشقەر، كۇچا، خوتەن، قاراشەھەر، قۇمۇل، ئاقسۇ قاتارلىق توققۇز شەھەردە شۆبە بانكىلارنى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغان. 1938- يىلى 2- ئايدا ماۋزېمىننىڭ شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تەيىنلىنىشى بىلەن، شىنجاڭ مالىيىسىدە زور يېڭىلىقلار بارلىققا كەلگەن. 1939- يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا رەسمىي تۈردە شىنجاڭ سودا بانكىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. دەسلەپكى مەزگىلدە، بانكا جەمئىي بەش مىليون يۈەن مەبلەغكە ئىگە بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 60 پىرسەنتى ھۆكۈمەتنىڭ، 40 پىرسەنتى سودىگەرلەرنىڭ بولغان⑰. ماۋزېمىن قوشۇمچە بانكا كېڭەش مەجلىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ماۋزېمىن ئەينى دەۋردىكى پۇل پاخاللىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەخسۇس پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان. 1939- يىلى 2- ئاينىڭ 1- كۈنى ئۇ، شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ 10 مىليون يۈەن يېڭى پۇل تارقىتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 4000 سەر كونا ئۆلكە پۇلى ۋە 160 سەر قەشقەر تېزىسىنى بىر يۈەن يېڭى پۇلغا ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. 1939- يىلى 7- ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا «يۈەن» نى بىرلىك قىلغان يېڭى پۇل ئومۇملىشىپ، بۇرۇنقى ئۆلكە پۇلى ۋە قەشقەر تېزىسى قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. 1940- يىلى 11-



ئايدا، شىنجاڭ سودا بانكىسى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى چەكلەش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق تەدبىرى» نى ئېلان قىلىپ، ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ سىرتقا ئېقىشىنى چەكلىگەن ھەمدە يەنە گومىنداڭ مەركىزىي بانكىسى تارقاتقان فابى (1935- يىلىدىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان قەغەز پۇل - ئا) نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىشلىتىلىشىنى توختاتقان. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ سودا بانكىسى تارقاتقان يېڭى پۇل شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىدىكى ئەڭ ئاساسلىق پۇلغا ئايلانغان. 1942- يىلى 11- ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى نائىلاج بەش يۈەن فابىنى بىر يۈەن يېڭى پۇلغا، 0.25 يۈەن گۈەنجىن بېلىتى (گومىنداڭ مەركىزىي بانكىسى تەرىپىدىن 1931- يىلى تارقىتىلغان باج تۆلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاكسىيد - ئا) نى بىر يۈەن يېڭى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن فابى ۋە گۈەنجىن بېلىتى شىنجاڭدا قوشۇمچە پۇل سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

1943- يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ سودا بانكىسى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان. بانكا 212 مىڭ 690 پايغا ئىگە بولغان بولۇپ، ھەر بىر پاينىڭ سوممىسى بەش يۈەندىن جەمئىي 1 مىليون 634 مىڭ 50 يۈەن بولغان⑱. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن شىنجاڭ سودا بانكىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە كېڭەش مەجلىس ۋە باش بانكا تەسىس قىلىپ، جايلاردا يەنە نۇرغۇن شۆبە بانكىلار ھەم ۋاقىتلىق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ چىققان. 1944- يىلىدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بىلەن، بانكىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ توقسۇن، باي، يېڭىسار،

گۇما قاتارلىق جايلىرىدىكى شۆبە تارماقلىرى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئىشتىن توختىغان.

1948- يىلى 9- ئايدا، شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ نامى قايتىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىغا ئۆزگەرتىلگەن. شۇنداق قىلىپ 1930- يىلى 7- ئايدا قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا، 1939- يىلى 1- ئايدا شىنجاڭ سودا بانكىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، 1948- يىلىغا كەلگەندە يەنە يېڭىدىن بۇرۇنقى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، بۇ بانكا 1939- يىلدىن ئېتىبارەن يېڭى پۇل تارقىتىشقا باشلىغان بولۇپ، تاكى 1949- يىلىغىچە شىنجاڭ بازارلىرىنى تولۇق كونترول قىلىپ كەلگەن. لېكىن 1949- يىلى 5- ئاينىڭ 20- كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، كۈمۈش تەڭگە ۋە كۈمۈش تەڭگە بېلىتى تارقاتقان ھەمدە ھەر 600 مىليارد يۈەن يېڭى پۇلنىڭ بىر يۈەن كۈمۈش تەڭگىگە ئالماشتۇرۇلۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغان (1949- يىلى 9- ئاي) غا قەدەر جەمئىي 568 مىڭ 501 يۈەن كۈمۈش تەڭگە، 10 مىليون 69 مىڭ كۈمۈش تەڭگە بېلىتى تارقىتىلىپ ⑲. شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. شىنجاڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن بولسا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئۈرۈمچىدە باش بانكا، جايلاردا 11 شۆبە بانكا، 15 ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىشقا باشلىغان ھەمدە شىنجاڭدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق پۇل مۇئامىلە ئورگىنى بولۇپ قالغان.

## مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچى شۆبە



## بانكىلىرى

مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچى شۆبىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1943- ، 1944- يىللىرى قۇرۇلغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ بانكىلارنى تەسىس قىلىشىدىكى مەقسىتى فابى ۋە گۈەنجىن بېلىتى ئارقىلىق شىنجاڭ ئىقتىسادىنى كونترول قىلىش ھەمدە بانكا كىرىمى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەربىي مەمۇرىي خادىم ۋە ئورگانلىرىنىڭ خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىدى. شۇڭا بانكا قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سوممىسى 100 يۈەنلىك، 250 يۈەنلىك، 500 يۈەنلىك، 1000 يۈەنلىك، 2000 يۈەنلىك، 5000 يۈەنلىك، 10000 يۈەنلىك، 20000 يۈەنلىك، 25000 يۈەنلىك، 50000 يۈەنلىك 10 خىل گۈەنجىن بېلىتى تارقىتىپ، 1948- يىلىغا كەلگەندە تارقاتقان پۇلنىڭ ئومۇمىي سانىنى جەمئىي ئۈچ تىرىليون يۈەنگە يەتكۈزگەن ⑳. ئالماشتۇرۇش نىسبىتى جەھەتتە بولسا بىر يۈەن گۈەنجىن بېلىتى تۆت يۈەن يېڭى بىلەت، بەش يۈەن فابى بىر يۈەن يېڭى پۇل بىلەن تېگىشىلگەن. 1948- يىلى 8- ئاينىڭ 19- كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ يېڭىدىن دوللار (بىر خىل قەغەز پۇل) بېلىتى تارقاتقان. شۇ يىلى مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى سوممىسى بىر مو، ئىككى مو، بىر يۈەن، بەش يۈەن، 10 يۈەنلىك بەش خىل دوللار بېلىتى تارقاتقان. 1949- يىلىغا كەلگەندە، يەنە سوممىسى 100 يۈەنلىك، 500 يۈەنلىك، 1000 يۈەنلىك دوللار ئارقا - ئارقىدىن تارقىتىلغان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئېغىر پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىققان. دەرۋەقە، 1949- يىلى 5- ئاينىڭ 20- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ قايتىدىن كۈمۈش تەڭگە ۋە كۈمۈش تەڭگە بېلىتى

تارقاتقان ھەمدە بىر يۈەن كۈمۈش تەڭگىنى بىر مىليون دوللارغا تېگىشىش نىسبىتى بويىچە بازارلاردا ئېقىۋاتقان كونا دوللارنى يىغىۋالغان.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بانكىسى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بانكىسى 1945- يىلى 1- ئايدا غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان. بانكا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاساسلىقى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ باش خەزىنىسىنى باشقۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە مەخسۇس پۇل تارقىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تارقاتقان يېڭى پۇل بىلەن قىممىتى ئوخشاش بولغان قەرەللىك چەك تارقاتقان ㉑. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1945- يىلى 8- ئايدا بەش يىلغا بۆلۈپ قايتۇرۇلىدىغان ئۆسۈمسىز 300 مىليون يۈەن «غالىبىيەت زايومى» تارقاتقان. نەتىجىدە. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بانكىسى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بىردىنبىر پۇل تارقىتىش مەركىزىگە ئايلانغان. بانكا جەڭ ئولجىلىرى ئىچىدىكى نەق پۇل، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنى ساقلاش ھەم باشقۇرۇش؛ پۇل ئامانەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش؛ ئاما ئىئانە قىلغان پۇللارنى ساقلاش؛ بۇرۇنقى بانكىنىڭ پۇل ئامانەت ۋە قەرز ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش؛ ھەربىي قىسىملار ھەمدە ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلارنىڭ خىراجەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش؛ زايوم تىجارىتى ئارقىلىق كەلگەن نەق پۇل ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ساقلاش؛ شەخسىلەرنىڭ پۇل ئامانەت، قەرز ھەم پۇل پېرېۋوت ئىشلىرىنى بېجىرىش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. 1946- يىلى 2- ئايدا، چۆچەك ۋە ئالتاي



شەھەرلىرىدە بۇ بانكىغا قاراشلىق تارماق بانكىلار تەسىس قىلىنىپ، بۇ رايونلاردىمۇ يېڭىچە مالىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. كېيىنكى مەزگىللەردە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى پۇلنى بايقۇت قىلىش يۈزىسىدىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بانكىسى مەزكۇر بانكىنىڭ تامغىسى بېسىلمىغان يېڭى پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. بۇنىڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدا ئېقىۋاتقان يېڭى پۇللار ئاستا - ئاستا ئۆز قىممىتىنى يوقىتىشقا باشلىغان.

1946- يىلى 7- ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بانكىسىنىڭ نامى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسىنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىسى» غا ئۆزگەرتىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بانكىسى قەرەللىك چەك بېسىپ تارقىتىشنى توختاتقان. بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي خىراجەتلەر ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغان بولغان. لېكىن 1947- يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بانكىسى قايتىدىن قەرەللىك چەك تارقىتىپ، چەكنىڭ نامىنى «شىنجاڭ سودا بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ قەرەللىك چېكى» دەپ ئاتىغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن بولسا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بانكىسى داۋاملىق تۈردە قەرەللىك چەك تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىشلەتكەن، بۇ ھال تاكى يېڭى خەلق پۇلىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن ۋاقتى (1952- يىلى 1- ئاي) غىچە داۋاملاشقان.

## شىڭجى بانكىسى

شىڭجى بانكىسى 1911- يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلدارى چېن جىتاڭ تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان. مەزكۇر بانكا قۇرۇلۇپ دەسلەپكى بىر نەچچە ئاي مەخسۇس قەغەز پۇل بېسىپ تارقاتقان. تارقىتىلغان پۇلنىڭ سانى جەمئىي 570 مىڭ 360 سەر كۈمۈش بولغان㉒. لېكىن بانكىنىڭ چىقىمى ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتكەچكە، بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا تاقىلىپ قالغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلىسى رەنە كەسپىدىن خۇسۇسىي بانكىلارغا، خۇسۇسىي بانكىلاردىن پۇل قويۇش ئورۇنلىرىغا، پۇل قويۇش ئورۇنلىرىدىن بانكىلارغىچە بولغان تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن. لېكىن باشقا بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ھەر خىل مۇئەسسەسەلەر كۆپ ھاللاردا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپ ۋە چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئېزىشتىكى ۋاستىسى ھەم قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئىقتىسادىي قالاق، خەلقى نامرات بولۇشتەك ئەھۋالدىن يەنىلا قۇتۇلالمىغان، بۇ ھال شىنجاڭ يېقىنقى زامان پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

**ئىزاھات:**

①⑤⑧㉒ مو يۈەن: «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ پۇل



تارىخى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994- يىل نەشرى، 137-، 274- 275-، 277-، 286- بەتلەر.

② «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى، پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نى تۈزۈش كومىتېتى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»، 2- قىسىم، 1988- يىل نەشرى، 239- بەت.

③⑥⑱⑲㉑ سۇڭلىك قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان ئىقتىساد تېخنىكا تەرەققىياتى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1993- يىل نەشرى، 212-، 214-، 219-، 220-، 222- بەتلەر.

④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3- قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988- يىل نەشرى، 268- بەت.

⑦⑯ ۋېي يۇڭلى: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى غەربىي - شىمالنى ئېچىش تارىخى»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1996- يىل نەشرى، 429-، 433-، 434- بەتلەر.

⑨ دۇڭ چىڭشۇەن: «شىنجاڭنىڭ كۈمۈش پۇللىرى»، «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» ژورنىلى، 1986- يىل 8- سان (قوشۇمچە سانى).

⑩⑫ چەي جىسىن: «يۈز يىل مابەينىدىكى شىنجاڭ پۇلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1983- يىل 3- سان.

⑪ فوشىرو: «شىنجاڭ قەغەز پۇلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى»، «شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1983- يىل 1- سان.

⑬ مويۈەن: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ پۇللىرى ۋە پۇل ئوبوروتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد تەتقىقاتى»

ژۇرنىلى، 1989- يىل 5- سان.

⑭⑮ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990- يىل نەشرى، 461- بەت.

⑰ بەي خۇيىيڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989- يىل نەشرى، 10- بەت.

⑳ كۇاڭ خاۋلىن: «جۇڭگو يېقىنقى زامان ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ ئىقتىساد تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992- يىل نەشرى، 205- 207- بەتلەر.

ئاپتورى: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي تارىخى فاكۇلتېتىدىن



# ئازادلىقنىڭ باشلىرىدا ئاۋاتتا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار

ئابدۇۋەلى ئەيسا

ئاۋات ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 1949- يىلى 29- سېنتەبىر كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

ھاكىم ئابدۇللا سەمەدىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئازاد» تەشكىلاتىنىڭ (1948- يىل 6- ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغان) ئەزالىرى بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئازادلىق خۇشاللىقىدا ئىپتىخارلىنىپ ھاياجانلاندۇق، كۆزىمىزدىن شاد - خوراملىق ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى. چۈنكى، ئەسىرلەر بويى زۇلۇم ئاسارىتىدە ئېزىلگەن، ئەركىنلىك، ئازادلىققا تەشنا بولغان خەلق ئاممىسى يېڭى ھاياتنىڭ پارلاق تېڭى ئاتقانلىقىنى ئاڭلاپ شادىمان بولغانىدى. ئەل - يۇرتنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن ساقچىلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش بىرلەشمە ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئابدۇللا سەمەدى مەسئۇللۇقنى ئۈستىگە ئالدى، ھەرقايسى ئورۇن، مەكتەپ، كوچا - مەھەللىلەردە گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى.

ئاۋاتتىكى گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقە بۆلۈمى بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ

گۇمران بولۇۋاتقانلىقىدىن چۈشكۈنلىشىپ ھەم ئۆز - ئۆزىدىن ئۈركۈپ، ئاقسۇغا بېرىپ يېتىۋالغان، ناھىيە خەلقى بىر مەزگىللىك بولسىمۇ پىتنە - ئىغۋا، پاراكەندىچىلىكتىن خاتىرجەم بولغان ئىدى. لېكىن، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، يامان ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلماي بولمايتتى.

9- ئاينىڭ 25- كۈنى، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى ئەشەددىي جاھىل ئەكسىيەتچىلەردىن ما چىڭ شياڭ، يې چىڭ، لو شۇرىن، مەمتىمىن، ئەيسالار ... ئاقسۇغا كەلگەندە، پانتۈركىست ئەيسا: «دەرھال ئاقسۇغا كېلىڭ، چەت ئەلگە بىرگە چىقىپ كېتىمىز»، دېگەن مەزمۇندا نىياز ئىسىملىك ئادەمدىن ئابدۇللا سەمەدىگە مەخپىي خەت ئەۋەتكەن ئىكەن. ئابدۇللا سەمەدى: «مەن ۋەتەندىن يۈز ئۆرىمەيمەن، مەن ئارزۇ قىلغان ھۆكۈمەت دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، مەن خاتىرجەم، خۇشال تۇرىۋاتىمەن»، دەپ جاۋاپ قايتۇرۇۋەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىز شىنجاڭ گېزىتىدىن رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ 10- ئاينىڭ 1- كۈنى تيەنئەنمېن مەيدانىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىغان خۇش خەۋىرىنى ئوقۇپ دىلىمىز سۆيۈنۈپ شادلىققا چۆمدۇق. بۇ قۇتلۇق كۈننى خاتىرىلەپ چوڭ يىغىن ئېچىش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئىشلەندى. ئاۋۋال ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 100 دانە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق تەييارىپ، ئۇنى ئىدارە، جەمئىيەت، مەكتەپلەرگە تارقاتتى، ئاندىن رەسسام يۈسۈپ ياقۇپ («ئازاد» تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى، ئۆزبېك) رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ گېزىتكە بېسىلغان سۈرىتىنى ماسشتاب بىلەن چوڭايتىپ سىزىپ چىقتى، لوزۇنكا، شوئارلار تەييارلاندى.



ھەممە تەييارلىق پۈتۈپ، چوڭ يىغىن ئېچىشقا بىر كۈنلا ۋاقىت قالغاندا، ئۇشتۇمتۇت ئاقسۇدىكى لى زوتاڭنىڭ 56- بىرىگاداسىنىڭ بىر يىڭ ئەسكىرى ئاۋاتقا كېلىپ ساقچى ئىدارىسى بىلەن ئۇيغۇر ئويۇشما بىناسىغا ئورۇنلىشىپ، ئۆگزىگە پىلىموتلارنى تىكلەپ قويىدى، ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ كەينىدىكى كۆۋرۈككە، ھەرقايسى كوچا ئېغىزلىرىغا ئاپتوماتلىق ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزدى.

ئاھالىلار غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئىش - ئوقەت قىلالمايدىغان، كەچ سائەت 10 دىن كېيىن تالا - تۈزگە چىقالمايدىغان، دەككە - دۈككىدە ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھەرقايسى ئورۇن، يېزا، بازار، مەكتەپ مەسئۇللىرى ئارقىلىق «سودا - سېتىق ئۈچۈن بازارغا كىرمەسلىك، بەزمە - مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ توپلىشىپ يۈرمەسلىك، مەكتەپلەر دەرس توختۇتۇش، ھوشيار تۇرۇپ، قاراۋۇللۇق ئىشلىرىنى كۈچەيتىش» ھەققىدە جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. شۇ كۈنلەردە غورا قاپاق، شادىپاچاق يىڭجاڭ، دوك سەنمۇ ھەم تىلماچ (روس، خەنزۇ قان سىستېمىدىكى شالغۇت) ئىككى ئەسكەر بىلەن قائىدە - يوسۇنسىز ھاكىم ئىشخانىسىغا كىرىپ كېلىپ، يىڭجاڭ: «6 ئاي بولدى، ئەسكەرلەرمۇ ئاشسىز، تۇرمۇشتا قىينالدى، لى لۈيجاڭنىڭ ئەمرى بىلەن كەلدۇق» دېگەندە، ئابدۇللا سەمەدى: «ناھىيىمىز ئامانلىقنى قوغداشقا لى لۈيجاڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ دۆلەت ئارمىيىسىنى ئەۋەتىپتۇ، قارشى ئالىمىز، لۈيجاڭغا كۆپ رەھمەت، ئاشلىق، گۆش، ياغ، قوشۇمچە يېمەكلىكەر زاپاس، تەمىناتنى كەڭتاشا يەتكۈزۈپ بېرىمەن» دەيدۇ.

يىڭجاڭ: «چۈشەنمەپسىز ھاكىم! ئەسكەرلەرگە جىڭ جىڭ پۇل كېرەك، قەغەز پۇلنىڭ كېرىكى يوق، ئالتۇن، كۆمۈش، بېرىشىڭىز كېرەك، دېمەكچى»، دەيدۇ.

ئابدۇللا سەمەدى: «مۇنداق دەڭ، مەلۇمكى، ئاۋات دېھقانچىلىق رايونى، چوڭ سودىگەر - بايلار يوق، ئىقتىسادىي ئۇلىمىز ئاجىز، كاسسا قۇرۇق. تەكرارلايمەنكى، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە سىلەر تويغىدەك، سىزمۇ رازى بولغۇدەك كۈتۈۋالىمىز» دەيدۇ.

56– برىگادادىن كەلگەن بۇ گومىنداڭ قىسمىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىنى ۋە مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھاكىم ئابدۇللا سەمەدى ئۇلارنى رازى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يولغا سالدى. ئاندىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان 6 تۇياق سېمىز كالا، 20 قوي، 100 جىڭ ھاراق، 300 جىڭ موخۇركا، 200 جىڭ شېكەر، 20 ھارۋا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ يىڭ شتابىغا باردى. يىڭجاڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ ئوراغلىق 100 كۆمۈش تەڭگىنى ئۇنىڭ گېلىغا ئۇرۇۋەتتى، يىڭجاڭنىڭ بەد - بەشىرە چىرايى ئانچە - مۇنچە ئېچىلدى ۋە مەمنۇن بولۇپ سەت ھېجايدى.

ئابدۇللا سەمەدى ئۇ جاھىل ئەبلەخلەرنى مۇشۇنداق باپلاپ قاملاشتۇرۇپ ھەل قىلمىغان بولسا، ئاۋات خەلقىمۇ قومۇل، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكىگە ئوخشاش بۇلاش - تالاش، قانلىق پاجىئەلەردىن چەتتە قالمايتتى. بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلار 10 نەچچە كۈندىن كېيىن غىپپىدە ئاقسۇغا كەتتى.

10– ئاينىڭ 28– كۈنى، رەستە كوچىلار، ئىدارە، مەكتەپلەر بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق، لوزۇنكا، شوئارلار



بىلەن كۆركەم زىننەتلەندى. چوڭ يىغىن ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ كەڭ سەيناسىغا راسلىنىپ، سەھنىدىكى دۆلەت بايرىقى بىلەن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىگە يىغىن ئەھلى مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن زوقلىنىپ قارىشاتتى.

ناغرا، سۇناي شادىيانىگە چېلىنىپ تۇردى، ئەلنەغمىچىلەر دولان مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى تۆگىتىپ دولان مەشرىپىگە كۆچكەندە، بايراملىق كىيىملەرنى كىيگەن ئەر - ئايال، ياشلار بەس - بەستە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ئازادلىق خۇشاللىقىنىڭ كاتتا مەرىكىسىنى تەنتەنە قىلىشتى.

بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى ئابدۇللا سەمەدى ئۆز قولى بىلەن يۇقىرىغا سىرىپ مومىغا چىقاردى.

ئابدۇللا سەمەدى سۆز قىلىپ: جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگودىكى ئىزىلگۈچى ھەر مىللەت خەلقى ئويغىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، يەنى بىز ئارزۇ قىلغان، تەشنا بولغان، ئادىل، خەلقپەرۋەر ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. پارلاق يېڭى ھايات، گۈزەل، ئەركىن، يېڭى تۇرمۇش كەچۈرۈش پۇرسىتى يېتىپ كەلدى، ئىزىش - ئىزىلىشكە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىلدى ...

ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ۋەيران بولغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە ئىقتىسادىمىزنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقدا، ئارمىيىمىز يېتىپ كەلگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، يېڭى

تەرەققىياتلار تولۇق ئىشقا ئاشىدۇ، دېگەندە، گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى پۈتۈن مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. تەنتەنە ساداسى يىراق سەھرالارغىچە جاراڭلىدى.

11ـ ئايلاردا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، «ئازاد» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىدىن پازىل ئايتاقى (قىرغىز، زىيالى)، يۈسۈپ ياقۇپ، ئابدۇۋەلى ئەيسا (بۇلار ئۆزبېك)، كېشاڭ (خەنزۇ)، مامۇت مۇسالار يېتەكچىلىكىدە 30 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاۋات خەلق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاقسۇغا باردۇق. ئاقسۇ ۋە كونىشەھەر خەلقلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. كونىشەھەر ئالاھىدە زىننەتلىنىپتۇ، ئىستىقبالغا چىققۇچىلار قوشۇنى شەھەردىن جام رايونىغىچە سەپ بوپتۇ.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبقا يۈرگەن ئىمىنوفنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى بىلەن سەيپۇللايوف يېتەكچىلىكىدىكى «جەنۇبىي شىنجاڭ تەشۋىق ئۆمىكى» ئەزالىرى يېتىپ كەلدى. جەڭچىلەر بىلەن ئۆمەك ئەزالىرى بىر خىل يارىشىملىق ھەربىي پورما كىيگەن، ھەربىي مەشىقكە ئۆگۈتۈلگەن ئاتلار رېتىملىق ئاياق ئېلىپ ئويناقشىپ كەلمەكتە ئىدى.

خەلق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭچى ـ پەرزەنتلىرىنى كۆرۈپ چىن دىلىدىن سۆيۈندى. ھەسرەت، قايغۇ ـ ئەلەم بىلەن ئېزىلگەن مەزلۇملارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ياشناپ، شاد ـ خوراملىقنىڭ ئىسسىق ياشلىرى سۈزۈك مەرۋايىتتەك ئاقتى ...

ئىككى كۈندىن كېيىن، سىياسىي كومىسسار ۋاڭ ئېنماۋ، قوماندان گوپېڭلار باشچىلىقىدىكى ئازادلىق ئارمىيە قوشۇنى «3 چوڭ ئىنتىزام، 8 دىققەت»، «شەرق قىزاردى» مارشلىرىنى



ئېيتىپ، يۈكتاقلىرى بىلەن قوراللارنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ (ھەربىي ئاپتوموبىللار كەينىدە) پىيادە كەلدى. خەلق ئاممىسى بۇلارنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ، چوڭقۇر تەسىرلەندى.

ئاقسۇ دولان دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قىزىل مەيدان (بۇ مەيدان 1940ـ يىلى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى خۇاڭ خوچىڭ ئاقسۇ ۋالىيسى بولۇپ ئىشلىگەن چاغدا بەرپا قىلىنىپ، «قىزىل مەيدان» دەپ نام بېرىلگەن) دا خەلق يىغىنى ئېچىلدى، ۋاڭ ئېنماۋ، گوپېڭ، ئىمىنوف، سەيپۇللايوف قاتارلىق رەھبەرلەر سەھنىدىن ئورۇن ئالدى.

ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپۇللايوفلار ئارقىمۇ ـ ئارقا مۇھىم سۆز قىلدى، يىغىن خۇشال ـ خوراملىق بىلەن ئاياغلاشتى. ئەتىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئىمىنوف، سەيپۇللايوفلار ئاۋات خەلق ۋەكىللىرىدىن 5 كىشىنى ئايرىم ـ ئايرىم قوبۇل قىلدى، بىز ئاۋات خەلقىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۇق. ئۇلار مۇھىم يوليورۇق، كۆرسەتمىلەرنى بەردى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي بىزدەك ئاددىي خادىملارنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز سۆيۈندى.

11ـ ئايدا «جەنۇبىي شىنجاڭ تەشۋىق ئۆمىكى» ئەزاسى ئابدۇقادىر ھەسەن بىلەن ئاۋات ئارقىلىق خوتەنگە يۈرۈش قىلىدىغان مايور مەمتوپىنىڭ ئاتلىق پولكىنىڭ كېلىش خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق. ئاما بازاردىن خېلى يىراق جايغىچە سەپ تارتىپ كۈتۈپ تۇرغان ئەسنادا، يىراقتىن:

كۈچلۈك قوللاردا قۇدرەتلىك قورال،
گاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملارىمىز.
......

دېگەن جاراڭلىق مارش ئاڭلاندى. يېقىن كەلگەندە، كوماندىر:

ئۈچ ۋىلايەت خەلقىدىن جەنۇب خەلقىگە سالام! دېگەندە، جەڭچىلەرنىڭ قىلىچلىرىنى باش ئۈستىدە يالتىرىتىپ ھۇررا! ھۇررا! ... دېگەن جاراڭلىق ئاۋازى كۆكتە ياڭراپ، ئاممىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىللىتىپ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار ئېقىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ زۇلۇم دەستىدىن يۈرەك - باغرى زەرداپ بولۇپ كەتكەن، دىلى سۇنۇق بوۋاي - مومايلار ئۆزىنى توختىتالماي بوقۇلداپ يىغلاپ كېتىشتى.

جەڭچىلەر ئالدىن تەييارلانغان ئىسسىق ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئابدۇقادىر ھەسەن، مايور مەمتوپ ۋە زاپاس ياش ئوفېتسېرلار ھۆكۈمەت بىناسىغا ئورۇنلاشتى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قەدىردان، ئېزىز مېھمانلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى، خەلق ئۆزلىكىدىن قوغۇن، تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئەكىلىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

قوشۇن ئىنتىزامىدا مەي - ئىچىملىك ئىچىشكە رۇخسەت قىلىنمىسىمۇ، ساھىپخانلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئاۋاتنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى مۇسەللەستىن ئىچىشىپ قىززىق چاقچاقلار بىلەن سورۇننى كۆڭۈلدىكىدەك قىزىتتى، شتاب باشلىقى ناسىروپ بىلەن خوجىلۇق بۆلۈم باشلىقى نىزامىدىنلارنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق ئىلى خەلق غەزەللىرى بىزگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى.

خەلق كۇلۇبىدا ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئويۇن باشلىنىش ئالدىدا مايور مەمتوپنىڭ دىرىژورلۇقىدا جەڭچىلەر: «ۋەتىنىمىزدىن ياۋلارنى قوغلاپ»، «جوڭخۇا دۆلىتى بۇ ئانا ۋەتەن» دېگەن يالقۇنلۇق مارشلارنى ئېيتىپ تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك - قەلبىنى لەرزىگە سالدى، سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان كونسېرت - كومېدىيىلەر



ئوينالدى، ئالاھىدە ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇسسۇلچى - 8 ياشلىق قىرغىز قىزى رېيھانغا مايور مەمتوپ بىر كىيىملىك سەتىن مۇكاپات بەردى.

شۇ چاغدا ئاۋاتتا يۇقۇملۇق زۇكام تارىلىپ كەتكەن ئىدى. يۇقۇملانغانلار ئاساسەن كەمبەغەل - نامراتلار ئىدى، پولكتا ئارانلا بىرنەپەر فىلشىر بولۇپ، سەپەر ئۈستىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان دورا بەك ئاز ئىكەن. ئۆزبېك فىلشىر يىگىت دورا ساندۇقىنى يۈدۈپ ئۆيمۇ ئۆي چېپىپ يۈرۈپ ھېرىش - چارچاشنى، تاماق يېيىشنى ئۇنتۇغان ھالدا بىمارلارنى ھەقسىز داۋالاش بىلەن بىرگە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، يەرلىك تېببىي ئۇسۇلدىن پايدىلىنىش ھەققىدە زېرىكمەي چۈشەنچە بەردى، خەلق ئۇلاردىن بەك رازى بولدى.

كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلغان 150 دەك كىشى پولك شتابى ئورۇنلاشقان ھۆكۈمەت بىناسىغا كېلىپ ئارمىيىنىڭ مېھرى - شەپقىتىگە، غەمخورلۇقىغا ئاپىرىن - تەشەككۇر ئېيتىپ، سېۋەتلەردە تۇخۇم، گۆلە - قاق، جىگدە، ياڭاق، يەرلىك كىرسوپون قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى.

خەلق ئىچىدىكى يۇقۇملۇق زۇكام كېسىلىنى داۋالاش سەۋەبىدىن پولك ئاۋاتتا بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدى.

بۇ جەرياندا ئابدۇقادىر ھەسەن 3 گۇرۇپپا تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ يېزا - سەھرالارغا ئەۋەتتى، بازار ئىچىدە ئىككى قېتىم چوڭ يىغىن ئېچىپ پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئاممىنىڭ ئاڭ - تۇيغۇسىنى، تونۇشىنى ئۆستۈردى. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا يولىيورۇق - كۆرسەتمە بېرىپ ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

12 - ئاينىڭ بېشىدا ئاۋات ئارقىلىق خوتەنگە يۈرۈش

قىلىدىغان خەلق ئارمىيىسىنىڭ بىر پىيادە تۇەنىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قارشى ئېلىشقا چىقتۇق، قارشى ئالغۇچى ئاممىنىڭ سېپى 5، 6 كىلومېتىر جايغىچە سوزۇلدى. قوشۇن ئېغىر قوراللارنى ئات - قېچىرلارغا ئارتقان، بارلىق جەڭچىلار يۇك - تاق ۋە قوراللىرىنى دۈمبىسىگە تاڭغان، ئاشپەزلەر يىمەكلىكلەرنى ئەپكەش بىلەن كۆتۈرگەن جۇشقۇن هالدا، جاراڭلىق هەم يېقىملىق «شەرق قىزاردى» مارشىنى ئېيتىپ يېتىپ كەلدى.

چۇشكۇنخانىدا سىياسىي كومىسسار خۇاڭ جىڭ ئاممىدىن سەممىي هال سوراپ: «شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى» دەپ سۆز باشلىغاندا، هۆكۇمەت تەرجىمانى ×× شىنجاڭ دېگەن سۆزنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ كېكەچلەپ تەرجىمە قىلدى، شۇ ئەسنادا ئابدۇللا سەممىدى غەزەپ بىلەن: «ماڭ ئىشىڭنى قىل!» دېدى. ئاندىن سۆزنى پازىل ئايتاقى (قىرغىز) ئاما چۇشەنگىدەك راۋان تەرجىمە قىلدى.

جەڭچىلەر ئالدىن تەييارلانغان دەڭ - ساراي ۋە ئىسسىق ئۆيلەرگە، شتاپ كادىرلىرى ناھىيىلىك هۆكۇمەتكە ئورۇنلاشتى. كوماندىر، جەڭچىلەر هەر كۇنى سەهەر تۇرۇپ، هاۋانىڭ سوغۇقلىقىغا قارىماي هويلا ۋە بازار - كوچىلارنى سۇپۇرۇپ - تازىلاپ، قېرى - ئاجىزلارنىڭ سۇيىنى توشۇپ، ئوتۇنىنى يېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. خەلق: «بۇلار هەقىقىي پۇقراپەرۋەر، ۋاپادار ئەسكەرلەر ئىكەن، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىكەن»، دەپ ئىپتىخارلىق بىلەن مەدھىيىلىدى.

خەلق كۇلۇبىدا قارشى ئېلىش كېچىلىكى ئۆتكۇزۇلدى،



يەرلىك سازەندىلەردىن سەيدۇللا قارى، يۇنۇس گەيجاڭلارنىڭ دولان راۋابلىرى، راشىدىن ئاخۇننىڭ تەمبۇرى، بارات تەڭكەش قىلغان داپىنىڭ ياڭراق هەم يېقىملىق كۇيلىرىنى، مۇڭلۇق، يۇقىرى ئاۋازلىق غەزەللىرىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان جەڭچىلەر سۆز تىكىستلىرىنى چۇشەنمىسىمۇ، زوق - ئىشتىياق بىلەن ئارقىمۇ ئارقا چاۋاك چېلىپ تۇردى، ئويۇن كۆڭۇللۇك ئاخىرلاشتى.

ئاۋاتتا دوختۇرخانا يوق، تەجرىبىلىك تېۋىپ، دورا تېخىمۇ يوق، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، هاۋا سوغۇق بولۇشتەك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن يۇقۇملۇق كېزىك كېسىلى تارقالغان ئىدى. بۇ ئېچىنىشلىق هادىسىدىن خەۋەر تاپقان خواڭ تۇەنجاڭ تۇەندىكى دوختۇر - فىلشىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى. بىمارلارنى داۋالاپ دورا تۇگىگەندە ئاقسۇ هەربىي رايونغا مەخسۇس ئادەم ئېۋەتىپ دورا ئەۋەتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. دېۋىزىيىنىڭ سەهىيە تارماقلىرىنىڭ تېز ئۇنۇم بېرىدىغان دورىلارنى ئەۋەتىپ ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا 120 دىن كۆپ ئېغىر كېسەلنى هەقسىز داۋالاپ سەللىمازا ساقايتتى، نەتىجىدە كېسەللىكنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇپ قالدى. بالا - قازادىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانلار ۋە بارلىق ئاما ئارمىيىنىڭ بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ئالىي جاناپ خىسلىتىگە چىن قەلبىدىن رەهمەت - ئاپىرىن ئوقۇدى، ئۇلار سەپەرگە چىققاندا ئايرىلغۇسى كەلمەي، يىراق جايلارغىچە ئەگىشىپ بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

1950- يىلى 2- ئايدا، ناھىيىلىك هۆكۇمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتى بىلەن يوليورۇق سورالغان ئالاقىنى ئېلىپ مامۇت مۇسا بىلەن مەن (ئابدۇۋەلى ئەيسا) ۋالىي مەهكىمىسىنىڭ ئومۇمىي

ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مايور مەمتىمىن خەلپەت ھاجىيوپنىڭ ھوزۇرىغا باردۇق.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە قوماندان ۋاڭ جېن ئاقسۇغا كەلگەن ئىكەن. خەلق كۈلۈبىدا ئېچىلغان چوڭ يىغىندا ۋاڭ قوماندانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تونۇشىمىزنى ئايدىڭلاشتۇردۇق. مەمتىمىن خەلپەت ھاجىيوپنىڭ يېتەكلىشىدە ۋاڭ قوماندانىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. 6، 7 مىنۇتلۇق قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق يوليورۇقلارنى بەردى، ھاياجانلىنىپ ئۆزىمىزنى باسالماي قالدۇق.

مىللىي ئارمىيە تەقدىم قىلغان ھەربىي فورما بەكمۇ ياراشقان قوماندان شۇكۈنى گومىنداڭ 56- برىگادانىڭ كوماندىرى لى زوتاڭنى بىرگە ئېلىپ چىقىپ، ماشىنا بىلەن قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

ئاۋات خەلقى 10 مىڭ يۈەنلىك (كۈمۈش تەڭگە) «غالىبىيەت زايومى» سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى ھەمدە ئاقسۇدىكى جەڭچىلەرگە 150 ھارۋا ئوتۇن ئەۋەتىپ بەردى. 50- يىل 3- ئاينىڭ 5- كۈنى ناھىيىمىزگە پارتكوم شۇجىسى لى يۈەن، ھاكىم ئابدۇراخمان سابىر، مۇئاۋىن ھاكىم گو ئەيچاڭ قاتارلىق رەھبەرلەر يېتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشتى. 3- ئاينىڭ 8- كۈنى خەلقئارا ئاياللار بايرىمىنى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنى ئېچىپ داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 50- يىل كۈز ۋە قىشتا، يېڭى سىياسەتنىڭ روھى بويىچە مۇۋاپىق دېھقانچىلىق بېجى ئېلىش خىزمىتى غەلىبىلىك ئورۇنلاندى. تۈنجى قېتىملىق بۇ ئىقتىسادىي



سىياسەتتىن كەمبەغەل دېھقانلار تولۇق بەھرىمان بولدى. تىرىكتاپ يەر ئىگىلىرى، مۇشتۇمزورلار زەربە يېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە خەلق ئاممىسى قەددىنى كۆتۈرۈپ ئويغاندى، ئەركىن مېھنەت، قايناق ھاياتنىڭ پارلاق داغدام يولى كەڭ ئېچىلدى.

يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرگە ئۆزۈم قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن بۇ ئەسلىمەمنى يېزىپ چىقتىم. يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى، تەنقىد پىكىر بېرىپ تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتورى: ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى

# ئۇلۇغ بۇرۇلۇش، پارلاق غەلىبە

— كۇچا ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئەسلىمە

نىياز مەھمۇد

1949- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەنتەنىلىك جاكارلانغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر تەشۋىقات ئەترىتى 11- ئاينىڭ 17- كۈنى كۇچاغا كىردى، 12- ئاينىڭ 24- كۈنى 5- دىۋىزىيىنىڭ 13- پولكى كۇچاغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. 1950- يىلى 3- ئاينىڭ 29- كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كۇچا مەركىزىي ناھىيىلىك كومىتېتى[1] قۇرۇلۇپ، 13- پولكنىڭ سىياسىي كومىسسارى خې جىڭنەن شۇجى بولدى. 1950- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر كونفىرېنسىيەسى[2] ئېچىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە پولك كومىسسارى بولغان ئۆمەر ئابدۇللا ھاكىملىققا سايلاندى. كۇچا ناھىيىسى 7 رايون، 21 يېزا، 155 مەمۇرىي كەنتكە ئايرىلىپ، باۋ - جيا تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. 1950- يىلى 4- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن باشلاپ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، بىر قىسىم ئەكسىلئىنقىلابچىلار باستۇرۇلدى. بۇنىڭ



بىلەن جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ داۋامى بولغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ شارائىتى ھازىرلاندى.

ئۇزۇن يىللاردىن بىرى خەلقىمىزنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان جۇڭگودىكى 3 چوڭ تاغنىڭ بىرى بولغان فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلىپ، دېھقانلارنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، فېئودال - ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل دىكتاتۇرىسى ئورنىغا خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يول ئېچىش ئۈچۈن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشكۇل بىر تارىخىي ۋەزىپە كۆز ئالدىمىزدا تۇرماقتا ئىدى، بۇ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ۋە دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ئىدى.

## فېوداللىق تۈزۈمنىڭ كۇچا يېزىلىرىدىكى ئىپادىلىرى

كۇچا — قەدىمدىن تارتىپ يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى بولۇپ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بەگلىك تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان. ئۇلارنىڭ يەرلىرى يېزىلاردىكى

ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ نىسبىتىنى ئىگىلىگەن. كېيىن بەگلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يەنىلا پومېشچىك (زومىگەر)، فېئودال ئەمەلدارلار ئىگىلىگەن. يېرى قانچە كۆپ بولسا شۇ يەرلەرنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئىگىلىگەن سۈيىمۇ شۇنچە كۆپ بولغان، نامرات دېھقانلارنىڭ يېرى ھەم سۈيىمۇ ناھايىتى ئاز ياكى يوق ئىدى، ئەگەر يېرى بولسىمۇ، سۈيى بولمىسا يېرىنى تېرىيالمايتتى (ئۇ چاغلاردا تۆت سەر سۈنى بىر توغرام سۇ، تۆت توغرام سۈنى بىر كەتمەن سۇ دەپ ھېسابلايتتى). باي، پومېشچىكلارنىڭ بىر قانچە 10 كەتمەنلەپ سۈيى بولسىمۇ، بەزى نامرات دېھقانلارنىڭ بىر سەرمۇ سۈيى يوق ئىدى. يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق چارۋىلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئەنە شۇ پومېشچىك (زومىگەر)، فېئودال كۈچلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولۇپلا قالماستىن، تاغلاردىكى يايلاق - توقايلارمۇ شۇلارنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا قوتان - قوتانلاپ چارۋا -ماللارغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. 1950- يىلى پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە خەلق ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە يېزىلار ئومۇميۈزلۈك بىرقېتىم تەكشۈرۈلدى، شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئائىلىسى 26724، نوپۇسى 133 مىڭ 473 نەپەر، بارلىق تېرىلغۇ يەر 1 مىليون 17150 مو بولۇپ، ھەربىر نوپۇسقا 7.62 مودىن توغرا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە پومېشچىك دەپ قارىغان ئائىلە 471، نوپۇسى 4150 نەپەر، ئىگىلىگەن يېرى 173 مىڭ 660 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 41.7 مودىن توغرا كەلگەن. باي



دېھقان 313 ئائىلە، نوپۇسى 3205 نەپەر، ئىگىلىگەن يېرى 83 مىڭ 810 مو بولۇپ كىشى بېشىغا 25.92 مودىن توغرا كەلگەن. دېمەك، پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 7% نى ئىگىلىسىمۇ، يېرى ئومۇمىي يەرنىڭ 25.2% تىنى ئىگىلىگەن. كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلارنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 42.13% تىن ئىگىلىسىمۇ ئاران 18.64% يەرگە ئىگە بولالىغان. بۇنىڭدىن فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ تولىمۇ چىرىك ۋە تەڭسىز ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. پومېشچىك (زومىگەر)، فېئودال كۈچلەرنىڭ يەر - زېمىن ۋە بايلىقلىرى نامرات دېھقانلارنىڭ قان - تەرىدىن كەلگەن. پومېشچىك (زومىگەر)، فېئودال كۈچلەرنىڭ راھەت - پاراغىتى، نامرات دېھقانلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان. لېكىن بارلىق پومېشچىك، فېئودال كۈچلەر ئىزىلگۈچى نامرات دېھقانلارنى كەمسىتىپ: «بىزنىڭ زۇۋۇلىمىز چوڭ ئۇزۇلگەن، سېنىڭ زۇۋۇلاڭ كىچىك ئۈزۈلگەن»؛ «بىزنىڭ باي بولىشىمىز تەقدىر، سېنىڭ كەمبەغەل بولۇشۇڭمۇ تەقدىر»؛ «سىلەر بۇ دۇنيادا جاپا تارتساڭلار ئۇ دۇنيادا راھەت كۆرىسىلەر»، دەپ باي بولۇش ياكى كەمبەغەل بولۇشنى «تەقدىر» گە باغلاپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نامرات دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنى «يوللۇق» دېمەكچى بولغان. بارلىق فېئودال كۈچلەرنىڭ نامرات دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

1) مەدىكار ياللاش ئېكسپلاتاتسىيىسى: يېزىلاردىكى يېرى يوق ياكى يېرى ئاز بولۇپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان

كەمبەغەل ۋە يالالنما دېھقانلار پومېشچىك، باي دېھقانلارغا ياللىنىش (چاكار بولۇش) قا مەجبۇر بولاتتى. بۇ، مەدىكار ـ يىللىقچىلار پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش، ئورۇش، خامان ئېلىش، سۇ تۇتۇش. قاتارلىق ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى ھەمدە ئوت ـ چۆپ ئورۇش، ھارۋا ھەيدەش، چارۋا بېقىش، جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىش قاتارلىق ئېغىر ئىشلىرىنى قىلاتتى. بەزى پومېشچىك، باي دېھقانلار ئاش يېدىڭ، كىيىم كەيدىڭ دەپ يىللىقچىلارنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ بەرمەيتتى. ھەتتا بۇزۇلغان، يوقالغان نەرسىلەر ئۇچۇنمۇ چاكارلارنىڭ ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قالاتتى. بەزى يىللىقچىلار پومېشچىكلارنىڭ ئۆيىدە 20 ـ 30 يىل ئىشلىسىمۇ ئىش ھەققى ئالالمايتتى. ئاز ساندىكى پومېشچىكلار ئالدامچىلىق قىلىپ نامرات كىشىلەرنىڭ قىزلىرىنى بېقىۋالغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە دېدەك ئورنىدا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ قىزنى كېيىن يىللىقچىلارغا خوتۇنلۇققا بېرەتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ يىللىقچى پومېشچىككە ئۆمۈربويى ئىشلەپ بېرىشى لازىم ئىدى. بەزى يىللىقچىلار بىر قانچە ئەۋلاد يىللىقچىلىق بىلەن ئۆتەتتى.

2) يەر ئىجارىسى ئېكسپىلاتاتسىيىسى: يېرى يوق ياكى يېرى ئاز نامرات دېھقانلار پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. يەر ئىجارىگە بەرگۈچى پومېشچىك، باي دېھقانلار يەرئىجارىگە ئالغۇچى نامرات دېھقانلاردىن خامان تەييار بولغاندا يەردىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ 50% ـ 60% تىنى ئىجارە ھەققى ئۈچۈن ئېلىۋالاتتى ۋە يەنە ئۇ قەرز، بۇ قەرز دەپ تۇتۇپ قالاتتى. ئاخىرىدا «ئېلىۋالسا پومېشچىك ئاشلىقلارنىڭ بارىنى، تۇتۇپ قالغان كەمبەغەل، گۇرچەك بىلەن ئارىنى» دېگەندەك، يىل بويى تارتقان جاپاسى



بىكارغا كەتكەن دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى تەس بولۇپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

3) سۇ باشقۇرۇش ئېكسپىلاتاتسىيىسى: پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرى قانچە كۆپ بولسا، سۇيىمۇ شۇنچە كۆپ بولۇپ، بىرقانچە ئون كەتمەنلىك سۇغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. نامرات دېھقانلارنىڭ يېرى بولسىمۇ سۇيى بولمىغاچقا ۋە ياكى ناھايىتى ئاز بولغاچقا تېرىقچىلىق قىلالمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇ باشقۇرۇش ھوقۇقى كۆپ ھاللاردا پومېشچىك، بايلارنىڭ قولىدا ئىدى. ھېچبولمىغاندا سۇنى باشقۇرغۇچى مىراپ، كۆكبېشى دېگەنلەر سۇنى ئالدى بىلەن پومېشچىك، بايلارغا بېرەتتى. نامرات دېھقانلار سۇ ئۈچۈن پومېشچىك، بايلارغا ۋە پارىخور مىراپلارغا سوۋغات بېرىش ياكى ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشى لازىم ئىدى. بەزى دېھقانلار ئازغىنە يېرىنىمۇ كۆكلىتەلماي يەرلىرىنى تاشلاپ چەت جايلارغا چىقىپ كېتەتتى.

4) جازانىخورلۇق ئېكسپىلاتاتسىيىسى: نامرات دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە ئاغرىق ـ سىلاق، ئۆلۈم ـ يېتىم بولۇپ تەڭلىك تارتىپ قالغاندا ياكى ئەتىياز پەسلىدىكى سېرىقتال كۈنلەردە (بۇ چاغنى دېھقانلار «قارلىغاچ ئېيى» دەيدۇ) پومېشچىكلاردىن يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن پۇل ياكى ئاشلىق قەرز ئالاتتى. كۈزدە ئۆسۈمى بىلەن تۆلىيەلمىسە، پومېشچىككە ئۆسۈم ئۈچۈن ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتى ياكى قەرز ئۈچۈن يەر ـ زېمىنلىرىنى تۇتۇپ بېرىپ باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتەتتى، ياكى پومېشچىكلارغا داۋاملىق ئىشلەيتتى.

5) ئالۋان ـ سېلىق ئېكسپىلاتاتسىيىسى: يېزا ـ كەنتلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھوقۇقى ئاساسەن پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ

چاغلاردىكى ئالۋان - سېلىق 20 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، قورچاق ھۆكۈمەت كەنتلەرگە قويغان ئالۋان - سېلىقنى مەھەللە ئەمەلدارلىرى بىرنى 10 قىلىپ دېھقانلارغا چېچىپ، ئارتۇقىنى ئۆزلىرى ئالاتتى، فېئودال ئەمەلدارلار قورچاق ھۆكۈمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ كەمبەغەللەر ئۈستىدىن قانلىق قامچىلىرىنى ئوينىتىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلاتتى. شۇڭا كەمبەغەللەر ئۈزۈندىن بېرى «ئالۋاڭنى كىم بېرىدۇ؟ گالۋاڭ» دەپ ھاقارەتلىنىپ، تۈگىمەس ئالۋان - سېلىق ئۈچۈن ئىشلەپ بەللىرى مۈكچەيگەن ئىدى.

يۇقۇرىقىلار پومېشچىك (زومىگەر)، باي دېھقان ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ يوقسۇل نامرات دېھقانلارنى رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق بېيىشىنىڭ ئۇسۇللىرى ئىدى. بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەمەلىي مىسال كۆرستەي: ئۇچا يېزىسىدىكى مەلۇم بىر پومېشچىككە ئاتىسىدىن 218 مو يەر قالغان بولسىمۇ، ئۇ كەنتكە مىراپ بولغاندىن كېيىن دېھقانلارغا سۇ بەرمەي يەرلىرىنى ئاق قالدۇرۇش، جازانىخورلۇق قىلىپ قەرزگە بوغۇش، ئالۋان - سېلىققا يۇلەپ قيناش ... قاتارلىق رەزىل ئۇسۇللار بىلەن دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش ئارقىلىق يېرىنى 525 موغا يەتكۈزگەن. بۇ يەر يەر ئىسلاھاتىدا كۈرەش مېۋىسىگە ئىگە بولغان 83 دېھقاننىڭ يېرىدىن كۆپ بولغان. ئۇنىڭ ئۆيىدە ھەريىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 نەپەر يىللىقچى ۋە 40 تىن ئارتۇق مەدىكار ئىشلىگەن. دېمەك، پومېشچىك (زومىگەر)، فېئودال كۈچلەرنىڭ بېيىش جەريانى كەمبەغەل، نامرات دېھقانلارنىڭ ئېزىلىش ۋە ۋەيران بولۇش جەريانى ئىدى. شۇڭا، ئۆتمۈشتىكى فېئوداللىق كونا جەمئىيەتنىڭ دەرت - ئەلىمىنى يەتكىچە تارتقان نامرات دېھقانلار



مۇنداق قوشاق توقىغان:

پۇل بايدا، ھوقۇق بايدا،
ھىچنەرسە يوق گادايدا.
دەرت - ئەلەملەر بوغسىمۇ،
رەھىم يوقتى زاماندا.

زۇلۇم - كۈلپەت دەستىدىن،
غەمگە پاتتى بېشىمىز.
قايناپ ئاققان بۇلاقتەك،
ئاقتى كۆزدىن يېشىمىز.

يېتىم بولدۇق، خار بولدۇق،
باش پاناھسىز، ماكانسىز،
كېچە - كۈندۈز ئىشلىدۇق،
زالىملارغا چاپانسىز.

باغرى قاتتىق زومىگەر،
باشقا سالدى مىڭ جاپا.
تولغۇنۇپ قان يىغلىساق،
قىلمىغان ھېچبىر ۋاپا.

## ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

ھەرىكىتى - ئېزىلگەن كەمبەغەل، ياللانما دېھقان ۋە بارلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى فېئودالىزمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا ھەقىقىي ئازادلىق، ئەركىنلىك ئاتا قىلىدىغان، پومېشچىك (زومىگەر)، باي دېھقانلاردىن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە كەمبەغەل، ياللانما (نامرات) دېھقانلارنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققىنى پومېشچىك (زومىگەر)، باي دېھقانلاردىن ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قەددىنى كۆتۈرىدىغان؛ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ فېئوداللىق ئىمتىيازنى يوقۇتۇپ، ئېزىلگەن مېھنەتكەشلەرنى سىياسىي جەھەتتە قەددىنى كۆتۈرۈپ خوجايىنلىققا ئىگە قىلىدىغان ۋە كېيىن ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئۈچۈن ئاساس سالىدىغان ئۇلۇغ ئىنقىلاب ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1951- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خىزمەت ئۆمىكىدىكى 55 كىشى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى خىزمەت ئەترىتىدىكى 18 كىشى، كۇچادا تۇرۇشلۇق قىسىم 13- پولك خىزمەت ئەترىتىدىكى 55 كىشى ۋە ناھىيىدىن ئاجرىتىلغان 240 كىشى بولۇپ جەمئىي 368 كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 6- ئاينىڭ 25 كۈنىدىن باشلاپ ئىككى ئاي مۇقىم كۇرس ئېچىلدى. بۇ كۇرستا كادىرلار ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ سىياسەت، پرىنسىپلىرى توغرىسىدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئىجارە



ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى رەسمىي قانات يايدۇرۇلدى.

1951- يىلى 9- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 27- كۈنىگىچە، ئالدى بىلەن 3- رايوننىڭ ئۇچئۆستەڭ، ئىپارباغ، غومئېرىق، قۇمتۇرا يېزىلىرىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى سىناق قىلىپ ئىشلەندى. ھاكىم ئۆمەر ئابدۇللا خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى، مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سۇجىسى خې جىڭنەن سىياسىي كومىسارلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. سىناق ئارقىلىق تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقان ئائىلىلىرى ئارىسىدا 2 قارارغا بۆلۈپ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 1- قارارلىق خىزمەت 2-، 5- رايونلاردىكى 8 يېزا ۋە شەھەر ئەتراپىدا 11- ئاينىڭ 3- كۈنى باشلىنىپ 12- ئاينىڭ 30- كۈنى ئاخىرلاشتى. بۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خىزمەت ئۆمىكى 4- رايوننىڭ 3 يېزىسىدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى، 2- قارارلىق خىزمەت 6-، 7- رايونلاردىكى 6 يېزىدا 1952- يىلى 1- ئاينىڭ 11- كۈنى باشلىنىپ 3- ئاينىڭ 15- كۈنى ئاخىرلاشتى. ھەربىر قارارلىق خىزمەت تۆۋەندىكى قەدەم باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلدى:

بىرىنچى قەدەمدە ئامما سەپەرۋەر قىلىندى. خىزمەت ئەترىتى نۇقتىغا كىرگەندىن كېيىن ھەربىر تەبىقە، ھەرقايسى قاتلاملار بويىچە ھەرخىل شەكىلدىكى چوڭ - كىچىك يىغىنلارنى ئېچىش ئارقىلىق ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى، سىياسەت، پرىنسىپلىرى… قاتارلىق مەزمۇنلاردا چوڭقۇر تەشۋىقات ئېلىپ

بېرىلدى. تەشۋىقات سىستېمىلىق، داغدۇغىلىق ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغاچقا ئامىمىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى تارىختا مىسلىسىز چوڭقۇر ۋە كەڭرى بولغان ئىدى. چۈنكى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىزم تۈزۈمىگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرلىك ھەرىكەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامىمىنىڭ ھەركەتلىنىشىمۇ شۇنچە تېز، شۇنچە چوڭقۇر بولغان ئىدى. شۇ قاتاردا دېھقانلار ئۈيۈشمىسىغا (نۇڭخۈيغا) ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش بىرگە ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدا ئۆزى ئىلتىماس قىلىش، كۆپچىلىك باھالاش، ئالدى بىلەن كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلارنى ئاساس قىلىش، ئاندىن باشقا ئەمگەكچىلەر ئامىمىسىدىن قوبۇل قىلىش، ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ھەركەتنىڭ ھەر بىر قەدەم - باسقۇچلىرىغا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. دېھقانلار ئۈيۈشمىسى ھەرىكەت جەريانىدا باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. كېيىنكى قەدەمدىكى سىنىپىي تەركىبنى ئايرىشقا ئاساس يارىتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى قاتلاملارنىڭ تەكتىنى سىناش، ئومۇمىيۈزلۈك يەر ئۆلچەش خىزمىتىنىڭ تەييارلىقلىرى ئىشلەندى.

ئىككىنچى قەدەمدە سىنىپىي تەركىب ئايرىلدى. سىنىپىي تەركىبنى توغرا ئايرىپ، سىنىپىي سەپنى ئېنىقلاپ، دوست - دۈشمەننى توغرا ئايرىپ چىقىش ئۈچۈن سىنىپىي تەركىبنى ئايرىشنىڭ زۆرۈرلىكى، ھەربىر تەركىبنىڭ ئۆلچىمى ئامىمىغا ئوچۇق چۈشەندۈرۈلدى. ئالدى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك يەر ئۆلچەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئاندىن تەركىب ئايرىش باشلاندى. ئالدى بىلەن ياللانما دېھقان (ئۇ چاغدا ياللانما دېھقان يېزا پرولېتارىياتى دېيىلەتتى)، كەمبەغەل دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان



ۋە ھاللىق دېھقان ... لار ئايرىلدى. ئاندىن باي دېھقان، پومېشچىك دېگەن تەرتىپ بويىچە تەركىب ئايرىلدى. شۇنداق قىلىپ ناھىيە بويىچە 6 دېھقانچىلىق رايونى، 21 يېزا، 139 كەنتتە 2882 ئائىلە ياللانما دېھقان، 11302 ئائىلە كەمبەغەل دېھقان، 6072 ئائىلە ئوتتورا دېھقان، 1515 ئائىلە ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان، 856 ئائىلە باي دېھقان، 468 ئائىلە پومېشچىك بولۇپ ئايرىلدى. بۇلاردىن باشقا يېزا قول ھۈنەرۋەنلەر 2870 ئائىلە، كىچىك تىجارەتچى 204 ئائىلە، باشقا تەركىبتىكىلەر 2208 ئائىلە بولۇپ ئايرىلدى.

ئۈچىنچى قەدەمدە نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى قېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە ئۈستىدىن ھېساب ئېلىنىپ، دېھقانلارغا سىنىپىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. سىنىپىي تەركىب ئايرىلىپ دوست - دۈشمەنلەرنىڭ چېگرىسى ئېنىق بولغاندىن كېيىن كەمبەغەل - ياللانما دېھقانلارغا تايىنىپ، ئوتتۇرا دېھقان (ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پومېشچىك (زومىگەر)، باي دېھقانلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن كەڭ بىرلىكسەپ تۈزۈپ، پومېشچىك (زومىگەر)، باي دېھقانلاردىن ئىبارەت سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ نامرات دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان جىنايى قىلمىشلىرى بىر - بىرلەپ پاش قىلىندى. بۇ چاغدا نامرات دېھقانلار «ئائىلە تارىخى» سۆزلەش، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «كەنت تارىخى» سۆزلەش ئارقىلىق پومېشچىك (زومىگەر)، فېئودال كۈچلەرنىڭ بېيىش جەريانى نامرات دېھقانلارنىڭ ئېزىلىش جەريانى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. نامرات دېھقانلارنىڭ سىنىپىي تۇيغۇسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئەزگۈچى سىنىپلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى تولۇپ تاشتى. بۇ چاغدا ئەر - ئايال،

قىرى - ياشتىن تاكى ئوقۇغۇچىلارغىچە تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈلگەنىدى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ياڭراق سىگنالى بىلەن فېئودالىزمنىڭ جاھالەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ئىزىلگەن دېھقانلار ئۆزلىرىنى خۇددى بىر يېڭى دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، بىز ئەمدى ئەسلى ئادەملىك ھالىتىمىزگە قايتىپ كەلدۇق، دەپ تونۇپ قەددىنى رۇسلىغان ئىدى. بۇرۇن پومېشچىك - زومىگەرلەرگە تىك قارىيالمايدىغان، ئىككى قولى كۆكسىدىن چۈشمەيدىغان نامرات دېھقانلار ئەمدىلىكتە فېئودال پومېشچىكلارنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئەپچىقىپ، مەزمۇت ھالدا قولللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئىزىلگەن خەلقلەرگە باش ئەگدۈرۈپ، توۋا قىلىپ گۇناھىنى تونۇشقا، ھارامدىن ئىگىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇشقا مەجبۇرلاپ، ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ ھېساب ئالاتتى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق جىنايى قىلمىشى نىسبەتەن ئېغىر بولۇپ كۆرەش قىلىنغان پومېشچىكلار 117 نەپەر بولۇپ، بۇ پومېشچىكلار ئومۇمىي سانىنىڭ 2.8% تىنى ئىگىلىدى.

تۆتىنچى قەدەمدە زومىگەرلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كۆرەش قىلىندى. ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەت داۋامىدا كەڭ ئاممىنىڭ پاش قىلىشىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەستىقى ئارقىلىق بېكىتىلگەن زومىگەرلەر ئۈستىدىن كۆرەش ئېلىپ بېرىلدى.

زومىگەرلەر يېزىلاردىكى زوراۋان (مۇشتۇمزور) ئۇنسۇرلار بولۇپ، قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ



يېزىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ، ئەمگەكچى خەلقلەر ئۈستىدىن رەھىمسىزلەرچە دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەن؛ ھەرخىل سەۋەب ۋە ئۇسۇللار بىلەن دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، قاقشىتىپ، بۇلاپ - تالاپ، دېھقانلارنىڭ قان - تەرىنىڭ بەدىلىگە بېيىپ، كۆرەڭلەپ، چىرىكلىشىپ، دېھقانلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلغان؛ ئۇلارنىڭ مۇدھىش تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا بەزى دېھقانلار ھاياتىدىن ئايرىلغان، ئۇلار ئادىمىزات قىلىپ‌دىن چىقىپ كەتكەن ۋەھشى ھايۋانلار ئىدى. پاش قىلىپ ئېنىقلانغان ماتېرىيالدىن قارىغاندا، زومىگەر كېبىر ئىلگىر - كېيىن بولۇپ 11 كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، 13 ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغان، 1725 چارەك (بىر چارىكى 25 جىڭ) ئاشلىق، 446 تۇياق قوي، 226 سەر ئالتۇننى بۇلىۋالغان، 98 مو يەرنى دېھقانلاردىن زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغان قورچاق دۆبېگى ئىدى. زومىگەر ئىبراھىم (قورچاق شاڭجاڭ) دېھقانلارنى رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئارقىلىق 500 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر، بىر قانچە 10 كەتمەنلىك سۇ، دېھقانچىلىق چارۋىلىرىنى ئىگىلىۋالغان، ئۇ شۇقەدەر ۋەھشىي ئىدىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئوغلى نۇراخۇننىڭ خوتۇنى (ئۆزىنىڭ كېلىنى) ئايىمخانغىمۇ باسقۇنچىلىق قىلغان. بۇنى پومېشچىك زومىگەلەر ئۈستىدىن دەرت ئېيتىش يىغىنىدا كېلىنى ئايىمخان يىغلاپ تۇرۇپ پاش قىلغاندا، كىشىلەر غەزەبلىنىپ، ئىبراھىمنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. بىگۇناھ دېھقانلارنىڭ قان قەرزىگە بوغۇلغان زالىم زومىگەر رىشىت بۇسۇت كەنتىدىكى كەمبەغەل دېھقان داۋۇتنى باج سېلىقنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىدىڭ، دەپ داۋۇتنىڭ ئاغزىغا يۇگەن سېلىپ، ئۇستىگە ئىگەر توقۇپ

4 پۇتلۇق قىلىپ مىنگەن ۋە ئۇنى قامچىلاپ: «باج تاپشۇرمىغانلىق سازايى» دېگۈزگەن. مانا بۇ قىسقا مىساللار ئارقىلىق زومىگەرلەرنىڭ يىرگىنىشلىك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

زومىگەرلەرنىڭ شەرتى، سىنىپىي تەركىبى پومېشچىك بولۇش، مەلۇم سىياسىي ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ۋە قان قەرزى ئۆچتىن يۇقىرى بولۇش ئىدى. شۇڭا ھەممە كەنتلەردىن زومىگەر چىقمايتتى. زومىگەر كۈرەش قىلىش ۋاقتىدا زومىگەر چىقمىغان كەنتلەردىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇلدى ياكى يېزىنى بىرلىك قىلىپ كۈرەش قىلىندى. زومىگەرلەر كۈرەش قىلىشتىن بۇرۇن كەنتلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن دەرتمەنلەرنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى، يەنى ئالدى بىلەن بىرەر نىشاننى (دەرەخ، ئۇستەل ياكى باشقا نەرسىلەرنى) زومىگەر سىياقىدا ياساپ ئۇنى كۈرەش قىلىش سىناق قىلىندى، ئاندىن زومىگەرلەر بىلەن رەسمىي كۈرەش قىلىش چوڭ يىغىنىدا زومىگەرلەر ئۈستىدىن پاكىت كۆرسىتىپ، داۋلى سۆزلەپ، دەرت تۆكۈپ شىكايەت قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۈرەش قىلىنغان ئىدى. چوڭ يىغىن مەيدانى ھەيۋەتلىك بولۇپ مەخسۇس سەھنە ياسىلىپ ، لوزۇنكىلار ئېسىلىپ، ئەتراپقا شۇئارلار چاپلانغان ئىدى. كۈرەش يىغىنىغا كەلگەن ئامما رەتلىك تىزىلىپ:

ئويغۇنايلى دېھقانلار،
ئازاپ ـ كۈلپەت تارتقانلار.
ئەمدى بىزنى ئىزەلمەس،
ئۆيدە ئوڭدا ياتقانلار.



يەر بىزنىڭ ھۆكۈمەت بىزنىڭ،
نۆۋەت بىزنىڭ، ھەققەت بىزنىڭ.
داھى ماۋ زېدۇڭ، يارىتىپ بەرگەن،
ئازادە دەۋرىمىز ياشىسۇن يۈز مىڭ!

دېگەن ناخشىلارنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ھەيۋەتلىك ئوقۇپ ماڭاتتى. يىغىن داۋامىدا ئامما توۋلىغان: «زومىگەرلەردىن ئۈزۈل ـ كېسىل ھېساب ئالايلى!» ، «يوقالسۇن خەلق دۈشمىنى زومىگەرلەر»… قاتارلىق شۇئارلار خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ئەتراپنى لەرزىگە سالاتتى.

پومېشچىك، زومىگەرلەرنى پاش قىلىش ۋە كۈرەش قىلىش جەريانىدا سىياسىي ـ قانۇن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئورۇنلىرىمۇ ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈش ھەمدە ھەرىكەتنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ھەرىكەتكە زىچ ماسلاشقان ئىدى. سوت خادىملىرى ھەر قايسى خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە كۈرەش يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولاتتى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشى ئارقىلىق مەدەنىيەت يۇرتىدىكى رەسسام پازىل سالى 10 نەپەر شاگىرتى بىلەن بىرلىشىپ ناھىيە بۇيىچە بىر قىسىم زومىگەرلەرنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلىنغان 11 مىڭ خىلدىن ئارتۇق كۆرۈنۈشتىكى ھەجۋى رەسىملەرنى 500 تاختىدىن كۆپ قەغەزگە ناھايىتى ئوبرازلىق سىزغان، بۇ رەسىملەر سەييارە كۆرگەزمە قىلىنىپ، ئىزىلگۈچى ئاممىنىڭ پومېشچىك زومىگەرلەرگە بولغان سىنىپىي ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشتا

تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

سەنئەت ئۆمىكىمۇ يېڭى نومۇرلارنى تەييارلاپ يېزىلارغا بېرىپ ئاممىدىن ھال سوراپ ئويۇن قويغان. «كوچا بۇلبۇلى» دەپ ئاتالغان داڭلىق خەلق ناخشىچىسى نىساخان:

باغىمىز باھار قوشتى،
دىلدىن قايغۇلار قاچتى.
كېلىڭلار دوستلار، يارانلار،
بەخت بىزگە قۇچاق ئاچتى.

دېگەن ناخشىنى ۋە «ئازاد زامان»، «ئارمىيەم» قاتارلىق ناخشىلارنى ئوقۇپ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن. يەنە بەزى خەلق قوشاقچىلىرى:

ئۆيدە باققان چا خوراز،
تاڭ سەھەردە چىللىدى.
بىزنى ئەزگەن زومىگەر،
توۋا قىلىپ يىغلىدى.

كەمبەغەل ھەم ياللانما،
دەس كۆتەردى قەددىنى.
زومىگەر ھەم پوملاردىن[①]،
ئالدى قىساس ئەنتىنى.

① پوم - پومېشچىك



دېگەن قوشاقلارنى توقۇغان ئىدى.

نەتىجىدە زومىگەرلەرنى كۈرەش قىلىش داۋامىدا كۈرەش قىلىنغان زومىگەرلەر ناھىيە بويىچە 21 يېزىدىن 34 نەپەرگە يەتتى.

بەشىنچى قەدەمدە ئىجارە ھەققى قايتۇرۇلدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلىرىدا كەڭ ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ پومېشچىك، باي دېھقانلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش ھەققىلىرى ۋە كېمەيتىشكە تېگىشلىك ئىجارە ھەققى سىياسەتنىڭ روھى بويىچە ھېسابلىنىپ چىقىلدى ھەمدە ھەر قايسى كەنتلەردە نەقلەشتۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىكى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا قايتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 469 پومېشچىك ئائىلىسىدىن ئىجارە ھەققى ھېسابىدا 225.9 توننا بۇغداي قايتۇرۇپ ئېلىندى، 120 توننا بۇغداي ئىجارە ھەققى كېمەيتىلدى. 783 باي دېھقان ئائىلىسىدىن 140 توننا بۇغداي ئىجارە ھەققى قايتۇرۇپ ئېلىندى، 93 توننا بۇغداي ئىجارە ھەققى كېمەيتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قايتۇرۇپ ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان 143 ئېغىزلىق ئۆي، 4726 مو يەر، 211 كالا، 618 تۇياق قوي قايتۇرۇپ ئېلىندى. ناھىيە بويىچە 1504 ئىجارىكەش دېھقان ئائىلىسى بىلەن 2606 ياللانما دېھقان ئائىلىسى قايتۇرۇپ ئېلىنغان ئىجارە ھەققى مېۋىسىگە ئىگە بولدى ھەم كېمەيتىلگەن ئىجارىدىن نەپكە ئېرىشتى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلى تەرتىپكە سېلىنىپ، ئىپادىسى ياخشى بولمىغان 475 نەپەر ئۇيۇشما ئەزاسى تازىلاپ چىقىرىلدى، يېڭىدىن 9828 نەپەر ئەزا تەرەققىي

قىلدۇرۇلۇپ (يالالنما دېھقان 1540 نەپەر، كەمبەغەل دېھقان 4374 نەپەر، ئوتتۇرا دېھقان 3379 نەپەر، باشقا تەركىپتىكىلەر 533 نەپەر)، ناھىيە بويىچە دېھقانلار ئۆيۈشما ئەزالىرى 16897 گە يېتىپ يېزا ئومۇمي نوپۇسىنىڭ 29.5% تىنى ئىگىلىدى.

ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ مەمۇرى رەھبەرلىكى، ئايالالار تەشكىلى، ياشلار تەشكىلى، ئامانلىق ساقلاش، مۇرەسسە قاتارلىق تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىمۇ تەرتىپكە سېلىنىپ، تولۇقلاندى ۋە مۇستەھكەملەندى.

ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىدا مەركىزىي ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقى بويىچە، ھەرقايسى رايونلارنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئۈچۈق سوت يىغىنلىرى ئېچىلىپ، جىنايى قىلمىشى ناھايىتى ئېغىر، ئامماننىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغان توقا دۆبېگى، ئەيسا مىراپ قاتارلىق 21 نەپەر زومىگەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. بىر قىسىم زومىگەرلەرگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى، يەنە بىر قىسىم زومىگەرلەرگە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردىكى فېئوداللىق ئىمتىياز پاچاقلىنىپ، كەڭ ئەمگەكچى دېھقانلار ئامماسىنىڭ سىنىپىي ئۈستۈنلىكى تىكلەندى.

## يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى

داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ سىنىپىي ئېڭى ئۆسۈپ، يېزا ھاكىمىيىتى ئىشەنچىلىك مۇستەھكەم ئاممۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. پارتىيە،



ھۆكۈمەت تارماقلىرى يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى بىلەن يېزىلاردىكى يەرلەرنىڭ ئىگىلىنىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە پەقەت ئىجارە ھەققى كېمەيتىلگەن، زومىگەرلەر يوقىتىلغان بولسىمۇ، پومېشچىكلار سىنىپى يەنىلا سىنىپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، فېئودالىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. دېھقانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پومېشچىك فېئودال سىنىپلارنىڭ فېئودالىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى ئۈزۈل - كېسىل بىكار قىلىپ، دېھقانلارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كۈن تەرتىپكە كىرگۈزۈلدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىغا مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تۈزگەن «ئېھتىياتچان بولۇش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» فاڭجېنى بويىچە، شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئەۋەتكەن ئەنۋەر خانبابا ئەترەت باشلىقى، ۋاڭ شىيىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغان 193 كىشىلىك خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانات يايدۇرۇلدى.

1952- يىلى 5- ئاينىڭ 29- كۈنى كۈچا ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ يەر ئىسلاھاتى كۇرسى ئېچىشنى قارار قىلدى.

كۇرس 6- ئايدا باشلىنىپ 3 ناھىيىگە (كۈچا، شايار، توقسۇ) 500 نەپەر كادىر تەربىيىلەندى. كۇرسانتلار دەرسنى بىر تۇتاش ئاڭلىغاندىن باشقا ياتاق، تاماق ۋە مۇزاكىرە

ھەرقايسى رايونلار بويىچە بولدى (ئۇ چاغدا چوڭراق زال بولمىغاچقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىكى خەنزۇ مەكتىپىنىڭ سەيناسى ئۈستىنى بورا بىلەن ۋاقىتلىق يېپىپ، شۇ يەر دەرسخانا قىلىنغان، كۇرسانتلار كىچىك ئورۇندۇق ئېلىپ كېلىپ شۇنىڭدا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى، تىزىغا يۆلەپ خاتىرە يازاتتى). دەرسلەر يەر ئىسلاھاتى دەستۇرى، شۆبە بيۇروسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى كونكرېت سىياسەت بەلگىلىمىلىرى، سىنىپىي تەركىبنى ئايرىشنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇل چارىلىرى، يەر ئۆلچەشنىڭ ئۇسۇلى ... قاتارلىق مەزمۇنلار بولۇپ، ئاساسلىق دەرسلەرنى مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى خې جىڭنەن، مۇئاۋىن سېكرېتارى لۇ گېڭچۈەن قاتارلىق كىشىلەر ئۆتەتتى. ئۇلار ئۆتكەن دەرسلەرنى داڭلىق تەرجىمانلاردىن مامۇت ھاشىم، رېھىمجان ناھايىتى تولۇق تەرجىمە قىلاتتى. خې جىڭنەن ئىقتىدارلىق، بىلىملىك ھەم سۆزمەن ئادەم بولغاچقا، كادىرلار ئۇنى «خې شۇجىنىڭ ئىچى گەپ ساندۇقى ئىكەن» دەيتتى. كۇرسنىڭ ئاخىرىسىدا مەملىكەت بويىچە قانات يايغان 3 كە قارشى (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى) تۇرۇش ھەرىكىتى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئۆگىنىش قىلىنىپ، بەزى كۇرسانتلار مۇناسىپ ھالدا ئۆزلىرىگە تەدبىقلاپ چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدى. پۈتۈن يەر ئىسلاھاتى كۇرسى 3 ئاي داۋام قىلدى. 9- ئاينىڭ 9- كۈنى مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنى تەكشەش ۋە سەپلەشنى مۇزاكىرە قىلدى. شۇنىڭغا بىنائەن يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئۈچۈن 530 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، بارلىق كادىرلار 7 خىزمەت ئەترىتى بولۇپ ئايرىلدى ھەمدە 26



كىشىلىك سەييارە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. ئاجرىتىلغان كادىرلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار 454 نەپەر، پارتىيە ئەزاسى 67 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى 115 نەپەر، ئاياللار 49 نەپەر بولدى. كۇچا مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى خې جىڭنەن، ھاكىم ئۆمەر ئابدۇللا قاتارلىق 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان «كۇچا ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى ھەيئىتى» قۇرۇلدى. يەنە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ھامۇت مەۋلىۋى داموللام، ئىلغار سودا ـ سانائەتچى پالتاخۇن باي قاتارلىق 5 نەپەر بىرلىك سەپ ئوبيېكتى ھەيئەتلىككە كىرگۈزۈلدى.

يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترەتلىرى پىلان بويىچە، 9- ئاينىڭ 15- كۈنى نۇقتىلارغا كىردى. بۇ كادىرلار يېقىنراق كەنتلەرگە يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى يۈدۈپ، يىراقراق كەنتلەرگە ھارۋىغا بېسىپ، ئۆزلىرى تىزىلىپ پىيادە ماڭغىنىچە نۇقتىغا كىرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىنتىزامچان روھىي ھالىتى مەھەللە خەلقلىرىگە قالتىس ياخشى تەسىر بەرگەنىدى.

يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان: «كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلارغا يۆلىنىپ، ئوتتۇرا دېھقانلار (جۈملىدىن يەر ئىسلاھاتىنى ھىمايە قىلغۇچى بارلىق يەككە ئەمگەكچىلەر، ۋەتەنپەرۋەر مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە كەڭ زىيالىيلار) بىلەن مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى يوقىتىش» (ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى 4- توم 315- بەت) تىن ئىبارەت ئىنقىلابىي لۇشيەننى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك ۋە داغدۇغىلىق قانات يايدى. پۈتكۈل يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى 3 قارار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ھەربىر قارارلىق ھەرىكەت 5 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

بىرىنچى باسقۇچ — تەشۋىقات ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش باسقۇچى بولۇپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلار ئاممىسى، ئوتتۇرا دېھقانلار ۋە بارلىق ئەمگەكچىلەر ھەم بىرلىك سەپ ئوبيېكتلىرى بىلەن قاتلام - قاتلام سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزدى. ھەرخىل شەكىلدىكى چوڭ - كىچىك يىغىنلار ئارقىلىق يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ مەقسىتى، ئۇلۇغ ئەھمىيىتى، سىياسەت - پرىنسىپلىرىنى چوڭقۇر ۋە داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئامما تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئاكتىپلار قوشۇنى زورايدى. شۇ قاتاردا يېزا ئاھالىسى قۇرۇلمىسىنىڭ تېگىنى ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىلدى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلى تەرتىپكە سېلىنىپ مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ ھەرىكەتتىكى ئاكتىپلىق ۋە باشلامچىلىق رولى جارى قىلدۇرۇلدى، ئىككىنچى باسقۇچلۇق خىزمەتنىڭ تەييارلىقلىرى ئىشلەندى.

ئىككىنچى باسقۇچ — سىنىپىي تەركىبنى يېڭىباشتىن ئايرىش باسقۇچى بولۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە ئايرىلغان سىنىپىي تەركىبنى ئاساس قىلغان ھالدا سىنىپىي تەركىبلەر ئومۇمىيۈزلۈك قايتىدىن ئايرىلدى. سىنىپىي تەركىبنى توغرا ئايرىش، سىنىپىي سەپنى ئېنىق تۇرغۇزۇش يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسى. شۇڭا كەڭ ئاممىغا سىنىپىي تەركىبنى قايتىدىن ئايرىشنىڭ ئەھمىيىتى، پرىنسىپى، ھەرقايسى تەركىبلەرنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىق ئېلىپ بېرىلىپ چۈشەندۈرۈلدى.



سىنىپىي تەركىبنى رەسمىي ئايرىشتىن بۇرۇن، يەرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلدى. يەرلەرنى تولۇق ۋە توغرا ئۆلچەش ئۈچۈن خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىسىدىن مەخسۇس يەر ئۆلچەش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، بۇ گۇرۇپپا ئۆز ئىچىدىن يەنە 3 كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئىشلىدى. بىرىنچى گۇرۇپپا بىر پارچە قەغەزگە شۇ بىر پارچە يەرنىڭ دائىرىسى، شەكلىنى سىزىپ ئۆلچەش، تەرىپىگە (ئۇزۇنى، توغرىسى) بەلگە قويۇش؛ ئىككىنچى گۇرۇپپا شۇ قەغەزدىكى يەر شەكلى بويىچە قويۇلغان ئۆلچەش بەلگىسىگە ئاساسەن شۇ بىر پارچە يەرنى ئۇزۇن تانا بىلەن ئۆلچەپ، سانىنى يېزىپ مېڭىش؛ ئۈچىنچى گۇرۇپپا ئۆلچەنگەن سان بويىچە ھېساۋىنى ئىشلەپ، مو سانىنى چىقىرىپ، بۇ يەرنى 1-، 2-، 3- دېگەن دەرىجىگە ئايرىپ مو سانىنى دەرىجە بويىچە دەپتەرگە يېزىپ مېڭىش بولدى. بىر ئادەمنىڭ يېرى قانچە يەردە بولسا ھەممىسى ئۆلچىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىرلەشتۈرۈپ، شۇ ئادەمنىڭ جەدۋىلىگە يېزىش قاتارلىق ئۇسۇل قوللىنىلغاچقا، يەر ئۆلچەش ھەم تولۇق ھەم توغرا بولۇپ چىقتى. يەر ئۆلچەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا سىنىپىي تەركىب ئايرىش باشلاندى. ئاۋۋال ئاسانىنى، ئاندىن قىيىنىنى ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن ياللانما دېھقان، كەمبەغەل دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ناھىيە بويىچە ياللانما دېھقان 3917 ئائىلە، كەمبەغەل دېھقان 10374 ئائىلە، ئوتتۇرا دېھقان 8793 ئائىلە (ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، سودا - سانائەتچى 11 ئائىلە، ئاز يەر ئىجارىگە بەرگۈچى (باشقۇرغۇچى) 450 ئائىلە، باي دېھقان 313 ئائىلە، پومېشچىك 471 ئائىلە

بولۇپ ئايرىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا 2395 ئائىلە باشقا تەركىبلەرگە ئايرىلدى، بۇنىڭ بىلەن سىنىپىي سەپ ئېنىق بولۇپ، دوست ـ دۈشمەننىڭ چەك ـ چېگرىسى ئېنىقلاندى.

ئۈچىنچى باسقۇچ — مۇسادىرە قىلىش، ئۆتكۈزۈپ ئېلىش باسقۇچى بولۇپ، پومېشچىكلارنىڭ ئارتۇق ئىگىلىۋالغان (ئېكسپىلاتاتسىيە ۋاستىسى بولغان) يەر، سۇ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، دېھقانچىلىق چارۋىلىرى ۋە ئارتۇق ئۆي ... قاتارلىقلارنى سىياسەت ـ بەلگىلىمىلەر بويىچە مۇسادىرە قىلىپ قايتۇرۇپ ئېلىندى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنىڭ سىياستى «كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېھقانلار (ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلار بۇنىڭ ئىچىدە) بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، باي دېھقانلارنى يېتىم قالدۇرۇپ، پومېشچىكلار سىنىپىغا زەربە بېرىش» تىن ئىبارەت بولغاچقا، باي دېھقانلار سىياسىي جەھەتتە يېتىم قالدۇرۇلغاندىن باشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىردەك جازاغا تارتىلمىدى.

پومېشچىكلارنى خەلقنىڭ سوراق سەھنىسىگە ئەپچىقىپ، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى دېھقانلار ئۆيۈشمىسى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، قانۇن بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن دېھقانلار ئۆيۈشمىسى ئەزالىرىنىڭ قىزىل بايراقلارنى كۆتىرىپ «پومېشچىكلاردىن ھېساب ئالايلى! بىزدىن تارتىۋالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئالايلى!» دەپ توۋلىغان شۇئار سادالىرى ئىچىدە ھەيۋەتلىك ھالدا بىر ـ بىرلەپ قايتۇرۇپ ئېلىندى. مۇسادىرە قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ بەزى پومېشچىكلار كۈرەش قىلىنىپ، ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلدى. پومېشچىكلاردىن مۇسادىر قىلىنغان يەر 95 مىڭ 235 مو،



قايتۇرۇپ ئېلىنغان يەر 329.67 مو (بەلگىلىمە بويىچە ئاز يەر ئىجارىگە بەرگۈچى ۋە ئاز يەر باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئارتۇق يەرلىرى مۇسادىر قىلىنىپ قايتۇرۇپ ئېلىناتتى)، دېھقانچىلىق چارۋىلىرى 2188 باش، 7738 ھارۋا، 3339 دانە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، 2785 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي، 54.50 تونىنا ئاشلىق ... قاتارلىق نەرسىلەر مۇسادىرە قىلىندى، بۇلار «غالىبىيەت مېۋىسى» دەپ ئاتالدى.

لېكىن سىياسەتنىڭ روھى بويىچە ئېكسپىلاتاتسىيە ۋاستىسى بولمىغان، مەسىلەن، ئائىلە سايمانلىرى، تۇرمۇش زىننەت بويۇملىرى، كېيىم ـ كېچەك ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان قىسمى ... قاتارلىقلارغا بىردەك چېقىلمىدى.

تۆتىنچى باسقۇچ — غالىبىيەت مېۋىلىرىنى تەقسىم قىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى تەقسىم قىلىشتا كەنتنى بىرلىك قىلىپ، پۈتۈن نوپۇسقا تەقسىم قىلىندى. ئوتتۇرا ھېساب بويىچە يېرى يوق ۋە يېرى كام ياللانما دېھقان، كەمبەغەل دېھقانلار ۋە باشقا ئەمگەكچى دېھقانلار بولۇپ جەمئىي 11.763 دېھقان ئائىلىسىگە 106 مىڭ 521 مو يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ھەربىر كىشىگە كۆپ بولغاندا 3.2 مودىن، ئاز بولغاندا 2 مودىن يەر بېرىلدى. پومېشچىكلارغىمۇ جان سانىغا قاراپ دېھقانلار بىلەن ئوخشاش كۆلەمدە يەر قالدۇرۇلدى. دېھقانلارغا يەنە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق چارۋىلىرىمۇ مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. كونا يەر خەتلىرى كۆيدۈرۈلۈپ، ئورنىغا يېڭى يەر گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ئۈزۈل ـ كېسىل بىت ـ چىت قىلىنىپ، دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش

مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتى، ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ مېۋىسىگە ئېرىشكەن دېھقانلار تەنتەنەلىك يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈپ رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە كومپارتىيىنىڭ مېھرى - شەپقىتىگە كۆپتىن كۆپ بارىكاللا ئېيتىشقانىدى. شۇنداقلا كەڭ دېھقانلار ئاممىسى قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق پارتىيەگە ئەمىلىي ھەرىكىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىلىرىنى بىلدۇرگەنىدى.

بەشىنچى باسقۇچ — خىزمەتنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە خۇلاسىلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرقارارلىق خىزمەت ئاخىرلاشقاندا خىزمەتلەر خۇلاسە قىلىنىپ، تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلەندى. شۇ قارارلىق يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى باسقۇچلار بويىچە قايتا تەكشۈرۈپ، مەخسۇس تېزىس بويىچە ئاممىدىن قاتلاممۇ - قاتلام پىكىر ئېلىنىپ خاتا بولسا تۈزىتىلىپ، كام جايلىرى بولسا تولۇقلاندى. شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت جەريانىدا سىناقتىن ئۆتكەن، ئىپادىسى ئىنچىل ياخشى ئاكتىپلاردىن كەنت باشلىقلىرى، ئامانلىق قوغداش خادىملىرى، مۇرەسسە خادىملىرى، ئاياللار كادىرلىرى، ياشلار كادىرلىرى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى سايلىنىپ تولۇقلاندى.

ھەرىكەت جەريانىدا يەنە پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى ئىشلىنىپ، 1953- يىلى يېزىلاردىن 108 نەپەر، ئورگان ۋە ئاھالىلاردىن 65 نەپەر پارتىيە ئەزاسى قوبۇل قىلىندى، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ سانى 1953- يىلى 926 گە يەتتى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا يەر ئىسلاھاتىدا 26167 ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى جەمئىي 45790 نەپەرگە يېتىپ يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %34.4 تىنى ئىگىلىدى.



يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسى ھەققىدە مۇنداق قوشاقلار ئوقۇلغانىدى:

ئىسلاھات مېۋىسىدىن،
كەلدى كەتكەن ئەجرىمىز.
ئىگە بولدۇق ھۆرلۈككە،
چىقتى پۈغان - دەردىمىز.

ئازاد، ئەركىن زاماننىڭ،
ئىگىلىرى بىز بولدۇق.
دەۋرىمىزدە ئېچىلغان،
خۇش پۇراقلىق گۈل بولدۇق.

يوقىتىلدى جاھالەت،
ئورنىتۇلدى ئادالەت.
نۇرغا تولدى يېزىمىز،
يورۇپ كەتتى سائادەت.

## گۈزەل ئىستىل، ئۇلۇغ غەلىبە

تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن، يەر جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى 15 مىڭ كۇۋادىرات كىلومېترلىق بىپايان كۇچا دىيارىنىڭ 7 رايون 21 يېزىسىدىكى 133 مىڭ 400 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا 1951- يىلى - 9- ئاينىڭ 23- كۈنى (ئىجارە كېمەيتىش) باشلىنىپ

1953- يىلى 5- ئاينىڭ 23- كۈنى (يەر ئىسلاھاتى) ئاخىرلاشقان بولۇپ، بۇ بوران - چاپقۇنلۇق سىنىپىي كۈرەش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە غەلىبىلەر بارلىققا كەلدى. بۇنداق زور ۋە شانلىق غەلىبىلەرنىڭ قولغا كېلىشى داھىيمىز رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن بولغان، ئەلۋەتتە. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بۇ غەلىبىلەرنىڭ قولغا كېلىشى كومپارتىيە تەربىيىلىگەن كادىرلار قوشۇنىنىڭ پارتىيىگە، خەلققە، ئىنقىلابقا چەكسىز سادىق ئېتىقادى ۋە ئالىيجاناپ پەزىلىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى كونا، چىرىك، مۇدھىش فېئودالىزم ئاسارىتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، يېڭى، گۈزەل، پارلاق سوتسىيالىزم ئۈچۈن يول ئاچىدىغان دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئىنقىلاب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئوت يۈرەك ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان قايناق سىياسىي ھەرىكەت ئىدى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان كادىرلاردىن («كادىر»، «يولداش» دېگەن ئاتالغۇ شۇ چاغدا ئومۇملاشقان) ئۆلكە كادىرلىرى (ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكە ئىدى)، ۋىلايەت ۋە قىسىم كادىرلىرىدىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمى كونا جەمئىيەتتە ئىشلىگەن، يەنە بىر قىسمى يېزا ۋە شەھەردىن تاللاپ قوبۇل قىلىنغان ئاكتىپلار بولۇپ، بۇ كادىرلارنى قوبۇل قىلىشتا مەركىزىي



ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ، كېلىپ چىقىشى ياخشى، سىنىپى مەيدانى مۇستەھكەم، ئىقتىدارلىق، تەربىيىلەش ئىستىقبالى بولغان ياشلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بۇ بىرلەشمە چوڭ قوشۇن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بوران - چاپقۇنلۇق سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان ئىدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى باشلىنىش ئالدىدا، يەنە بىر قىسىم ئاكتىپلارنى قوبۇل قىلىپ قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق يەنىمۇ زور قوشۇن ھاسىل قىلىنىپ، يەر ئىسلاھاتى قوشۇنى دەپ ئاتالدى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ تاكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، بىر قارارلىق خىزمەت ئاخىرلىشىپ كېيىنكى قارارلىق خىزمەت باشلىنىشتىن بۇرۇن ناھىيىگە يىغىلىپ 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، خىزمەتلەر خۇلاسە قىلىنىپ، تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلىنەتتى؛ ھەر قارارلىق خىزمەت ئاخىرلىشىپ يەنە بىر قارارلىق خىزمەت باشلىنىش ۋاقتىدا كادىرلاردا ئېدىيە، ئىستىل جەھەتتە بىر بالداق ئۆسۈش ۋە ئىلگىرىلەش بولاتتى، تۈزۈم كۈچلۈك، ئىنتىزام چىڭ، تەلەپ قاتتىق ئىدى. يېڭى ئازاد بولغان يىللاردا كادىرلارنىڭ بۇنداق تەربىيىلىنىپ چېنىقىشىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بۇ ئاممىۋى ھەرىكەتلەر ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تاۋلايدىغان يالقۇنلۇق كۈرەش قايىنىمى ئىدى.

خىزمەت قوشۇنى مەيلى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بولسۇن ۋە ياكى يەر

ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە بولسۇن، نوقتىغا كىرگەندە يوتقان - كۆرپىلىرىنى يۈدۈپ رەتلىك تىزىلىپ، گويا جەڭگە ماڭغان قوشۇندەك «3 چوڭ ئىنتىزام 8 دىققەت» مارشىنى ياڭرىتىپ ئامما ئارىسىغا تەنتەنىلىك كەلگەن ئىدى. دەرۋەقە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەم يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ داۋامى بولغاچقا، بۇ خىزمەت قوشۇننى فېئودالىزم كۈچلىرى بىلەن جەڭ قىلغۇچى قوشۇن دېيىشكىمۇ بولاتتى، ئۇ چاغدىكى كادىرلارنىڭ قەلبىدە جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش، ئەمگەكچى خەلقنى ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش، ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇپ كېلەچەكتىكى ئەۋلادلارنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئالىيجاناپ خىسلەت يىلتىز تارتقان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈچلۈك ئىنقىلابىي ئىرادە، پولاتتەك ئىنتىزام، كوممۇنىستىك ئەخلاق، پىداكارلىق روھ، راستچىللىق ئىستىلى، پاك - دىيانەتلىك پەزىلەت، غەيرەت - جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى، شۇڭا خىزمەت ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ، ھاردىم - تالدىم دەپ ۋايسىمايتتى، پايدا - زىياننى سۈرۈشتە قىلمايتتى، ھەتتا ئاغرىپ قالغاندىمۇ دوختۇرغا كۆرۈنەلمىسە قىلچە زارلانماي خىزمىتىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇ چاغلار يېڭى ئازاد بولغان يىللار بولغاچقا، خىزمەت ئەترىدى كادىرلىرىمۇ قارا چىراق ياقاتتۇق. كۈندۈزلىرى ئايرىم سۆھبەت، ئەھۋال تەكشۈرۈش، مەسىلە ئېنىقلاش، يەر ئۆلچەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ئاخشاملىرى ئەنە شۇ قارا چىراقنى يېقىپ كېچىدە ماتېرىيال رەتلەيتتۇق، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كىيىملەرنىمۇ سالماي يوتقاننىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ



قالاتتۇق، ئۇ چاغلاردا سائەت بولمىغاچقا كۈندە قانچە سائەت ئىشلىگەنلىكىمىزنىمۇ بىلمەيتتۇق، ھېيت - بايرام، شەنبە، يەكشەنبە دېگەنلەرمۇ ئېسىمىزگە كەلمەيتتى. كادىرلار ھەرقانداق قىيىنچىلىق شارائىتتىمۇ ئوت دېڭىزىغا كىرىشتىن باش تارتمايتتى، جاپادىن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىقتەك ئىنقىلابىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئورۇن، مەرتىۋە سۈرۈشتە قىلمايتتى. يۇقىرى مائاش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. كاماندۇرۇپكا دېگەن ئاتالغۇنى ھېچكىم ئاڭلىمىغانىدى، بەلكى ئادىل، خالىس ئىش قىلاتتى. ئۇ چاغدا كادىرلار ئاممىنىڭ يەپ - يېگىنىسىگىمۇ چېقىلمايتتى، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېگەننى شەرمەندىچىلىك دەپ بىلەتتى. قىسقىسى «ئارقا ئىشىك» دېگەن ئاتالغۇ ئۇ چاغدا تېخى تۆرەلمىگەن ئىدى. ئاممىنىڭ قوغۇن - تاۋۇز چاغلىق نەرسىلىرىنى ھەقسىز يەپ قويسا تۇرمۇش تەكشۈرۈش يىغىنىدا ئۆزىنى تەكشۈرەتتى. خىزمەت ئەترىتى كادىرلىرىغا سىنىپىي مەيدانى مۇستەھكەم بولۇش تەلىپى قويۇلغان ئىدى. شۇڭا كادىرلار بۇ بىر مەيدان سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە بايرىقى روشەن ھالدا سىنىپىي مەيدانىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ چاغدىكى كادىرلار ئالىيجاناپ خىزمەت ئىستىلىنى يېتىلدۈرگەچكە، ئەمگەكچىلەر ئاممىسى بىلەن ئىچ قويۇن - تاش قويۇن بولۇپ ئامما ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇرغان ئىدى. چۈنكى ئۇزاق يىللار مابەينىدە كەنتلەرگە ئالۋان - سەيسلەرنى سۇيلەپ كېلىدىغىنى دوغا، يايى، بەگ ئەمەلدارلار ئىدى، ئۇلار كېلىپ ئەمگەكچى خەلقلەرنى ئۇراتتى، ئاساتتى، ئېشەك ئېتىپ مىنەتتى، ئاياللارنى ئاياغ - ئاستى قىلاتتى، پارا ئالاتتى، بۇلار تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق بولۇپ

كىشىلەر ئۇلاردىن قاچاتتى. بۇ ياۋۇز چىل بۆرىلەرنىڭ رەزىل قىلمىشىدىن يۈرەكلىرى زەردابقا تولغان ئاما يېڭى دەۋرنىڭ خەلق سۆيەر كادىرلىرىنى چىن قەلبىدىن سۆيەتتى. شۇڭا خىزمەت ئەترىتىدىكى كادىرلار بىلەن خۇددى بىر تەن بىر جاندەك يېقىن ھەمنەپەس، سىرداش بولۇپ، كادىرلارنىڭ گېپىنى ئەستايىدىل ئاڭلايتتى. كادىرلاردىن ھېچنەرسىسىنى يوشۇرماي كۆڭلىدىكى گەپلەرنى تولۇق ئېيتاتتى. ئاما تولۇق ھەرىكەتكە كەلگەچكە خىزمەتلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئىدى. ھەتتا بىر قارارلىق خىزمەت ئاخىرلىشىپ، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر يېزىدىن قايتىش ۋاقتىدا دېھقانلار كادىرلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، كادىرلارنى ئۇزىتىپ يىراققىچە بىرگە ماڭاتتى ۋە كېيىنكى قارارلىق خىزمەت ئورنىغا يوقلاپ باراتتى.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، كادىرلارنىڭ ياخشى ئىستىلى ئارقىلىق ئاما تولۇق ھەرىكەتلەنگەن بولغاچقا، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلگەنىدى.

مەرىپەتپەرۋەر خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردى يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىغا قارىتىپ:

نەخۇش دۆلەت بۇ شىنجاڭغا ئادالەتلىك ئاتا كەلدى،
غېرىپلارنىڭ سىلاپ باشى كادىرلار قاتار كەلدى.

دەپ يازغانىدى.

يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى 1953- يىلى 5- ئاينىڭ 23-



كۈنى ئاخىرلاشقاندا، ناھىيە بويىچە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىلىپ، يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىندى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە تۆھپە ياراتقان بىر تۈركۈم ئىلغارلارنىڭ كۆكسىگە قىزىل گۈل تاقىلىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىدىن پارتىيىگە كىرگەن يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىگە قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يەر ئىسلاھاتىدا يېتىلدۈرۈلگەن جەڭگىۋار روھنى مەڭگۈ جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى.

يەر ئىسلاھاتى ئاخىرلاشقانغا يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. دۇنيانىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يېرىم ئەسىر ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىسىمۇ، لېكىن بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىن ئېيتقاندا خېلى ئۇزاق ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنىڭ ئىزى چۈشمىگەن يەر، قولى تەگمىگەن ئىشى قالمىدى. ئۇلار ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىدىن تارتىپ يېقىنقى يىللارغىچە كۇچانىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تايانچلىق رول ئويناپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كۇچا قۇرۇش جەھەتتە ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى قوشقانلىقى ئۈچۈن، پارتىيە، خەلقىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئەشۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا پىشقەدەم كادىرلىرىمىزنىڭ ھاياتى قىممەتلىك، بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى شەرەپلىكتۇر، تارىخ ۋە خەلق ئاممىسى ئىنقىلاب پېشۋالىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

① كۇچا ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى 50- يىلى 3- ئاينىڭ 29- كۈنى قۇرۇلغاندا، كۇچا، شايار، توقسۇ

ناھىيىلىرىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاچقا «مەركىزىي پارتىيە كومىتېتى» دەپ ئاتالغان، بۇ «مەركىزىي» دېگەن نام 53- يىلى 6- ئايدا (يەر ئىسلاھاتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن) ئەمەلدىن قالغان. شۇڭا مەن ماقالەمدە باشتىن - ئاخىر مەركىزىي پارتىيە كومىتېتى دېگەن ئەينى نامنى قوللاندىم.

② بۇ ماقالەمدە ئەينى ۋاقىتتا قوللىنىلغان «كونونىيە»، «ئۆلكە، ۋالىي مەھكىمە ··· قاتارلىق ئاتالغۇلارنى ۋە شۇ چاغدىكى رايون، يېزا نامىلىرىنى قوللاندىم.

③ بۇ ماقالەمدىكى ئايرىم مەزمۇن ۋە سان - سىفىرلەرنى «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن پايدىلاندىم. لېكىن 240- بەتتىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش دېگەن ئابزاستا ئىجارە ھەققى ×× توننا بۇغداي قايتۇرۇپ ئېلىندى، ×× توننا بۇغداي كېمەيتىلدى دەپ بۆلۈپ يېزىلغان، مېنىڭ چۈشەنچەمدە بۇ مەزمۇننى ئىككىگە بۆلمەي ×× توننا بۇغدا ئىجارە ھەققى كېمەيتىلدى دەپ يېزىش مۇۋاپىق ئىدى. لېكىن مەن ماقالەمگە يېزىشتا كىتابقا ھۆرمەت قىلىپ، كىتابتىكى «قايتۇرۇپ ئېلىندى»، «كېمەيتىلدى» دېگەن بويىچە يازدىم. يەنە شۇ ئابزاستا ×× ئۆي، ×× يەر، ×× كالا، ×× قوي قايتۇرۇپ ئېلىنغانلىقى يېزىلغان. بۇ قايتۇرۇپ ئېلىنغان ئۆي، يەر دېگەنلەر قايتۇرۇپ ئېلىشقا تېگىشلىك جامائەتكە تەئەللۇق ۋە ۋەخپى قىلىنغان يەر، ئۆي بولۇشى مۇمكىن. قايتۇرۇپ ئېلىنغان كالا، قويلار پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ كېمەيتىلگەن ئىجارە ھەققىگە ھېساب قىلىپ تۆلەنگەن چارۋىلار بولۇشى مۇمكىن.

ئاپتورى: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىدىن



# 1957- يىلى لوپ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن كوپېراتىپ ماجىراسى توغرىسىدا

ز. ئى. كازىم

1957- يىلى 6- ئايدا، لوپ ناھىيىسىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى مۇستەھكەملەش بىلەن، كوپېراتىپلارنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق كەسكىن كۆرەش يۈز بەرگەنىدى.

شۇ ۋاقىتتا، لوپ ناھىيىسىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ئومۇمىي تۈس ئالغان «كوپېراتىپ ماجىراسى» گەرچە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولغان.

مەن بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا بۆلۈپ بايان قىلىمەن.

## يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

1954- يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «دۆلەتنى

سانائەتلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەتنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش» تىن ئىبارەت «ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش يول، باش ۋەزىپە» نى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جۇڭگو يېزىلىرىدىكى سوتسىيالىستىك دولقۇننىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشىگە ئەگىشىپ، لوپ ناھىيىسىدىكى كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى.

دەل شۇ مەزگىلدە، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم بىر تەرەپتىن كۈچ تەشكىللەپ يېزىلارغا خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ «ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ باش يول، باش ۋەزىپە» سىنى تەشۋىق قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن يۇرۇڭقاش رايونى[1] نىڭ ئالتىلە يېزا[2] سىدىكى خالدا مەھەللىسىدە پەسىل خاراكتېرلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇشنى سىناق قىلىش ۋە ئۇنى ھەرقايسى جايلارغا كېڭەيتىشنى باشلىۋەتكەنىدى.

1955- يىلى يولغا قويۇلغان بىرىنچى بەش يىللىق پىلاننىڭ 1- يىلىدا، لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدە قۇرۇلغان پەسىل خاراكتېرلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىلار دائىمىي يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلارغا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. باشقۇرۇش ھوقۇقى كوللېكتىپتا بولىدىغان دائىمىي يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلار پەسىل خاراكتېرلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىلاردىن بىرقەدەر ئىلغار بولسىمۇ، مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى يەنىلا شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغىنى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە

---

① «رايون» - ھازىرقى يېزا - بازارغا تەڭ مەمۇرىي دائىرە
② «يېزا» - ھازىرقى باشقۇرۇش ئۇچاستىكىسىغا تەڭ



ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمايتتى.

شۇ يىلى يازدا، لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇلا 3- رايون كوچكەن، 1- يېزا كوچكەن بوي مەھەللىسىدە موھەممەت ئىمىن ئاخۇن باشلىق 60 نەچچە ئائىلىلىك دېھقان بىرلىشىپ تۇنجى «مەشئەل مۇنارى» ناملىق باشلانغۇچ شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپىنى قۇردى (بۇ كوپىراتىپ شۇ ۋاقىتتا «مەتىمىن كوپىراتىپى» دەپ ئاتالغان). شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرى لوپ ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ، يىل ئاخىرىغا يەتكەندە 100 نەچچىگە يەتكەنىدى.

باشلانغۇچ شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرى ئىلگىرىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلاردىن ئىلغار بولسىمۇ، دېھقانلار پاي قوشقان تېرىلغۇ يەر، ئىشلەپچىقىرىش ھايۋان - سايمانلىرىغا ئىجارە ھەققى تۆلىگەنلىكتىن، ئەمگەك قىلغان دېھقانلارنىڭ قولىغا ئانچە كۆپ ھەق تەگمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1956- يىلغا كەلگەندە، باشلانغۇچ شەكىلدىكى كوپىراتىپلار ئالىي دەرىجىلىك كوپىراتىپلارغا ئۆزگەرتىلىپ، «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئەمگەك قىلىش، قىلغان ئىشىغا قاراپ ھەق ئېلىش» تىن ئىبارەت تەقسىمات سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىغان.

1956- يىل ئاخىرىدا، لوپ ناھىيىسىدىكى 6 رايون، 1 بازار، 29 يېزا تەۋەسىدە 208 يېزا ئىگىلىك ئالىي دەرىجىلىك كوپىراتىپى قۇرۇلۇپ، 110 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ئاھالىسى بولغان بۇ ناھىيىدە 90% نى تەشكىل قىلغان كەڭ دېھقانلار ئاممىسى كوللېكتىپلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىنى (يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى 1954- يىلغا

سىلىشتۇرغاندا) 12% ئاشۇرۇپ، خەج - خىراجەت، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن دەسلەپكى قەدەمدە غەم قىلمايدىغان، يېڭى بىر خىل تۇرمۇشنى بارلىققا كەلتۈردى.

## كوپىراتىپ ماجىراسىنىڭ يۈز بېرىشى

1957- يىلى 6- ئاينىڭ 1 كۈنى (شەنبە) خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىگەچى① يېزىسىدا كوپىراتىپ ماجىراسى كېلىپ چىقىپ، كوپىراتىپنىڭ ھېساۋات دەپتەرلىرى، كىرىم - چىقىم ھۆججەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان، ئۇرۇقلۇق ئاشلىق، دېھقانچىلىق ھايۋان - سايمانلىرىنى بۆلاپ كېتىدىغان، كادىرلارنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرىدىغان ئېغىر ئەھۋال يۈز بەردى. شۇ كۈنى كەچتە ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى ناھىيىمىزگە تېلېفۇن بېرىپ، ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

6- ئاينىڭ 2- كۈنى (يەكشەنبە) ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لو رۇڭكۇڭ ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىپ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن، كوپىراتىپ ماجىراسى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 1-، 2- رايونغا (جىيا بىلەن يۇرۇڭقاشقا) ۋىلايەتنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى، 3-، 4-، 5-، 6- رايونغا (سامپۇلا، چاھارباغ، ھاڭگى ۋە دولغا) ناھىيىنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقى، 3- رايونغا ھاكىم مەمتىمىن توختى، 4- رايونغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى

① ئىگەچى ھازىر خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق بولۇپ، لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسى بىلەن يېقىن قوشنا. بۇ ئىككى جاينى يۇرۇڭقاش دەرياسىلا ئايرىپ تۇرىدۇ.



چېڭ فاڭزەي، 5-، 6- رايونغا مەن① ناھىيىلىك پارتكوم يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىڭخونىڭ بارىدىغانلىقى، بۇ جايلارغا بارغاندىن كېيىن، 1) دېھقانلار ئاممىسىغا بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ كوپىراتىپ ماجىراسى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. 2) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پەسىل خاراكتېرىنى چىڭ ئىگىلەپ، يازنىڭ «3 ئىش» نى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش. 3) ساقلانغان مەسىلىلەرنى دادىل ھەل قىلىپ، ۋەزىيەت مۇقىملاشمىغىچە قايتىپ كەلمەسلىك بەلگىلەندى.

6- ئاينىڭ 3- كۈنى (دۈشەنبە) ئەتىگىنى يولغا چىقىش ۋاقتىمىزدا، يولداش لورۇڭكۇڭ بىزنى چاقىرىپ، تۈنۈگۈن جىيا 1- رايوننىڭ 2- يېزا 6-، 7- كوپىراتىپلىرىدا كوپىراتىپ ماجىراسى يۈز بەرگەنلىكى، ماجىرا تۇغدۇرغۇچىلار ئارىسىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەر كادىرلارنى ئۇرۇپ، ھېساۋات دەپتەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ھايۋان - سايمانلىرى ۋە ئۇرۇقلۇق ئاشلىقلارنى خالىغانچە بۆلاپ كەتكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ، يېڭىدىن بىرقانچە تۈرلۈك تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جىيا 1- رايون بىلەن ھاڭگى 5- رايون ناھىيىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئىككى رايون خەلقىنىڭ ئۆزئارا بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغانلىقتىن، 1- رايوندا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ 5- رايونغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن يىغىندىن چىقىپلا 5- رايونغا يۈرۈپ كەتتىم.

مەن 5- رايونغا كەلگەندە خوتەندە تۇرۇشلۇق ئاتلىق

① مەن شۇ ۋاقىتتا، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، ئىدارىلار پارتكومى شۇجىسى ئىدىم.

ئىسكادىرونىنىڭ بىر پەي مىللىي ئەسكىرى روتا كوماندىرى تۇرسۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە رايون مەھكىمىسىگە ئورۇنلىشىپ تەرتىپ ساقلاۋاتقان ئىكەن.

تۇرسۇن بىلەن ئىككىمىز رايكوم سېكرېتارى جۇشيونىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ۋەزىيەت تەربىيىسى بېرىش بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

1-، 4-، 5- يېزىدا ماجىرا بالدۇر ۋە ئېغىر دەرىجىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن، دېگەن قاراش بىلەن 1- يېزىغا رايون باشلىقى يوسۇپشا يۇنۇسنى، 4- يېزىغا جۇشيۇنى مەسئۇللۇققا بەلگىلىدۇق. مەن 5- يېزىغا بارىدىغان بولدۇم. رايون مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىدىكى 2-، 3- يېزىغا رايكومنىڭ باشقا ھەيئەتلىرىنى بەلگىلەپ، دەرھال ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ كەتتۇق.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىگەچى يېزىسى بىلەن لوپ ناھىيىسىنىڭ 1- رايونىدا يۈز بەرگەن كوپىراتىپ ماجىراسىدىن ھەممە كىشى خەۋەر تاپقان بولۇپ، بىز بىلەن ئامما ئارىسىدا ھېچقانداق مەخپىي سىر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. گەپ، بىزنىڭ قانداق ئوتتۇرىغا چىقىشىمىز، مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا باغلىق بولۇپ ئۇ تەخىرسىزلىكى كۈچلۈك، جىددىي سىناق ۋاقتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بارغانلا يېرىمىزدە ھەرخىل ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ پارتىيە - ئىتتىپاق ئەزالىرى يىغىنى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى يىغىنى، ئوقۇتقۇچىلار يىغىنى، كوپىراتىپ ئەزالىرى يىغىنى، دىنىي زاتلار يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سىياسەتنى



يەتكۈزۈپ، ئاكتىپلار قوشۇنىنى كېڭەيتىش بىلەن نەق مەيداندا ئىش بىجىرىپ، ئاممىنىڭ پىكرى بىرقەدەر كۆپرەك بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا كىرىشىپ، داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىدۇق.

6- ئاينىڭ 5- كۈنى (چارشەنبە) يورۇڭقاشنىڭ بازىرى بولىدىغان كۈن بولغاچقا، بۇ جايغا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر كەلگەن بولۇپ بازار ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەن ئىكەن ھەمدە بىر توپ كىشىلەر رايون مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ، كوپىراتىپنى چۇۋۇپ① بېرىش توغرىسىدا غەۋغا قىلىشقان ئىكەن. بۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى يولداش ئابدىرېھىم لېتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ نەسىھەت قىلغاندا تارقىلىپ كېتىشكەن بولسىمۇ، ئايرىم ساندىكى يامان غەرەزلىك كىشىلەر ئۆز جايلىرىغا قايتىشقاندىن كېيىن، «ۋالىي كوپىراتىپلارنى چۇۋۇپ بېرىدىغان بولدى» دېگەن ئېغۋانى تارقىتىشقان.

6- ئاينىڭ 6- كۈنى (پەيشەنبە) دولىنىڭ بازىرى بولۇپ، بازارغا كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى رايون مەھكىمىسى ئالدىغا كېلىپ، «ياشىسۇن ماۋ جۇشى!» «يوقالسۇن كوپىراتىپ!»، «كوپىراتسىيەنى چۇۋۇپ بەرمىگۈچىلەرنىڭ ئىت كاللىسىنى چېقىپ تاشلايلى!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلاپ ھەيۋە قىلىشقاندا، رايكوم سېكرېتارى جاڭ جىگو، رايون باشلىقى غوجىئەخمەت رەھمەت، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى جىڭ خۇ، قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، سىياسەتنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار نەسىھەتكە قۇلاق سالمايلا قالماستىن، يۇقىرقى

① ئەمەلدىن قالدۇرۇش

ئۈچ نەپەر يولداشنى قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان.

مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە 2ـ ۋە 6ـ رايوننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم دېھقانلار پارتىيە، سوتسىيالىزمغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بىر قىسىم ئۇنسۇرلارنىڭ قۇترىتىشى ئاستىدا ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك كوپېراتىپ ماجىراسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

6ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنى (جۈمە) ئەتىگەندىلا 5ـ رايوندىكى 31 كوپېراتىپنىڭ 17 سىدە ماجىرا تۇغۇلۇپ، كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى بۇلاندى.

ئەھۋال بىر قەدەر ئېغىر بولغىنى، 4ـ يېزىدىكى 3ـ كوپېراتىپ بولۇپ، ماجىرا تۇغدۇرغۇچىلار ئالدى بىلەن كوپېراتىپ كادىرلىرىنى قورشاپ ئۇرۇپ ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندۈرگەندىن كېيىن، كوپېراتىپ كادىرلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا كەلگەن 4ـ يېزا پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش توختى غازاخۇننى تۇتىۋېلىپ قاتتىق ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋەتكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەسىلىنى ئۆزى بىۋاستە ھەل قىلىشقا كەلگەن رايكوم سېكرېتارى جۇ شيۇ بىلەن ناھىيىنىڭ 5ـ رايوندا تۇرۇشلۇق كادىرى دۆلەت قۇربانىمۇ تۇتىۋېلىپ، ئۇلارنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپ، يارىلاندۇرغاندىن كېيىن باغلاپ سولاپ قويغان.

مەن 5ـ يېزىدىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقىنىمدا، كوماندىر تۇرسۇن ئەھۋالنى تېلېفوندا ئۇقتۇردى ھەم مېنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئىككى نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتتى.

يولداش جۇ شيۇ ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە يارىلانغان پېشقەدەم جەڭچى بولۇپ، جىسمانىي جەھەتتە ئاجىز بولغانلىقى



ئۈستىگە كەم سۆز ئادەم ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى قاراڭغۇلۇق باستى ـ دە، ئىككى نەپەر جەڭچىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن 4ـ يېزىغا قاراپ يولغا چىقتىم .

مەن شۇ كۈنى خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ئەتىگەنلىك ناشتىنىمۇ قىلمىغانىدىم. بىز 4ـ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە بارغىنىمىزدا، تېلېفون سىمى ئاللىقاچان ئۈزۈپ تاشلانغان، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى (شاڭجاڭ) تۇرسۇن ئاخۇن بىلەن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى قېچىپ كەتكەن ئىكەن.

مېنىڭ بۇ جايغا تۇنجى قېتىم كېلىشىم بولغاچقا 3ـ كوپېراتىپ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئاخىرى موزدۇزچىلىق قىلىدىغان بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ كىشى يول باشلاپ بىزنى كوپېراتىپنىڭ تەشكىلىگە ئەكىلىپ قويدى.

بىز 3ـ كوپېراتىپقا كەلگەندە، ماجىرا راسا ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، كىشىلەر بۇ جايغا يىغىلىپ كالا، ئات ـ ئېشەكلەرنى تالىشىپ سوقىشىۋاتقان ••• بەزىلىرى، سوقا ـ ساپان ۋە باشقا هارۋا جابدۇقلىرىنى ئۆز ئارا تارتىشىۋاتقان، بەزىلىرى، ئورۇقلۇق ئۈچۈن قالدۇرۇلغان ئاشلىقلارنى تاغارلىرىغا قاچىلىشىۋاتقان، بەزىلىرى، كوپېراتىپ قورۇسى ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ، ئۆز ئارا جېدەللىشىۋاتقان، 10 نەچچە ئايال يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ، كېۋەز غوزىسى، مەدەك قاتارلىق نەرسىلەرنى خالتىلىرىغا تىقىۋاتقان ئىكەن. يەنە 2، 3 يۈزدەك ئادەم بىر چەتتە قوللىرىنى قوشتۇرۇپ بولىۋاتقان ئىشلارغا قاراپ تۇرىشاتتى. كاللىسى يېرىلىپ ھوشىدىن كەتكەن سېكرېتار توختى غازاخۇن بىر تەرەپتە، قولى باغلانغان جۇ شيۇ

بىلەن دۆلەت قۇربان يەنە بىر تەرەپتە ياتاتتى.

مۇنداق مۈرەككەپ ئەھۋالدا ۋاقىت قانچە ئۆتۈپ كەتسە ئەھۋال شۇنچە ئېغىرلىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كۆپ ئويلاپ تۇرماستىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاممىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى بىر جايغا جەم قىلغاندىن كېيىن، پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى جانلىق، ئىخچام چۈشەندۈرۈش بىلەن جۇ شيۇ ۋە دۆلەت قۇربانىنىڭ قولىنى بوشىتىۋېتىشنى، توختى غازاخۇننى دەرھال دوختۇرغا يۆتكەشنى، قالدى ئىشلارنى مۇشۇ مەيداندىكى ئامما بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلدىغانلىقىمىزنى مۇراجىئەت قىلدىم.

دەل شۇ پەيتتە، ئىشنىڭ مۇشۇنداق ھەل قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ ۋەكىللىرى، مېنىڭ پىكرىمگە قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ جۇ شيۇ بىلەن دۆلەت قۇربانىنىڭ قوللىرىنى بوشىتىۋېتىشتى ۋە توختى غازاخۇننىمۇ دوختۇرغا ئەۋەتىشتى.

جېدەللىشىۋاتقانلار بىردىن پەسىيىپ، پىكىر بېرىشكە باشلىدى. پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىۋاتقانلىقتىن كىمنىڭ پىكرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، كىمنىڭ دېگەنلىرى شەخسىي گەپ ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى قىيىن ئىدى، ئەنە شۇ پىكىرلەر ئىچىدە ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئىككى تۈرلۈك ئىدى.

بىرىنچى خىلدىكىلەر: كوپېراتىپنى چۇۋۇپ بەرسۇن، پاي قوشقان نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسۇن. ئامبار، ئېغىل ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەرنى باھاغا سۇندۇرۇپ تەخسىملىۋالىمىز دېسە، ئىككىنچى خىلدىكىلەر: كۆكتات يېرىمىزنى كۆپەيتىپ بەرسۇن، چۈشكۈنلەشكەن كادىرلارنى



يەڭگۈشلەپ بەرسۇن، ئۇزۇقلۇق ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان كىشىلەردىن ئارتۇق ئاش سېتىۋالمىسۇن دەيتتى.

ئىككىنچى خىلدىكىلەرنىڭ تەلىپى بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغاچقا، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، نەق مەيداندىلا ئاممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن كادىرلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قايتا سايلام ئۆتكۈزۈش، كوپېراتىپ ئەزالىرىغا بىر پۈتۈندىن كۆكتات يېرى كۆپەيتىپ بېرىش، ئارتۇق ئاشلىقى يوقلاردىن ئاش سېتىۋالماسلىق، ئۇزۇقلۇقى تۈگەپ كەتكەنلەرگە دۆلەتتىن ئاشلىق ئارىيەت بېرىپ تۇرۇش توغرىسىدا ۋەدە بەرگىنىمدە كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ: «پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىمىز بىزگە مۇشۇنداق غەمخورلۇق قىلسا، كوپېراتىپنى چۇۋۇپ نېمە قىلىمىز»، «پىكرىمىزنى ھەل قىلىدىغان ئادەمنى تاپالمىغاچقا مۇشۇنداق قىلغان»، «كادىرلىرىمىز يۇرتنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇپ، قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلسىلا بىزنىڭ ھېچقانداق پىكرىمىز يوق»··· دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

بۇنىڭدىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۋېلىشقا بولاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدە: «ئاممىنىڭ رازىمەنلىك بىلدۈرگەنلىكى ناھايىتى چوڭ ئىش بولدى. كوپېراتىپمۇ چۇۋۇلمايدىغان بولدى، مەنمۇ تاياق يېمەيدىغان بولدۇم» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقىنىمدا، تۇساتتىن مەيداننىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرغان مەتتۇرسۇن چولوك دېگەن كىشى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

- ھەي خالايىق، ئەخمەق بولماڭلار. بۇ ئوغرى (مېنى

دېمەكچى) غەلۋىنى ئۇسۇرۇقتا بېسىپ، بىزنى ئالداپ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلماقچى. بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلىشىمىز كېرەك - دەپ جار سالغاندىن كېيىن، يەنە بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

- كادىر دېگەننىڭ ۋەزىپىسى گەپ سېتىش. بۈگۈن ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل دېگىنىمىز بىلەن ئەتە ئۇنى قەيەردىن ئىزدەپ تاپىمىز، - دېدى.

شۇ تەرىقىدە ئۇ ۋاقىراپ، بۇ جارقىراپ، مەيداننىڭ تەرتىپى بۇزۇلدى. قىستى - قىستاڭ ئىچىدە بىر قانچە ئون كىشى مېنى ئارىغا ئېلىۋالدى، ناتونۇش بىر كىشى تۇنجى بولۇپ ماڭا مۇش ئاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇر - ئۇر، قاچقانلىرىنى تۇت، دېگەن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى ۋە قولى يەتكەنچە مۇش ئاتتى، ھەتتا ماڭا ئاتقان مۇشتلارنىڭ بەزىلىرى باشقىلارغا تەگدى.

مەن ئۆزۈمنى بەزىدە ھويلىدا، بەزىدە ئايۋاننىڭ بىر چېتىدە، بەزىدە ئېرىق بويىدا، بەزىدە قويۇق ئورمانلىقتا كۆرەتتىم.

مەن بىلەن بىرگە كەلگەن ئىككى نەپەر جەڭچىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىلتىق، ئوقلىرىنى ئاللىقاچان باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ تاياق يەۋاتقان ئىدى.

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندە ئۇرۇشنى توختىتىپ، كوپىراتىپنى چۇۋۇپ بېرىش توغرىسىدا ھۆججەت يېزىپ بېرىشكە قىستاشقا باشلىدى.

ھۆججەتنى يولداش جۇ شيۇ يازدى. ئۇ مۇنداق يازغان ئىكەن: «ناھىيىلىك پارتكومغا، بىز بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتەلمىگۈدەكمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئۇرغۇچىلارنىڭ رەڭگى



- روھىنى يېزىپ قويدۇم».

«ھۆججەت» يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار مېنىڭمۇ ئۇيغۇرچە ھۆججەتتىن بىرنى يېزىپ بېرىشىمنى ئۇقتۇردى. مەن ئۇلارغا: «مەن رايون مەسئۇلى ئەمەس، رايكوم سېكرېتارىنىڭ يېزىپ بەرگىنى كۇچكە ئىگە» دەپ تۇرۇۋالغىنىمدا، يەنە تەلۋىلىكى تۇتۇپ قولۇمنى باغلاپ ئاسماققا ئالدى.

«ھۆججەت يېزىپ بېرەمسەن - يوق؟»، «ئەگەر ھۆججەت يېزىپ بەرمىسەڭ ئۆلۈكۈڭنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمىز» دەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن ئاستىمغا ئوتۇن - شاخ، كوپىراتىپنىڭ ھېساۋات دەپتەرلىرىنى تاشلاپ ئوت قويۇۋېتىشكە تەييارلىق كۆرۈشمەكتە ئىدى.

ئەتىگەن سائەت 9 دا باشلانغان جېدەل، سائەت 3 كىچە 6 سائەت داۋاملاشقان بولسىمۇ، ھېچكىم قايتىپ كەتمىگەنتى. مەن قورسىقىمنىڭ ئاچلىقى، تاياق ئازابىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆزۈمنىڭ ئاسماقتا ياكى يەردە ئىكەنلىكىمنىمۇ بىلمەيتتىم. ئۇلار ئۇرىۋەرگەنسېرى بەدەنلىرىم ئاغرىماس بولۇپ قالغانتى. شۇنداقتىمۇ يەنە ئاز ساندىكى تەلۋىلەر: «جېنىڭغا تۇرامسەن ياكى كوپىراتىپقىمۇ؟» دەپ توختىماي تاياق سېلىۋاتقاندا، كوپىراتىپنى چۇۋۇمايمىز دېگۈچى ئاما مېنىڭ ناھەق تاياق يەۋاتقانلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىپ، قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىسمائىل ئاخۇن پەرۋا ئىسىملىك قارا ساقال، تەمبەل بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ھەي ··· كۆپچىلىك! بۇ كادىردا نېمە ئاداۋىتىڭلار بار ئىدى؟ كادىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ كوپىراتىپنى چۇۋۇيمىز دەپ خام خىيال قىلماڭلار... ھەي خەق! ياڭاقنىڭ تاش بىلەن تەڭ

بولغىنى قەيەردە بار؟» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى.

ئەجەل قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىغا كېلىپ قالغاندا، مېنىڭ ئېتىمنى مىنىپ ئوغرىلىقچە رايون مەھكىمىسىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە چىقىپ كەتكەن شۇ جايدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەتتۇرسۇن رۇزى رايون مەھكىمىسىدە تەرتىپ ساقلاۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ كەپتۇ.

ئۇلار بۇ جايغا يېغىلىپ قالغان ئاممىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن، كوپىراتىپ تەشكىلىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

ئوق ئېتىلغاندا ھەممە كىشى قاچاتتى، ئوق توختىغان ھامان يەنە قايتىپ كېلىشەتتى، ھەتتا بەزىلەر بىر - بىرىگە ئىلھام بېرىپ: «قاچماڭلار، ماز بەللەپ ئاتتى» دەپ ۋاقىرىسا، يەنە بەزىلىرى: «لائىلاھە ئىللەللا دەپ تۇرىۋەرسەڭلار ئوق تەگمەيدۇ» دېيىشەتتى.

ئاسمانغا قارىتىپ ئاتقان ئوقتىن بىرسى كېلىپ ھېيت ئاخۇن بورۇك دېگەن كىشىنىڭ قوۋۇرغىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەممە كىشى قېچىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى (شۇ كۈنى كەچتە ھېيت ئاخۇن بورۇك ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىقىلىپ قۇتقۇزۇپ قىلىنغان).

كوماندىر تۇرسۇن مېنى ئاسماقچا چىقىرىپ قويغان مەيدانغا كېلىپ، ئاغامچىنى كېسىپ تاشلاپ، مېنى ئاسماقتىن چۈشۈردى. جۇ شيۇ بىلەن دۆلەت قۇربانىمۇ سولاقتىن ئازاد قىلىندى.

شۇ ۋاقىتتا لوپ ناھىيىسىدىكى 208 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپىدىن 102 سىدە كوپىراتىپ ماجىراسى يۈز بېرىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر زىيان



كۆرۈلگەندىن تاشقىرى، ناھىيە، رايون، يېزا، كوپىراتىپتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك كادىرلاردىن 126 نەپىرى تاياق يېگەن. ئۇلاردىن تۆت نەپىرى ئېغىر يارىلانغان.

## كوپىراتىپ ماجىراسى يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبى

يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىدىن ئىبارەت تەشكىلىي شەكىل - يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تارىخىدىكى ئەڭ يېڭى شەيئى بولۇپ، كونىچە، قالاق، تارقاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورنىغا، كوللېكتىۋېزملىق ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش مەزمۇنىنى بەرپا قىلىدىغان ۋاستە ئىدى.

ئەلمىساقتىن بۇيان خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تارىخى، ئەنئەنىۋى كۆز قارىشى، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ رېئال تۇرمۇشقا دەرھاللىقچە ئادەتلىنىپ كېتەلمىگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك ئەھۋال كوپىراتىپ ماجىراسى يۈز بېرىشكە سەۋەب بولغان:

1. پارتىيىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيەلەشتۈرۈشكە قاراتقان فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئېغىزدا چوڭقۇر تەشۋىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئەتراپلىق، توغرا، ئىزچىللاشتۇرۇلمىغان، كوپىراتسىيەلەشتۈرۈشنىڭ ئەۋزەللىكى ناھايىتى كۆپ سۆزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كوللېكتىپلاشتۇ-رۇلغاندىن كېيىنكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان قىيىنچىلىقلارغا قارىتا ئىدىيىۋى تەييارلىق بولمىغان. كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ شەخسىي ئىگىلىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى دېگەن بەلگىلىمە ئەمەلىيەتتە جارى

قىلىنمىغان. يىلدا ئىككى قېتىم بەرمەكچى بولغان تەقسىماتقا ئىشتەي ساقلاۋاتقان دېھقانلار كۈندىلىك ئائىلە تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق قىيىنچىلىقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلالمىغان، دېموكراتىك كېڭەشىشنىڭ ئورنىنى بۇيرۇققا زورلاش ئىگىلىگەن. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى پارتىيە سىياسىتى بويىچە ھەل قىلىش توغرىسىدا پىكىر قىلغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر چەتكە قېقىلغان. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئارىسىدا ھەر خىل گۇمانى كۆزقاراشلار تۇغۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەرىكىتى ئىلگىرىكىدەك ئاكتىپ بولمىغان.

2. «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش»، «يەر ئىسلاھاتى» قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا، ئېكسپلاتاتسىيە ئىمتىيازىدىن ئايرىلىپ قالغان سىنىپىي دۈشمەنلەر كوپىراتىپلارنى بىخ ھالىتىدە ئۇجۇقتۇرۇپ، جاھاننى ئۆزگەرتىش خام خىيالىدا بولغان، ئۇلار، بەزى ۋاقىتلىق ساقلىنىپ تۇرغان مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن ئاممىا ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغان. كوپىراتىپ كادىرلىرىغا نارازىلىقى بولغان ئايرىم كىشىلەرنىڭ شاپائەتچىسى بولىۋالغان. شۇ ۋاقىتتا، ناھىيە بويىچە پومېشچىك ۋە باشقا سىنىپىي دۈشمەنلەردىن بىر ئوچۇم كىشى پۇرسەت كەلدى دەپ چۆچۈرىنى خام ساناپ، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، ئوتتۇرا يولدا تۇرىۋاتقان كىشىلەرنى قۇترىتىپ كوپىراتىپ ماجىراسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان.

3. يۇقىرىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئارتۇق ئاش سېتىۋېلىش سىياسىتى بىر قىسىم جايلاردا توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلمىغان. بەزى كادىرلار (جۈملىدىن بەزى رايون باشلىقلىرىمۇ) «قىزىل



بايراقدار» بولۇشنى قوغلىشىپ، ۋەزىپىنى بىر ـ بىرىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئۈچۈن، كوپىراتىپ ئەزالىرىغا تۆۋەن ئۆلچەمدە قالدۇرۇلغان تەمىنات ئاشلىقىنىڭ بىر قىسمىنى ساتتۇرىۋەتكەن. ھەتتا بەزى كادىرلار: «ھازىر سىلەر سېتىپ بەرسەڭلار، كېيىن دۆلەت سىلەرگە سېتىپ بېرىدۇ» دەپ ئاممىنى ئالدىغان. ئەتىياز كىرىشى بىلەن بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇقى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشالمىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئايرىم يېزا كەنت كادىرلىرى ئاشلىق بېسىۋېلىپ ئاشلىق ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللانغان.

4. بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى «ئوخشاش ئەمگەككە ئوخشاش ھەق بېرىش» سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرمىغان. بەزى كادىرلار ئۆزى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ كۆكتاتلىقى ئۈچۈن ياخشى يەرلەرنى ئىگىلىۋالغان ياكى ئارتۇق ئىگىلىۋالغان. ئائىلە ئەزالىرى كوللېكتىپ ئەمگەككە قاتناشمىسىمۇ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمگەكچىلەر قاتارىدا نومۇر خاتىرىلىگەن. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى سىرتقى ئەمگەكلەرگە ئەۋەتمىگەن. بۇ خىلدىكى ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا پىكىر بەرگۈچىلەردىن ئۆچ ئېلىپ زەربە بەرگەن.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى جايلاردا ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنلىكتىن، دېھقانلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، كوپىراتىپتىن چىقىپ كېتىش ئىستىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## كوپىراتىپلارنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى

بىر ھەپتە داۋاملاشقان كوپىراتىپ ماجىراسى 6 ـ ئاينىڭ

8ـ كۈندىن كېيىن پەسەيگەن بولسىمۇ، بۇلاپ كېتىلگەن نەرسىلەر تېخىچە قايتۇرۇپ كېلىنمىگەنلىكتىن ۋەزىيەت تېخىچە تىنچسىز ئىدى.

لوپ ناھىيىلىك پارتكوم 6ـ ئاينىڭ 8ـ كۈنى ھەرقايسى رايونلارغا تېلېفۇن بېرىپ ۋە خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ، كوپېراتىپلارنى قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يازنىڭ ئۈچ ئىشىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

6ـ ئاينىڭ 9ـ كۈندىن باشلاپ، ناھىيە بويىچە كوپېراتىپ ماجىراسى بولغان جايلاردا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، كوپېراتىپلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يازنىڭ ئۈچ ئىشىنى باشلىۋېتىش خىزمىتى داغدۇغۇلۇق باشلىنىپ كەتتى.

6ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى (يەكشەنبە) (ھاڭگى رايونىنىڭ بازىرى بولىدىغان كۈن) كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۈچ تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ئاما كۆپ يىغىلىدىغان جايلاردا پارتىيىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشقا قاراتقان سىياسەتلىرى، كوپېراتىپلارنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرى تەشۋىق قىلىندى.

6ـ ئاينىڭ 10ـ كۈندىن 13ـ كۈنىگىچە بولغان ئۈچ كۈن ئىچىدە، لوپ ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شەخسلەر ئېلىپ كەتكەن ئاشلىق، ئىشلەپچىقىرىش ھايۋان ـ سايمانلىرى ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇپ كېلىنىپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى يېڭىدىن قەد كوتۇرگەندىن كېيىن، يازنىڭ ئۈچ ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىۋېتىش بىلەن كوپېراتىپ ماجىراسى جەريانىدا ناھىيە بويىچە



بۇزۇۋېتىلگەن 1066 مو يەردىكى كېۋەزنى قۇتقۇزۇۋېلىش، تاشلىنىپ قالغان 10 مىڭ مودىن ئارتۇق ئاق يەرگە قوناق تېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

گەرچە بوران ـ چاپقۇنلۇق كوپېراتىپ ماجىراسى ئاخىرلىشىپ ۋەزىيەت مۇقىملاشتۇرۇلغان، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدە ئاساسي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، بەزىلەر: «بۇ قېتىمقى كوپېراتىپ ماجىراسى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ. ۋەقە تۇغدۇرغۇچىلارغا چىقىش يولى بېرىش، تەربىيىلەپ يېتەكلەش ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىش مەقسىدىگە يېتىش كېرەك» دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر: «بۇ قېتىمقى ماجىرا ئىككى سىنىپ، ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ياتىدۇ» دەپ قاراپ، ماجىرا تۇغدۇرۇشقا قاتناشقانلارنى چەتكە قېقىپ، زەربە بېرىدىغان يېڭى زىددىيەت كېلىپ چىقىشقا باشلىدى.

ناھىيىلىك پارتكوم بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، تەدبىر قوللىنىشنى ئويلىشىۋاتقاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1ـ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇاڭ چىڭ، مەمۇريي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇرېھىم لېتىپ قاتارلىقلار لوپ ناھىيىسىگە كېلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاساسي قاتلامغا بېرىپ ئاما بىلەن سىردىشىپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە شۇ ئاساستا، ناھىيە بويىچە كادىرلار چوڭ يىغىنى ئېچىپ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى بىر قېتىم سىياسىي ـ ئىدىيىۋى

تەربىيىگە ئىگە قىلىنغان سىياسىي دوكلات بەردى. شۇ قېتىملىق چوڭ يىغىندا يولداش ۋاڭ ئېنماۋ بۇ قېتىم يۈز بەرگەن كوپېراتىپ ماجىراسىنىڭ خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كادىرلاردىن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ يېڭى ئېلان قىلغان «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنى ئىدىيە، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، كۆز - قارىشىنى يېڭىلاشنى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىدا خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيە بويىچە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ شانلىق پەلسەپىۋى ئەسىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، ھەممە كىشى ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرلەيدىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1997- يىل 2- ئاينىڭ 20- كۈنى
ئاپتورى: خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى»
سەنئەت ئۆمىكىدىن



# ھاياتىمدىن ئەسلىمىلەر

سېيت ياسىن

## ئىنقىلابقا قاتنىشىش

مەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياپچان 7- رايون (ھازىرقى ياپچان بازار) كۆسەنبويى كەنتىدىن. كۆسەنبويى ناھىيىنىڭ ئايىغىغا جايلاشقان بولۇپ، سۇيى قىس، يەرلىرى قۇم، ئىقتىسادى ئاجىز، خەلق تۇرمۇشى نامرات ئىدى. بۇ جاي، ئەلى ئارسلانخان دەپىن قىلىنغان ئوردام مازىرىغا يېقىن بولۇپ، مازارغا تاۋاپ قىلغۇچىلار تۈنەپ ئۆتىدىغان مۇھىم داش قايناق جاي بولغانلىقتىن، كىشىلەر سوپى - ئىشانلىق، جارۇپكەشلىك، باخشى - داخانلىق قاتارلىق خۇراپىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، پەن - مەدەنىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. يۇرتىمىزدا 1938- يىلى پەننىي مەكتەپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي مەدرىسىلەردە، خانىقالاردا ئوقۇغانلىقتىن ئازاد بولغانغا قەدەر بىرەر ساۋاتلىق ئوقۇتقۇچى چىقماي، باشقا يۇرتتىن مۇئەللىم كېلىپ دەرس ئۆتىدىكەن؛ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق ئەۋج ئالغان ئىدى. 1951- يىلى 7- ئايدا تاغامنىڭ كالىسى ئوغرىلاندى. ئامانلىق مۇدىرى سىدىق نامەت خەلقنى تەشكىللەپ ئوغرىنى تۇتۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە

ئەكىلىپ ئەھۋالنى ياپچان رايونلۇق ساقچىخانىغا خەۋەر قىلدى.
مەن شۇ چاغدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، خۇشخەتنى چىرايلىق ھەم ئۆلچەملىك يېزىشقا مەكتەپتە ئالدىنقى قاتاردا ئىدىم. خۇش خەت يېزىشتا خېلى نامىم چىققانلىقتىن، يېزىلىق ھۆكۈمەتمۇ خەت - ئالاقە، جەدۋەل توشقۇزىدىغان ئىشلارغا مېنى چاقىراتتى. شۇ كۈنى ئوغرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئادەم توپلانغان جايغا كەلدىم. سىدىق نامەت مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ ساقچىخانا باشلىقى خۇ خۇيىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. ساقچىخانا باشلىقىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە تىترەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم. ساقچىخانا باشلىقى ھەرقايسى يېزا ئامانلىق مۇدىرلىرىنى دەرھال كۆسەنبويى مەكتەپكە يىغىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش يېزىشنى ئۆزى يېزىپ كۆرسىتىپ بەردى. خەتنىڭ قائىدىسىز ھەم چالا يېزىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ چالا ساۋات ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. مەن 10 پارچە ئۇقتۇرۇشنى چىرايلىق يېزىپ بەرسەم ئۇ ھەيران قالدى ھەمدە مېنىڭ ئوقۇش ۋە ئائىلە ئەھۋالىمنى سوراپ، ئەتە كېلىشىمنى ئېيتتى. ئەتىسى كالا ئوغرىسىنى سوتلاش نەق مەيدان يىغىنى باشلاندى. سوت خاتىرىسىنى يېزىشقا ئادەم چىقمىغاچقا، ساقچىخانا باشلىقى يەنە مېنى چاقىرىپ سوت خاتىرىسىنى يېزىشنى ئېيتتى. مەن خاتىرىنى چىرايلىق، رەتلىك يېزىپ چىقتىم. سوت ئاياغلىشىپ، ئوغرى ۋە شېرىكلىرىنى قولغا ئېلىپ، ساقچىخانىغا قايتىدىغان چاغدا ساقچىخانا باشلىقى مېنى ساقچىخانىغا ئېلىپ كېتىشنى يېزا كادىرلىرىغا ئۇقتۇردى. كادىرلاردىن چوڭ ناسىر، سىدىق نامەت، مەمەت غازى، مەمەت قاتارلىقلار ماقۇل بولسىمۇ، مەن قورقۇپ كېتىپ - بارمايمەن



- دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدىم. ئاتا - ئاناممۇ بىرلا ئوغلىنى ئېلىپ كېتىشكە ئۇنىماي، ساقچى باشلىقىغا يالۋۇردى. ساقچى باشلىقىنىڭ قاتتىق - يۇمشاق گەپلىرى بىلەن ياپچان بازارنى كۆرۈپ كېلىشكە ھەممەيلەن ماقۇل بولدى. ساقچى باشلىقى مېنى ئاتنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەكتەپتىن، يۇرتۇمدىن، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ، ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشتىم. بۇ ۋاقىت 1951- يىلى 7- ئاينىڭ 15- كۈنى بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3- سىنىپلىق مەلۇماتىغا ئىگە 12 ياشلىق ئۆسمۈر ئىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، يۇرتىمىزدا شۇ چاغدا بىرەر ساۋاتلىق ئادەم چىقمىغانلىقى، يېزىقچىلىقتا ماڭا ئېھتىياجى چۈشكەنلىكىدىن ھەم ئازراق خاسىيەتلىك ساۋادىمنىڭ ئەسقاتقانلىقىدىن بولغان ئىدى.

## ياپچان ساقچىخانىسىدا

ياپچان 7- رايون — قەشقەر - خوتەن تاشيولى ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، تارىختىن بۇيان بەگلىك ھۆكۈمەت ۋە قوراللىق ساقچى تۇرغان جاي ئىدى. ياپچان ساقچىخانىسى ئەينى ۋاقىتتا ھاراب 8- رايونىنىڭمۇ ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن. ساقچىخانىدا بىر ساقچى باشلىقى، 7 - 8 قوراللىق ساقچى بولۇپ، ساقچى باشلىقى، ساقچىلار چالا ساۋات، ساۋاتسىز بولغاچقا، مېنى ساقچىخانىنىڭ خەت - چەك يازىدىغان ئىشلىرىغا قويماقچى ئىكەن. ماڭا مەخسۇس ساقچى فورمىسىدا كىيىم تىكتۈرۈپ بەردى. ياتاق ساقچىخانا ئىشخانىسىدا بولدى. تاماقنى بازاردىكى داڭلىق سايىت ئاشپەز ئاشخانىسىغا

ئورۇنلاشتۇردى. ساقچى باشلىقى ۋە ساقچىلار ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ، يېقىندىن ياردەم قىلدى. مەن ساقچىخانىدا جىنايەتچىلەرنى تىزىملاش، سوراق خاتىرىسىنى يېزىش، يول خېتى تەكشۈرۈش ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭمۇ يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئىشلىرىنى قىلدىم. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ساقچىخانىنىڭ خېلى چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدۇم. خىزمەتنى ساقچى باشلىقىنىڭ يوليورۇقى بويىچە سەممىي سادىق، چىۋەر ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «كىچىك ساقچى باشلىقى» دەپ نام چىقاردىم.

## ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتىگە قاتنىشىش

1951- يىلى 9- ئايدا ناھىيىمىزنىڭ 3- رايونىدا (ھازىرقى تازغۇن يېزىسى) تۇنجى قېتىم ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى باشلاندى. بۇ خىزمەتكە ج ك پ شىنجاڭ بيۇروسىدىن لىن بومىن، ئازادلىق ئارمىيە 2- كورپۇس 4- دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى زىڭ دى (شۇ چاغدا قەشقەر يەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پاتكومىنىڭ شۇجىسى رېن ياڭسەن (كېيىن قاراشەھەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان، ھازىر پېنسىيىدە)، ھاكىمى تىلىۋالدى قاتارلىقلار يېتەكچىلىك قىلدى. 9- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ گوجۇڭ ۋە 2- بۆلۈمنىڭ باشلىقى يۇنۇس يولداشنىڭ، تازغۇندىن ياپچان ساقچىخانىغا «ساقچى باشلىقىنىڭ



بىر كاتىپنى ئېلىپ دەرھال تازغۇنغا كېلىش» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقچى باشلىقى بىلەن ئىككىمىز بىر ئاتقا مىنىپ تازغۇنغا كەلسەك، خىزمەت گۇرۇپپىسى مامۇتخان ھاجى (چوڭ يەر ئىگىسى، كېيىن باستۇرۇلدى) نىڭ ھويلىسىدا ئىكەن. بىز رېن ياڭسەن شۇجى ۋە تىلىۋالدى ھاكىملار بىلەن كۆرۈشتۇق. تىلىۋالدى ھاكىم مېنى كۆرۈپلا ساقچى باشلىقىغا: «بىز بۇ يەردە بالا باقمايمىز، خىزمەت قىلىمىز. ئانىسىنى ئىمىۋاتقان كىچىك بالىنى نېمىگە ئەكەلدىڭ؟» دەپ كايىدى. ساقچى باشلىقى: «بۇ شاكىچىك بالىنىڭ خېتى چىرايلىق، ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ» دېگەندە، ھاكىم: «سەندەك ساۋاتسىز ساقچى باشلىقىنىڭ ئەمدى مۇشۇ كىچىك بالىغا ھاجىتىڭ چۈشكەن بولسا، بوپتۇ تەربىيىلەپ قويايلى» دېدى.

مەن ج خ خادىملىرىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، شىكايەت يىغىنلىرىنىڭ تەرتىپىنى قوغداش، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش، سىنىپىي تەركىب ئايرىلغاندىن كېيىن قانۇن بويىچە باستۇرۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش، تۇنجى قېتىملىق نوپۇس تىزىملاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. مەن نوپۇس تىزىملاش خىزمىتىگە ئايرىلدىم. ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن يۇنۇس يولداش، نورۇللا ئىسلاملار نوپۇس تىزىملاشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇسۇلى توغرىسىدا دەرس ئۆتتى. ئۇ چاغدا ھەربىر ئائىلىگە بىر ۋاراقتىن نوپۇس جەدۋىلى تۇرغۇزۇلۇپ 6 چوڭ مەزمۇندا 21 كاتەكچە توشقۇزۇلاتتى. مەن بۇ ئىشلارنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالدىم. ئاندىن ئۇلارغا ئەگىشىپ تازغۇن رايونىنىڭ قولاقلا، كىرەملە دېگەن كەنتلەرنىڭ

نوپۇسنى تىزىملىدىم. ئۇندىن باشقا، شۇجى، ھاكىملارنىڭ خىزمىتىنىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئورۇنداپ ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە تەربىيىسىگە ئېرىشتىم.

1951- يىلى 12- ئايلاردا خىزمەتتىن خۇلاسە چىقىرىلىپ، بىر قىسىم چوڭ پومېشچىكلار قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى. مامۇتخان ھاجىنىڭ يىللىقچىسى سامساق ئاكا تازغۇن رايونلۇق دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ سايلاندى.

## ياپچانغا قايتىش

1951- يىلى 12- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتى ياپچان 7- رايوننىڭ ئون يېزىسىدا ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. مەن ساقچى باشلىقى خۇخۇڭيى بىلەن قۇم قىسار يېزىسىدىكى ئېلى چوڭنىڭ ھويلىسىغا چۈشتۇق. خىزمىتىم دېھقانلارنىڭ شىكايەتلىرىنى يېزىش بىلەن نوپۇس تىزىملاش بولدى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى تارقاق بولغاچقا ھەم كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن، ساقچىخانىدىن بىر ئات ۋە تۇرسۇن دېگەن ساقچىنى سەپلەپ بەردى. تۇرسۇن مېنى ھەربىر ئائىلىگە بارغاندا ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئاتقا مىندۈرۈپ، ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى. 1952- يىلى 1- ئايلاردا قۇم قىساردىن ياپچان بازار 2- يېزىسىنىڭ نوپۇسىنى تىزىملاشقا يۆتكەلدىم. ئەرمۇدۇن 4- يېزا، توڭلۇق 6- يېزىنىڭ نوپۇسىنى يېزىشقا ۋە تۈزۈشكە قاتناشتىم. 1952- يىلى 1- ئايدا ياپچان رايونىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. بۇ يەردىمۇ بىر قىسىم



پومېشچىكلار قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىپ، 1953- يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن باستۇرۇلدى.

## ھاراب 8- رايوندا

1952- يىلى 1- ئاينىڭ ئاخىرى 3- باسقۇچلۇق ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتى ھاراب 8- رايوندا باشلاندى. مەن ساقچى باشلىقى بىلەن ھاراب بازارلىق مەكتەپكە چۈشتۇق. باشقىلار كونا بەگلىك ھۆكۈمەت ھويلىسىغا چۈشتى. ھاراب رايونى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەڭ ئايىغى بولۇپ، سۇيى قىس، ئىقتىسادى ئارقىدا، يەرلىرى قۇملۇق، شارائىتى ناچار رايون ئىدى. شىنجاڭغا تونۇلغان شەھىد ئەلى ئارسلانخان دەپىن قىلىنغان ئورداخېنىم مازىرىمۇ ھارابنىڭ قۇسەن كەنتىدە بولۇپ، سوپى - ئىشانلىق، نادانلىق، خۇراپىيلىق ئەۋج ئالغان جاي بولغاچقا، مەدەنىيىتىمۇ ئارقىدا ئىدى.

مەن بۇ يەردىمۇ شىكايەت ماتېرىياللىرىنى يېزىش - رەتلەش، نوپۇس جەدۋىلىنى توشقۇزۇش بىلەن شۇغۇللاندىم. دېھقانلارنىڭ پومېشچىك، باي دېھقان، زومىگەرلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى، دەرت تۆكۈشلىرىنى بىۋاستە ئاڭلىدىم. ئۇلار ئۈستىدىن كۈرەش قىلىش، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، سىياسىي سەۋىيەم ئۆستى ۋە نەزەر دائىرەم كېڭەيدى. كومپارتىيىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىم چوڭقۇرلاشتى.

## سوپى - ئىشانلارنى چېكىندۈرۈش

1952- يىلى 2- ئاينىڭ ئاياغلىرى ئىدى. ھاراب رايونىنىڭ تەركىب ئايرىش خىزمىتى ئاياغلىشىپ، ھەركىمنىڭ سىنىپىي تەركىبى ئىچكى جەھەتتىن تېخى ئېلان قىلىنمىغان بىر پەيتتە، بىر قىسىم بەگ، يۈزبېشى ۋە يۇقىرى تەركىبتىكى كىشىلەر سىرتقا قېچىشقا باشلىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر شىكايەت قىلغان دېھقانلارغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىزمەت گۇرۇپپىسى زومىگەر، پومېشچىك دەپ ئايرىلغان كىشىلەردىن بىر قىسمىنى ۋاقىتىنچە ئۆگىنىش قىلىش، مەسىلە تاپشۇرۇشقا يىغىۋالدى. ئۇلار مەكتەپتە تۇرغان بولسىمۇ مېنىڭ ئانچە كارىم بولمىدى. شۇ چاغدا باھار بايرىمى يېتىپ كەلگەنلىكتىن، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى باشلىقلار ۋە كادىرلار ناھىيىگە، ئائىلىسىگە كەتتى. ھېلىقى كىشىلەرنى ساقچى باشلىقى ماڭا تاپشۇرۇپ: «ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتمىسىلا بولدى، باشقا ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن» دەپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە پەسەن يېزىسىنىڭ ئامانلىق مۇدىرى زايىتكام شەنبە كۈنى كېچىدە كېلىپ مۇنداق بىر جىددىي ئىشنى خەۋەر قىلدى: «ئاخشام ئورداخېنىم مازىرىدىن خېلى جىق سوپى - ئىشان، تاۋاپچىلار پەسەن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېلىپ، موللىتوختى قازى، ئەكرەم ھاجى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى ئوردام خانىقاسىغا ئاپىرىپ دۇئاسىنى ئېلىشقا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ھازىر ھارابقا قاراپ كېلىۋاتىدۇ. پەسەنلىك بىر قىسىم تاۋاپچىلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئاياغ جىلغا خانىقاسىغا يىغىلىپ، ئەتىگەنلىك بامدات نامازنى ھاراب خانىقاسىدا شۇلار بىلەن بىرگە ئوقۇماقچى



ئىكەن، ھۇشيار بولغايلا» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مەن بۇ ئىشنى تاۋاپچىلارنىڭ دىنىي پائالىيىتى بولسا كېرەك، دەپ دىققەت قىلماپتىمەن. سەھەرگە يېقىن قالغاندا پەسەن مازار كەنتىدىن بىر ياش ئاتلىق كېلىپ: «ھازىر نۇرغۇن ئىشان، جارۇپكەش، تاۋاپچىلار رايونغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىگىملەرنى ئورداخېنىم مازىرىغا ئېلىپ كەتمەكچىكەن، ھۇشيار بولۇڭلار» دەپ خەۋەر قىلدى. مەن بىرئاز قورقۇپ رايونغا كىرىپ رايون باشلىقى ئوسمان سىدىقنى (ھازىر پېنسىيىدە) تاپالمىدىم. باشقا بىرەر كادىرنىمۇ تاپالماي تەمتىرەپ قالدىم. ئۇلار كېلىپ ھېلىقى ئادەملەرنى ئېلىپ كەتسە جاۋابكارلىققا تارتىلىشىم، ھەتتا خىزمەتتىن قوغلاندى قىلىنىشىمنى ئويلاپ، ئاخىرى رايونىنىڭ ئات باققۇچىسىنى «ھازىر ئىشان ۋە تاۋاپچىلار رايونغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، مەن يالغۇز قالدىم» دېگەن خەت بىلەن ياپچان ساقچىخانىسىغا چاپتۇردۇم. ئاندىن ھېلىقى كىشىلەرگە: «بۈگۈن بامدات نامازنى مەكتەپ ھويلىسىدا ئوقۇشسىلا، سىرتقا چىقماڭلار» دەپ تەرەت سۈيى ئەكىرىپ بېرىپ، مەكتەپ دەرۋازىسىنى تاقاپ ئۆگزىگە چىقىپ قارىسام، ئاتلىق، ئېشەك ۋە پىيادە بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم «يائاللا ھو، يائاللاھو، ھوم ھوم. . .» دەپ جار سېلىپ، نەرە تارتىپ كېلىۋېتىپتۇ. شەنبە كۈنى ھارابنىڭ بازىرى بولغاچقا، خېلى جىق كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇۋاتاتتى. ئۇلار كېلىپ ئالدى بىلەن رايونلۇق ھۆكۈمەت ھويلىسىغا كىرىپ، بەگ، ھاجىملارنىڭ مەكتەپتە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ مەكتەپ ئالدىغا كەلدى. ئىشنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆگزىدىن دەرۋازا ئۈستىگە چۈشۈپ: «جامائەت، باشلىق يوق. بەگ، ھاجىملار بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلالمايمەن. ئۇلار ساق

ـ سالامەت ناماز ئوقۇۋاتىدۇ» دېسەم، ئۇلار: «بىز بەگ، هاجىملار بىلەن خانىقا مەسچىتىگە (بازارنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىدە) زىكرى سۆهبەت قىلىپ خەتمە ئوقۇپ جارى سالىمىز، ئۇلار چىقمىسا ئۆزىمىز ئېلىپ چىقىمىز» دەپ داۋراڭ سالدى. ئەتراپقا قارىسام يەرلىك ئاكتىپ كادىرلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئىشانلار ئەلپازىنى بۇزۇپ، ۋادەكتىن ئارتىلىپ كىرمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئۇلارغا ئەينى ۋاقىتتا قانۇن ـ قائىدە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش نەهاجەت ئىدى. يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن هەم دىندىن هەم جەمئىيەتتىن سۆزلىيەلەيدىغان گەپچى ئادەم موللىتوختى قازىنى چىقىرىپ، شۇ ئارقىلىق جامائەتنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ ئۇنى چىقىرىپ جامائەت بىلەن كۆرۈشتۈردۈم. قازى جامائەتكە سالام بېرىپلا مۇنداق دېدى: «جامائەت، بىزنىڭ ۋاقتىنچە سىلەردىن ئايرىلىشىمىز ئاللا ئىگىسىنىڭ هىممىتى. بۇ بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇ كىچىك بالا ئەهلى مۇسۇلماننىڭ پاك بالىسى، بۇ كىچىك بالىدا شەك يوق هەم گۇناهسىزدۇر. مۇسۇلمانلار ئاللانىڭ ئەمرى مەجوب دەپ بىلىمىز. بۇ كىچىك بالا هۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن بىزنى ئۆز ئىلكىدە ساقلاۋاتىدۇ، بىزگە كەلگەن بۇ كۈلپەتنى بۇ بالىدىن كۆرمەڭلار. ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، بىز بۇ بالىغا ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭغا بويسۇنىمىز، چۈنكى بۇ بىر هاكىمىيەت. هاكىمىيەتنىڭ ئەمرىگە باش ئەگمەكتىن باشقا ئامال يوقتۇر. بۈگۈن بىزنى خانىقاغا چاقىرماڭلار، بىز ۋاقتىنچە سىلەر بىلەن بىرگە خانىقاغا بارالمايمىز، هۆكۈمەتمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ. ئەگەر پەيلىڭلاردىن يانمىساڭلار، بىزگە، ئۆزۈڭلەرگە ۋە مۇشۇ سەبىي بالىغا يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈسلەر. بۇنداق يامان ئاقىۋەتنى



هېچكىم راۋا كۆرمەيدۇ. جامائەت، قايتىڭلار. بىز هەممەيلەن ساق ـ سالامەت، نامىزىمىزنى ۋاقتىدا ئۆتەۋاتىمىز...» دېگەندىن كېيىن، ئۇلار پەيلىدىن يېنىپ، مەكتەپ ئالدىدىكى مەسچىتتە زىكرى سۆهبەت قىلىشىۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بازار كۈنى بولغانلىقتىن، قوشۇلغان ئادەم بارغانسېرى كۆپەيدى. مەن بىرئاز ئېهتىياتچانلىق بىلەن قالغانلارنىڭمۇ مەكتەپ ئالدىغا چىقىشىغا ماقۇل بولدۇم. لېكىن موللىتوختى قازىغا يېقىن تۇرۇپ ئۇنىڭ چاپىنىدىن تۇتۇپ تۇردۇم. چۈنكى بۇ ئادەم نۇقتىلىق بولغاچقا، باشقىلارنىڭ هەرىكىتى مۇشۇ ئادەمگە باغلىق ئىدى. زىكرى سۆهبەت بىرقانچە سائەتكە، ئادەم سانىمۇ بىرقانچە مىڭغا يەتتى. جامائەت بىزنى مەركەز قىلىپ هالقا بولۇپ جار سېلىپ ئايلانسا، بىردەم تەكبىر ئېيتىپ، دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇردى. بىر قىسىم جەندە ـ كۇلا كەيگەن ئاشىق دەرۋىشلەر ساپايىنى سوقۇپ بازار ئايلاندى. ئەهۋال سۈرلۈك بولۇپ، بازار دىنىي تۈسكە ئايلاندى. مەن چوڭ يولغا قاراپ باشلىقلارنىڭ تېزراق كېلىشىنى كۈتتۈم. ئۇلار پېشىن نامىزىنىمۇ ئوقۇپ بولدى. 7 ـ 8 سائەتتىن كېيىن ساقچى باشلىقى خۇخۇڭيى، ياپچان رايونىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خەيفېڭ ئالتىدەك قورallىق ساقچىنى ئېلىپ كەلدى. ئارقىدىن ناهىيىنىڭ شۇجىسى رېن ياڭسەن، مۇئاۋىنى فەن سىرىن، تىلىۋالدى هاكىملار ئات سېلىپ كەلدى. ئۇلارنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدىم. ئۇلار دەرهال مەيداننى قورشاپ ئەهۋالنى ئىگىلەپ، كەڭ دېهقانلارنى تەربىيە قىلىپ تارقىتىۋەتتى. باشلىقلار هېلىقى نەزەربەنت قىلىنغانلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ مېنى رىغبەتلەندۈردى هەم جىددىي يىغىن ئېچىپ، رېن ياڭسەن شۇجى: ① شاكىچىك سېپىت كىچىك بولسىمۇ، ئەقىل

ئىشلىتىپ نۇقتىلىق كىشىلەرنى قاچۇرۇۋەتمەپتۇ، بۇ بىر چوڭ نەتىجە. ② بۈگۈن بازار بولۇپ قاتناشقان ئادەم جىق بولسىمۇ يامان ئېغىر ئاقىۋەت چىقارماپتۇ. ③ باھار بايرىمىدا مۇنداق نۇقتىلىق كىشىلەرنى مۇشۇ كىچىك بالىغا تاشلاپ كەتكەنلىك ياپچان ساقچىخانىسىنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىدۇر. شۇڭا ساقچى باشلىقىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەك. ④ شاكىچىك سېيىت مۇكاپاتلانسۇن. ئۇنىڭدىن ئۈمىد بار. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەشكە ۋە تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىشقا مەسئۇل بولسۇن دەپ جاكارلىدى. ئارقىدىن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ گوجۇڭ يىغىندا: ① ياپچان ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى خۇخۇڭيى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا قايتىپ خىزمەت كۈتسۇن. ② ئابدۇرۇسۇل قاسىم ياپچان ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقلىقىغا بەلگىلەنسۇن. ③ شاكىچىك سېيىت خىزمەت ئاياغلاشقاندا ناھىيىگە قايتىدۇ. ج خ ئىدارىسى ئۇنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى.

1952- يىلى 4- ئايدا مەن ياپچان ساقچىخانىسىدا 7-، 8- ئىككى رايوننىڭ نوپۇس جەدۋىلىنى قايتا سېلىشتۇرۇپ رەتلەپ چىقتىم. ئەينى چاغدىكى ياپچان رايوننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 29 مىڭ، هاراب 8- رايوننىڭ نوپۇسى 22 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. 1952- يىلى 4- ئاينىڭ 15- كۈنى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىن مېنى ئىككى رايوننىڭ نوپۇس جەدۋىلىنى ئېلىپ كېلىشكە پوچتىكەش ئەمەتخاننى (هازىر پېنسىيىدە) ئەۋەتىپتۇ. تۈنجى قېتىم پوچتا هارۋىسىدا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازىرىغا كەلدىم.



## يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدا

ج خ ئىدارىسىغا كەلگەندىن كېيىن، باشلىقلار، كادىرلار ماڭا ئوبدان غەمخورلۇق قىلىپ، ساقچى كىيىمى تىكتۈرۈپ بەردى. يۇنۇس يولداش، نۇرۇللا ئىسلام، ئابلىز مۇسا قاتارلىقلار تەشكىلىي ئىنتىزام، ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ ۋەزىپىسى، خىزمەت ۋاقتى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئىنتىزامنى كۈچەيتىش توغرىسىدا سەمىمىي تەربىيە بەردى. ئىدارە باشلىقى ياڭ گوجۇڭ: «بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن چوڭ بولسۇن. هازىرچە ئىدارىنىڭ خەت - چەك توشۇيدىغان ئىشلىرىنى قىلسۇن»، دەپ ئايلىق مائاشىمنى مەمۇرىي 27 دەرىجە قىلىپ بېكىتتى. نامدا خەت توشۇغۇچى بولسامۇ، ئەمەلىيەتتە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ يېزىقچىلىق، كاتىپلىق ئىشلىرى ئۈستۈمگە يۈكلەندى. چۈنكى خې مىنجۇ دېگەن خەنزۇ كىشى كاتىپ بولۇپ، ئۇيغۇرچە خەتنى بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قىسىم مىللىي كادىر، ساقچىلار ئازادلىقتىن بۇرۇنمۇ شۇ ئورۇندا خىزمەت قىلغانلىقتىن، مۇھىم ئەنزە، «قەتئىي مەخپىي» دېگەن ماتېرىياللارنى مېنىڭ يېزىشىمغا تاپشۇردى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېتىمنىڭ چىرايلىقلىقى پۈتۈن ناھىيە، ئىدارىلەرگە پۇر كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك خەلق سوتى، ناھىيىلىك تەپتىش، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2- كورپۇس شتابى (ئورنى يېڭىشەھەردە)، ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار مېنى ئارىيەت ئېلىپ يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈردى. يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە نۇرغۇن كادىرلار ئازادلىق ئارمىيىدىن ئەمدىلا كەسىپ

ئالماشتۇرۇپ كەلگەچكە، ئۇيغۇرچىنى تېخى ئۆگىنىپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئىككىنچىدىن خېلى بىر قىسىم كادىرلار ئازادلىقتىن بۇرۇنلا شۇ ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغانلىقتىن، مۇھىم ماتېرىياللارنى يېزىشقا قويۇلمىغانىدى. شۇڭا بۇ ئورۇنلاردا مەن بىردىنبىر ئىشەنچلىك ئادەم بولۇپ قالدىم. ئاندىن باشقا تەشۋىقات گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ پاختەكلە خەلقىگە يازغان خېتىنى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەھەر بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنى (بۇ چاغدا يېڭىشەھەر بازىرىمۇ قەشقەر شەھىرىگە قارايدىغان بولغان) تەبرىكلەش پائالىيىتىدە دوسكا چىقىرىش، لوزۇنكا خەتلىرىنى يېزىش ئىشلىرىنى قىلدىم. ئۇنىڭدىن سىرت ناھىيىلىك خەلق سوت، تەپتىش قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىدىغان مۇھىم دېلولارنىڭ كوپىيىسىنى رەسمىي ماتېرىيال قىلىپ يېزىشقا تەكلىپ قىلىندىم. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش يۈزىسىدىن يۇقىرىنىڭ تەستىقى كېلىپ ئىجرا قىلغۇچە مېنى 2- كورپۇس تەرجىمان تەربىيىلەش كۇرسىغا ۋاقتىنچە كىرگۈزۈۋەتتى. دېمەك، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى مېنى ھەر جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى. تېخىمۇ كۆپ ئىدارە باشلىقلىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىشتەك ياخشى ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىپ بەردى.

## ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە

1953- يىلى 3- ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيىلىك دېھقانلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ھاكىم تىلىۋالدى مېنى قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە يۆتكەپ كەلدى. قۇرۇلتايدا تىلىۋالدى



ھاكىم قايتا ھاكىم بولۇپ سايلاندى. ياسىن قارى ھاجىم (ھازىر پېنسىيىدە) دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. يىغىنغا ئوبدان مۇلازىمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ھاكىم مېنى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يۆتكەشنى ئۇقتۇردى. ھۆكۈمەتتە تىلىۋالدى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇراخمان (غۇلجىلىق، مىللىي ئارمىيىدىن چىققان) لارنىڭ ئىشخانىلىرىغا قاراش، مەخپىي خەت - چەكلەرنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىغا قويۇلغان بولسامۇ، ئەمەلىيەتتە كاتىبات ئىشخانىسىدا يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم ۋە ھاكىملارنىڭ شەخسىي ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى غەمخورلۇقى ۋە تەربىيىسىگە ئېرىشتىم.

## ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىدا

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن پارتكومنىڭ ئىشخانىسى بىر ھويلىدا بولغاچقا، پارتكوم شۇجىسى رېن ياڭسەن بىلەن ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ ئىشخانا ۋە ئائىلە ئىشلىرىنىمۇ زېرىكمەي ئىشلەپ، شۇجى بىلەن سىرداش بولۇپ قالدىم. شۇجى ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىغاچقا، ماڭا ئۇيغۇرچە سۆزلەيتتى. چالا قىسمىنى توغرىلىغاچ مەنمۇ خەنزۇچىنى ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولدۇم. ئىككىمىز ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ سىرداش بولۇپ كەتتۇق. بۇ چاغدا ناھىيىدە ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، بۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مېنى ناھىيىلىك پارتكومغا يۆتكەشنى ئۇقتۇردى. بۇ 1953- يىلى 7- ئاي، 14 ياش ۋاقتىم

ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا فەن سىرىن (ھازىر كورلىدا) مۇئاۋىن شۇجى ئىكەن. لولەن (ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئايالى) تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، لى شوفىن (زوچىننىڭ ئايالى) تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ئىكەن. شىڭ ۋېيۋىن (كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى بولغان) تەشۋىقات كادىرى ئىكەن. مەن شۇجى ئىشخانىسىنىڭ مۇلازىملىقىنى قىلىش، خەت - چەك توشۇش بىلەن بىرگە يۇقارقى ئىككى بۆلۈم باشلىقى ئايالنى كەچتە 2- كورپۇس شتابىغا ئاپىرىپ قويۇش، ئىشقا بىرگە ئەكىلىش ئىشلىرىنى قىلدىم. شۇجى بىلەن بىرگە ھەرقايسى رايونلارغا بىرگە بېرىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدۇم. ناھىيىلىك پارتكومدا بىر ئايچە خىزمەت قىلدىم.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك پارتىيە كومىتېتىدا

1953- يىلى 8- ئايدا شۇجى رېن ياڭسەن ناھىيىنىڭ قومۇشئېرىق 6- رايونىدا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىدىن خۇلاسە قىلىۋاتاتتى. كەچتە جىددىي خەۋەر كېلىپ ئۇنى ۋىلايەتكە چاقىرغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خادىك ھارۋىدا ناھىيىگە كەلدۇق. ئۇ قەشقەرگە كىرىپ كېتىپ كەچتە ئۆزىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى قارارنى ئېلىپ چىقتى. ئۇ مېنى قالدۇرۇپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماي ئۆزى ئالدىن كىرىپ كېتىپ، ئەتىسى شوپۇر ئىلاخۇن (ھازىر پېنسىيىدە) نى ئەينى چاغدىكى ۋالىي سەيپۇللايوف ئولتۇرىدىغان پىكاپ بىلەن مېنى ۋە جاڭ شاڭزى (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پېنسىيىگە چىقتى) ئىككىمىزنى ئالغىلى ئەۋەتىپتۇ. مەن تۇنجى قېتىم پىكاپتا ئولتۇرۇپ ھەرقايسى



ئىدارىلەرگە بېرىپ خوشلاشتىم. ھاكىمنىڭ ئايالى ماڭا كىيىم ئېلىپ بەردى. باشقىلار ماڭا يوللۇق تۇتتى. مېنىڭ يۇرتۇمدىن، مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىككى يىل ئىچىدىلا ۋىلايەتلىك ئالىي ھاكىمىيەت ئورنىغا، يۇرتۇم كۆسەنبويىدىن قەشقەر تۈمەنبويىغا كېلەلىشىم پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، ھەرقايسى يېشقەدەم رەھبەرلەرنىڭ يېقىندىن ياردىمى ۋە تەربىيىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى زېڭ دى (ئازادلىق ئارمىيە 2- كورپۇس 4- دىۋىزىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى) (قوشۇمچە)، شۇجىسى ۋاڭ دېيمىڭ، مۇئاۋىن شۇجىسى فېڭ دا (ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتىن پېنسىيىگە چىقتى) ئىكەن. قەشقەرنىڭ ۋالىيسى سەيپۇللايوف، مۇئاۋىنلىرى مەمەت ئەيسا (قىرغىز)، فېڭ دالار ئىكەن. تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ھوشۇرۇف ئىسلام (يېڭىسارنىڭ ھاكىملىقىدىن يۆتكەپ كەلگەن)، بىرلىكسەپ بۆلۈم باشلىقى ئابدۇقادىر ئاكا (پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىدىن يۆتكەپ كەلگەن) لەر ئىكەن. مەن يەرلىك پارتىيە كومىتېتىدا رېن ياڭسەننىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. بۇ ئورۇندا يۇقىرى بىلىملىك مىللىي زىيالىي كادىرلار كۆپ بولغاچقا، ماڭا يېزىقچىلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ھەرقايسى بۆلۈم باشلىقلىرىغا ھەربىيدىن چىققان مەخسۇس قوراللىق كانۋاي (قوغدىغۇچى) سەپلەنگەن ئىكەن. مېنىڭ ھەربىي ساۋادىم بولمىغاچقا ھەم يېشىم كىچىك بولغاچقا، مىللىي ئارمىيە 5- كورپۇس 13- دىۋىزىيىسىنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت قىسمىغا قىسقا مۇددەتلىك ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىشقا كىرگۈزۈپ قويدى. قىسىمدا، شتاب باشلىقى ئىمىنوف ھامۇت (كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، ئالەمدىن ئۆتتى) ۋە ھەربىي

قورال - ياراق بۆلۈم باشلىقى قاسىموف ( ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، پېنسىيىدە) لەر ھەربىي ئىنتىزام، ھەرخىل قورال - ياراقلارنى ئىشلىتىش تاكتىكىسى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، مۇھىم دۆلەت ئورگانلىرى ۋە شەخسلەرنى جان تىكىپ قوغداش توغرىسىدا نەزەرىيە دەرسى ئۆتتى. ئوقۇشتىن كېيىن ئىككى دانە تاپانچا تارقىتىپ بەردى. مەن رېن ياڭسەننىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ ئىشلىدىم. بىر قىسىم مەخپىي خەت - چەكلەرنى توشۇشقا قاتناشتىم. بۇ پۈرسەتلەر مېنى ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن تونۇشۇش شارائىتىگە ئىگە قىلىپ، نەزەر دائىرەم خېلى كېڭەيدى ۋە ئۇلار ئۇچۇن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىمۇ يارىتىلدى. مەسىلەن، 2- كورپۇس سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋ، مۇئاۋىنى زوچى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ 3- شۇجىسى چى گو، مىللىي ئارمىيە 5- كورپۇس 13- دىۋىزىيىسىنىڭ باش قوماندانى مەمتىمىن ئىمىنوف، ۋالىي سەيپۇللايوف قاتارلىق رەھبەرلەرگە ھەرخىل يىغىن، پائالىيەتلەردە خەۋەر يەتكۈزۈش، چاي قۇيۇش، تاماق كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى قىلىپ، ئۇلار بىلەن يېقىن تونۇشۇۋالدىم. 1954- يىلىنىڭ بېشىدا، رېن ياڭسەن قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ پارتكوم شۇجىسى قىلىپ بەلگىلەندى. مېنى بىرگە ئېلىپ كېتىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدىم. باشقىلارمۇ قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھوشۇرۇف ئىسلام، ئابدۇقادىر ئاكىلارنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم.

## جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىدە

1954- يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 21- نۆۋەتلىك 125-



قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنىدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە قۇرۇش توغرىسىدا قارار ماقۇللىنىپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاندى. ھەمدە شۇ يىلى 7- ئاينىڭ 28- كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. شۇ يىلى 8- ئاينىڭ 21- كۈنى قەشقەر ھېيتگاھ مەيدانىدا رەسمىي قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مىللىي ئارمىيە 5- كورپۇس 13- دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى مەمتىمىن ئىمىنوف رەئىس بولدى. قاسىمجان قەمبىرى، تىيەن خۇڭلار مۇئاۋىن رەئىس، مەمتىمىن خەلپەت ھاجىيوف باش كاتىپ بولۇپ تەيىنلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى قەشقەر يەرلىك پارتكوم، ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كادىرلار ئورۇمچىگە ۋە باشقا ۋىلايەتلەرگە يۆتكەلدى. مەن توغرىسىدا، پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ دەيمىڭ مېڭىش ئالدىدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە خوجىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھەسەن مەسۇمگە: «بۇ شاكىچىكنى بىرەر مەكتەپكە ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ قويۇڭ ياكى مۇۋاپىق خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ قويۇڭ» دەپ تاپىلاپ قويغاچقا، ھەسەن مەسۇم مېنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە مالىيە - ئىقتىساد ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ليۇ جىڭنىڭ قوغداش خىزمىتىگە تەقسىم قىلدى. ليۇ جىڭ (كېيىن چارۋىچىلىق نازارىتى پارتكوم شۇجىسى بولغان، ھازىر پېنسىيىدە) بىلىملىك زىيالىي بولۇپ، ماڭا قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، خىزمەت، تۇرمۇشۇمغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. مەن بۇ باشلىققا تېزلا

كۆنۈپ قالدىم. بارغانسېرى سىردىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى يېمەك - ئىچمەك، سودا - سېتىق، ئىقتىساد ئىشلىرىنى ماڭا تاپشۇرۇپ، ماڭا ئۆز بالىسىدەك ئىشەندى. مەنمۇ ئۇلار تاپشۇرغان ئىشلارنى سەممىمي، سادىقلىق بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك بىجا كەلتۈرۈپ رازى قىلدىم. يولداش ليۇ جىڭ تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ناتوغرا ئىشلاردىن خالىي ئىدى. ئۇ ماڭا داۋاملىق جاپالىق ئىشلەش، قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرىش، سەممىمي، سادىق، راستچىل ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. ھەسەن مەسۇم مېنى چاققان ھەم ئىشەنچلىك دەپ قاراپ، رەئىسلەر يىغىنى ۋە مۇھىم سىياسىي يىغىنلارنىڭ مۇلازىمەتچىلىكىگە بەلگىلەپ قويغانلىقتىن، چوڭ يىغىنلاردا چاي قۇيىدىغان، مەجلىسخانىلارنى راسلايدىغان، مۇھىم يىغىن ئورنىغا بىۋاستە كىرىپ چىقالايدىغان ئالاھىدە خىزمەتچىگە ئايلىنىپ قالدىم. كۆپ ۋاقىتلاردا مەمتىمىن ئىمىنوفنىڭ شامالباغدىكى قورۇسىغا (ھازىرقى سۈت فېرمىسى) سەي - كۆكتات توشۇيدىغان، خەۋەر يەتكۈزىدىغان، قاسىمجان قەمبىرىنىڭ نوبېشىدىكى ئۆيىنى (ھازىرقى قەشقەر تاموژنا ئورنى) ساقلايدىغان، نەرسە - كېرەك ئاپىرىپ - ئەكىلىدىغان ئىشلارنى سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى رەيھانەم، خالىدەملەرنىڭمۇ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم. باشلىقلار ماڭا ئىلھام بېرىپ، ئوقۇشقا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدىن ئايرىغۇسى كەلمىدى. مەنمۇ بۇنداق ياخشى رەھبەرلەردىن ئايرىلىپ ئوقۇشقا بېرىشنى تەلەپ قىلمىدىم. بۇ ئورۇندا بىر يىلغا يېقىن ئىشلىدىم.



## جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىدا

1950- يىلى 7- ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سابىق 2- كورپۇس پارتكومى ئاساسىدا قەشقەر رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلدى. ۋاڭ ئېنماۋ شۇجى، گو پىڭ، چى گولار مۇئاۋىن شۇجى بولدى. 1952- يىلى 1- ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دەپ ئاتالدى. ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرى ئۇنىڭ قارىمىقىدا بولدى (دەسلەپكى ئورنى 2- كورپۇس قوماندانلىق شتابىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا ئىدى. 1954- يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن قەشقەر شەھىرىگە، ھازىرقى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورنىغا كۆچتى). 1955- يىلى پارتىيىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە باشقۇرۇشىدىكى مالىيە - ئىقتىساد ھەيئىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇندىكى بارلىق كادىرلار ياۋاغدىكى ئورنىدىن رايونلۇق پارتكوم ئورنىغا يۆتكەلدى. يولداش ليۇ جىڭ مېنى قالدۇرۇپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماي، ئۆزى بىلەن بىرگە يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئېلىپ كەلدى. ئەينى چاغدا يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولسىمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىكەن. يولداش چى گو 3- شۇجى، مەمتىمىن ئىمىنوف 4- شۇجى ئىكەن. يولداش مامۇتوف قۇربان تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى، ئابلىز نىياز بىرلىكسەپ بۆلۈم باشلىقى ئىكەن. مەن

يەنىلا ليۇ جىڭنىڭ خىزمىتىدە بولغاندىن تاشقىرى، مەخپىيەت بۆلۈمىنىڭ خەت - چەكلىرىنى يەتكۈزۈش، زىياپەت سورۇنلىرىدا كۈتكۈچىلىك قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، رەھبەرلەرنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقىغا ۋە بىۋاستە تەربىيىسىگە ئېرىشتىم.

## ئاقسۇدا ئالىي كوپىراتسىيە قۇرۇش

1955- يىلىنىڭ ئاخىرى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئەسلىدىكى خۇسۇسىي ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ئاساسىدا ئالىي كوپىراتسىيە قۇرۇش دولقۇنى باشلاندى. بۇ دولقۇن خۇسۇسىي ئىگىلىكنى كوللېكتىپ ئىگىلىككە ئۆزگەرتىۋېلىپ، ئاندىن خەلق گۇڭشېسى (كوممۇنا) قۇرۇشنىڭ تەييارلىق باسقۇچى ئىكەن. 1955- يىلى 11- ئايدا يولداش ليۇ جىڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سوپى سەلەي باشچىلىقىدا ئاقسۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ 30 دەك كادىر ئىككى قارا ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى. ليۇ جىڭ مېنى چىنىقتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن بىرگە ئېلىۋالدى. ليۇ جىڭ، سوپى سەلەي ئۈچىمىز ئايروپىلان بىلەن قەشقەردىن ئاقسۇغا ئۇچتۇق. بۇ مېنىڭ ئايروپىلاننى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ۋە ئولتۇرۇشۇم ئىدى. شۇ كۈنى ئاقسۇ پارتكومىغا چۈشتۇق، ئەتىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، ئاقسۇ خەلق كۇلۇبىدا ۋىلايەت بويىچە ئالىي كوپىراتسىيە قۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەت بويىچە ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قۇمباش رايونى، كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا رايونى سىناق نۇقتىسى قىلىپ



تاللاندى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن 200 دەك كادىر ئاجرىتىلدى. قەشقەردىن كەلگەن كادىرلار قومباش رايونىغا يۈرۈپ كەتتى. مەن، ليۇ جىڭ، سوپى سەلەي ئۈچىمىز ئايروپىلان بىلەن كۇچاغا بېرىپ، ئاندىن ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۇچانىڭ شەرقىدىكى ياقا رايونىغا ئات ھارۋىسىدا باردۇق. ياقا خەلقىنىڭ ئالىي كوپىراتسىيە قۇرۇشقا بولغان قىزغىنلىقى ئۈستۈن بولۇپ، ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى. رايون بويىچە بىر قانچە يېزىدا تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرى كۇچانىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. بىز ئۈچىمىز ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قۇمباش يېزىسىغا قاراپ مېڭىپ يېڭىدىن سېلىنغان رايونلۇق تەمىنلەش كوپىراتىپى ھويلىسىغا چۈشتۇق. مەن ليۇ جىڭ بىلەن سوپى سەلەينىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بولدۇم. كۈندۈزى ھەرقايسى مەھەللە، ھەربىر ئائىلىگىچە بېرىپ تەشۋىقات قىلىش، خەلقنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇش بىلەن بولدى. مەن ئۇلار بىلەن بىرگە بېرىپ، ئاقسۇ دېھقانلىرىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي كوپىراتسىيە قۇرۇش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ كوللېكتىپ ئىشلەيدىغان تەشكىلگە ئاكتىپ قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. دېھقانلار كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە يەرگە، سۇغا، چارۋىغا ئىگە بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇش يولىنى تاپقانلىقىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى، يەر، سۇ، چارۋا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئاڭلىق ھالدا كوپىراتسىيىگە تاپشۇرۇپ، بىرلىشىپ ئىشلەپ، كوممۇنىزم قۇرۇش يولىغا مېڭىشقا بەل باغلىغانلىقىنى

بىلدۈرۈشتى. بۇ خىزمەت 1956- يىلى 3- ئايدا ئاياغلاشتى. بىز ئاقسۇ غالىبىيەت ئۆستەڭنى ۋە ساچىڭزا ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىنى كۆرۈپ قەشقەرگە قايتتۇق.

## جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى

1956- يىلى 2- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت يىغىنى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 5- قېتىملىق يىغىنىدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىنى ۋە يەكەن ۋىلايىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قەشقەر ۋىلايىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىنىپ مەركەزگە يوللاندى. 1956- يىلى 4- ئاينىڭ 21- كۈنى مەركىزىي كومىتېت ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ۋە يەكەن ۋىلايىتى بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يەكەن ۋىلايىتىنىڭ يەكەن، مەكىت، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرى قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ۋالىي مەھكىمە 1956- يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مىڭ شۈلىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى، ئىمىنوف ھامۇت ۋالىي بولدى؛ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىرى مەمتىمىن ئىمىنوف ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، چى گو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. قالغان رەھبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۈرۈمچىگە كەتتى. ليۇ جىڭ چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ پارتكوم



شۇجىسى بولدى؛ مالىيە - ئىقتىساد ھەيئىتىدىكى بىر قىسىم كادىرلار قەشقەردە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا يۆتكەلدى. مەمتىمىن ئىمىنوف، چى گو، ليۇ جىڭلار مېنى ئېلېكتر ئىستانسىسىغا تېخنىك كۈچى قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن قەشقەردە يالغۇز قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، قەشقەردە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچىگە ياكى ئىچكىرىگە ئوقۇشقا بارىدىغان چاغدا ئۈرۈمچىدىن قوشۇلسۇن. ئەگەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قەشقەردىكى يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچىگە بارالمىسا، ئۈرۈمچىدە بىرەر مەكتەپكە كىرگۈزۈپ تەربىيىلەپ قويايلى، دەپ مېنى بىرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. مەمتىمىن ئىمىنوف، چى گو، ليۇ جىڭ، فېڭ دا، مامۇتوف قۇربان قاتارلىق باشلىقلار ئائىلىسى بىلەن ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە ماڭدى. مەن ئۇلارنىڭ ۋە باشقا كادىرلارنىڭ ئۆي سايمانلىرىنى بىر قانچە ماشىنىغا بېسىپ، 1956- يىلى 6- ئاينىڭ 15- كۈنى قەشقەردىن ئايرىلىپ، 22- كۈنى ئۈرۈمچى قىزىلتاغدىكى كادىرلار نازارىتىنىڭ مېھمانخانىسىغا چۈشتۇق (ھازىرقى شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىنىڭ ئارقىسى، باغچا بىلەن تۇتاش ئىكەن) . شۇ چاغدا بىرگە بارغانلار مەرھۇم ئابدۇغوپۇر سىدىق، ئابلىمىت ھاجىم، ئورمانچىلىق نازارىتىدىكى لو پىڭلەر ئىدى. رەھبەرلەرگە نەرسە - كېرەكلەرنى ساق - سالامەت تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار رازى بولۇپ ياتاق، تاماق ۋە تۇرمۇشۇمنى مېھمانخانىدىن ھەقسىز تەمىنلەشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارغا يېڭى خىزمەتچى سەپلەپ بېرىلىپتۇ. مەن مېھمانخانىدا ئىش كۈتۈپ تۇردۇم. گاھىدا رەھبەرلەرنىڭ ئۆيلىرىگە، ئىدارىلىرىغا

بىرىپ كۆرۈشۈپ تۇردۇم. 8- ئايدا قەشقەردىن بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇلارغا لىيۇ جىڭنىڭ قەشقەردىكى كاتىپى لى زىڭياۋ (قەشقەر ۋە قومۇلغا مۇئاۋىن ۋالىي بولغان، ھازىر پېنسىيىدە) مەسئۇل بولۇپ كەپتۇ. ئىمىنوف، لىيۇ جىڭلار مېنى بېيجىڭغا بىرىپ ئېلېكتر ئېنېرگىيە كەسپىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن لى زىڭياۋغا تاپشۇرۇپ، تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىشىمنى تاپىلاپ يوللۇق تۇتۇپ يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تەقدىرىم ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائەت ساھەسىگە پۈتۈلدى.

## پاك - دىيانەتلىك قوماندان ۋە غەمگۇزارىم

ئەينى چاغدا پاك - دىيانەتلىك خىزمەت قىلغان، جاپالىق ئىشلەيدىغان ۋە ماڭا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن رەھبىري كادىرلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، مۇنۇ ئىككى رەھبەرنىڭ ئالىيجاناب ئېسىل خىسلىتى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

1954- يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومدا خەت - چەك توشۇيدىغان ۋاقتىم ئىدى. قەشقەردىكى ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا بىرقانچە قېتىم «مۇھىم مەخپىي» خەتنى تۆشۈك دەرۋازا سىرتىدىكى ئۆيىگە ئاپاردىم. (1946- يىلى بىتىم ۋاقتىدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە قەشقەرنىڭ ۋالىيسى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى بولغان) مەرھۇم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتىكەن، ئۆيىگە سالام بىلەن كىردىم. مەرھۇم مەندىن نەچچە ياش؟ قەيەرلىك؟ ئوقۇغانمۇ؟ دەپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، «سەن تېخى بالا بولغاندىكىن خىزمەت قىلىشقا



ئالدىرىماي، ئاۋۋال مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇۋېلىپ ئاندىن خىزمەت قىلغىن. مېنىڭ سۆزۈمنى ئىدارەڭگە ئېيتقىن، مەكتەپكە ئەۋەتسۇن» دېگەنىدى. مەرھۇمنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى يېشىم چوڭىيغانسېرى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

مەرھۇم مەمتىمىن ئىمىنوف 1950- يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئىچىدە ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق مىللىي رەھبىرى كادىر ۋە قوماندان ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، خىزمەتتە پاك - دىيانەتلىك ئىدى. ھەم قوماندان، ھەم ئۇستا شوپۇرى ئىدى. خىزمەتتە جىددىي، كەسكىن ئىدى. سىرتقا چىقسا شوپۇر ئابلىز ھاجىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى ماشىنا ھەيدەيتتى. كاشىلا چىقسا شوپۇرغا ياردەملىشىپ ئوڭشايتتى. كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق، كەمتەر ئىدى. مېنى «ھە، شاكىچىك شاتۇر» دەپ، زوقلىنىپ ئەركىلىتىپ قوياتتى. مۇنداق بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. 1954- يىلى 3- ئايلاردا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ھوشۇرۇف ئىسلام (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا، پېنسىيىگە چىقتى) مارالبېشىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ قايتىشىدا ئاناركۆل سۇ ئامبىرىنىڭ بېلىقلىرىدىن ئازراق ئالغاچ كېلىپ، بۇنىڭدىن بىر قىسمىنى مەمتىمىن ئىمىنوفقا ئاپىرىپ بېرىشىمنى ۋە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدى. مەن ۋېلىسىپىتنى چاتىراقلاپ مىنىپ يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ئىچىدىكى ئۆيىگە باردىم. ھوشۇرۇفنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ: «ئازراق بېلىق چىقارغانىدى» دېدىم. مەرھۇم «سەن ھوشۇرۇفقا رەھمەت ئېيتىپ قوي، بۇندىن كېيىن بىر نەرسە چىقارمىسۇن، ياخشى

كۆڭلىگە رەھمەت» دەپ ئايالى رەيھانەمگە مېنى ئۇزىتىپ قويۇشنى ئېيتتى. رەيھانەم ماڭا چاي بەرگەندىن كېيىن، ئالمىغىنىمغا ئۇنىماي بېلىقنىڭ باھاسى بويىچە 3 يۈەندەك پۇل بەردى. ماڭىمۇ ئازراق بەردى. قايتىپ پۇلنى ھوشۇرۇفقا تاپشۇرسام «ھەي غەرەز ئۇقمايدىغان، ساڭا بېلىقنى پۇلغا سېتىپ كەل دېمىدىم. پۇل تەڭلىسە نېمىشقا ئالدىڭ؟ بۇ نېمە دېگەن سەتچىلىك...» دەپ قاتتىق كايىپ، مېنى تەنقىد قىلدى. بۇ بىر ئاددىي ئىش بولسىمۇ، مەرھۇمنىڭ ئالىيجاناب، پاك - دىيانەتلىك خىسلىتىنىڭ ئەمەلىي مىسالى.

## قەشقەرنىڭ ئازادلىق مەزگىلىدىكى ئېلېكتر ئۇچقۇنلىرى

قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي ۋە سودا مەركىزى بولسىمۇ، تارىختا ئېلېكتر ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئىزناسىمۇ يوق ئىدى. قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىمۇ شام ياكى گازۋاي چىراغ بىلەن يورۇتۇلاتتى. ھېيتگاھ كىنوخانىسىدا بېنزىنلىق كىچىك ماتور بىلەن كىنو قويۇلاتتى. 1954- يىلى 10- ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىيە كومىتېتى ئورگىنىدا 50 كىلوۋاتلىق بېنزىن ماتورلۇق گېنېراتور بىلەن چىراغ ياقىدىغان بولدى. كېيىن ئۇ خەلق باغچىسىغىچە يەتكۈزۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ياۋاغدىكى ھويلىسىغا چىخ سلوۋاكىيىنىڭ 50 كىلوۋاتلىق ماتورلۇق گېنېراتورى ئورنىتۇلۇپ، ئەنجان رەستە، ھېيتگاھ ئارقىلىق مەھكىمە ئورگىنىغا يەتكۈزۈلدى (ھازىرقى ۋالىي مەھكىمە ئورنى). سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ



قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مەخسۇس گېنېراتورى بولۇپ، ئۆزىنىلا تەمىنلەيتتى. قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەسىرلەردىن ساپال چىراغ يېقىپ كەلگەچكە «ئېلېكتر» دېگەن بۇ ئۇقۇم قەشقەردە بىر «سىر» ئىدى. 1955- يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم قەشقەردە بىر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنى پىلانلاپ، لايىھىلەش ۋە مەبلەغ سېلىشنى مالىيە ئىقتىسادىي ھەيئىتىگە، قۇرۇلۇش قىلىشنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش باشقارمىسىغا تاپشۇردى. قايتا - قايتا ئۆلچەش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق سەككىز تاشتىكى بىر جاينى (ھازىرقى بىڭتۇەن 3- ماشىنا ترانسپورت رېمونتخانىسى ئالدى) تاللاپ 500 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا ئىش باشلاندى. باش - ئاياغ ئۆستەڭلەر چېپىلىپ، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرمۇ ئىش مەيدانىغا كەلتۈرۈلۈپ بولغاندا، زاۋۇت بىناسى چۈشىدىغان جاينىڭ ئاستىدىن بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چىقىپ قۇرۇلۇش قىلىشقا مۇمكىن بولمىدى. ھەربىي رايون رەھبەرلىرىدىن گو پىڭ، زو چى، مەمتىمىن ئىمىنوفلارمۇ پات - پات ئىش ئورنىغا كېلىپ يولىيورۇق بېرەتتى ۋە ئەمگەككە قاتنىشاتتى.

2- قېتىمدا قەشقەرنىڭ سۇ مەنبەسى ۋە تەبىئىي شارائىتى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ئۆلچەش ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە 16 كىلومېتىر كېلىدىغان ھازىرقى قەشقەر 3- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئورنى مۇۋاپىق كۆرۈلۈپ، 1956- يىلنىڭ بېشىدا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئېلېكتر تېخنىكا كۈچى تەربىيىلەشكە كىرىشىلدى. مەن مۇشۇ تەربىيىلەش كۈچلىرى قاتارىدا 1956- يىلى 8- ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۇلارغا قوشۇلۇپ

بېيجىڭغا يۆرۈپ كەتتىم. بۇ كۈچ قەشقەردىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد تېخنىكا قوشۇنى بولۇپ، بۇ قوشۇن ھازىرقى ئېلېكتر سانائەت تەرەققىياتىغا ئاساس سالغۇچى تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالدى. قوشۇندىكى 40 نەچچە ھەر مىللەت ساۋاقداشلاردىن مەندىن باشقىلىرى ھەر خىل سەۋەب بىلەن باشقا ئورۇنلارغا ئالمىشىپ كەتتى.

## بېيجىڭغا سەپەر

1956- يىلى 8- ئاينىڭ 25- كۈنى ئۈرۈمچىدە لىيۇ جىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئاتا - ئانامغا خەت سېلىۋېتىپ، 40 نەچچە نەپەر ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، پىچان، قۇمۇل، ئەنشى، جيۇچۇەنلەردە قونۇپ، جاڭيې ناھىيىسىگە بېرىپ ئاندىن پويىزغا چۈشۈپ (لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى شۇ جايغىچە تۇتاشقان)، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدۇق. سۇ ئېلېكتر مىنىستىرلىكى چېگرا رايوندىن بىلىم ئېلىشقا كەلگەن تۇنجى ئەۋلاد ئېلېكتر تېخنىكا قوشۇنىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى شىجىڭشەن رايونى موشىكۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش ئورنىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەينى چاغدا مەدەنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن، ئاساسىم ئاجىز ھەم خەنزۇچە تىل - يېزىقنى تولۇق بىلمىگەچكە، ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدىم. لېكىن مەن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، زور تىرىشچانلىق بىلەن خەنزۇ ئۇستازلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇلارمۇ ماڭا سەمىمىي ياردەم قىلدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سۇ



ئېلېكتر ئىستانسىسى توغرىسىدا ئاساسىي بىلىمگە ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولدۇم. شۇ يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 7 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، تيەنئەنمېن راۋىقىدا دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن ماۋزېدۇڭ، لىيۇ شاۋچى، جۇئېنلەي، جۇدې قاتارلىق سۆيۈملۈك كىشىلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

## مۇئاۋىن زۇڭلى خې لوڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولۇش

1956- يىلى 10- ئايدا بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىكى گۇەنتىڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئوقۇۋاتاتتۇق. شۇ كۈنلەردە مۇئاۋىن زۇڭلى خې لوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئېلېكتر ئىستانسىسى رەھبەرلىرى خىزمەتلەرنى دوكلات قىلغاندا، «شىنجاڭدىن كەلگەن بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئوقۇۋاتىدۇ» دېگەندە، مۇئاۋىن زۇڭلى خې لوڭ ۋەكىلىمىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ بىزدىن بىرەيلەننى چاقىرتىپتۇ. ئەترەت باشلىقىمىز لى زېڭياۋ چوڭراق ئوقۇغۇچىلاردىن بىرىنى كىرىشكە دەۋەت قىلدى. لېكىن ھەممەيلەن تارتىنىپ كىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئاخىرىدا مېنى كىرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. مەن بۇ ئامەتنى شەرەپ دەپ بىلىپ دەرھال ئالدىراپلا كىردىم. مەجلىسخانىغا كىرىشىمگە قارا كۆزەينەك تاقىغان، ئېگىز، گەۋدىلىك ھەم بۇرۇت قويغان خې لوڭ مېنى كۆرۈپلا: «ھەي، بۇ تېخى كىچىك بالا ئىكەنغۇ» دەپ قولۇمنى تۇتتى. ئالدىراشچىلىقتا كىيىمىمنىڭ تۈگمىلىرىنىمۇ ئەتمەي كىرىپتىمەن. تۈگمىلىرىمنى بىر -

بىرلەپ ئېتىپ قويدى. ئۆزەممۇ ئوسال بولۇپ تەرلەپ كەتتىم. ئۇ يېشىمنى، خەنزۇچە ساۋادىمنى، ئۆگىنىش ئەھۋالىمنى تەپسىلىي سورىدى. ئۆزۈم جىددىيلىشىپ ئاران گەپ قىلالىدىم. خې لۇڭ: «سىلەر شىنجاڭدىكى ئېلېكتر سانائەت تەرەققىياتىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت ئۇرۇقلىرى، سىلەر تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن بۇ ئۇرۇقنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا چېچىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت ئېلېكتر سانائەت تېخنىكا كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى. خې لۇڭ گۇەنتىڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى رەھبەرلىرىگە شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشنى، تۇرمۇشىمىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تاپىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆگىنىش شارائىتىمىز تېخىمۇ ياخشىلاندى.

## ئەنخۇي ئۆلكىسى ۋە باشقا جايلاردا

1956- يىل 11- ئايدا ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ فۇزىلىڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا باردىم. ئىستانسىدا 3000 كىلوۋاتلىق سۇ توربىنىلىق گېنېراتوردىن 3 ى قوراشتۇرۇلۇۋاتقان بولۇپ، قەشقەرگە قۇرماقچى بولغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. بۇ ئىستانسىدا سۇ توربىنىلىق گېنېراتور مېخانىزىملىرىنى بىر يىلدىن ئارتۇق ئۆگىنىپ. ئېلېكتر ئىستانسىسى كەسپى توغرىسىدا خېلى مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولدۇم. 1958- يىلى 3- ئايدا ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن جېجياڭ ئۆلكىسى خۇاڭتەنكۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدا 10000 كىلوۋاتلىق سۇ توربىنىلىق گېنېراتورنى



قوراشتۇرۇش، سىناق قىلىش، تەڭشەش كەسپىنى ئۆگەندىم. 1958- يىلى 7- ئايلاردا خاربىن ئېلېكتر ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا قەشقەرگە قوراشتۇرۇلىدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ياساشقا قاتناشتىم. ياسىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، 8- ئايدا شۇ ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتتىم.

## قەشقەر 3- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدا

قەشقەردە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشنى جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومىدىكى چاغدا ئاڭلىغانىدىم. قەشقەر 3- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە 16 كىلومېتىر كېلىدىغان كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ لەنگەر يېزىسىغا جايلاشقان. ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 2×3000 كىلوۋاتلىق بولۇپ، ئەينى چاغدا غەربىي شىمال بويىچە قۇۋۋىتى ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ھېسابلىناتتى. 1958- يىلى 9- ئايدا خاربىندىن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر بىلەن بىرگە كەلسەم، ھەر مىللەت خەلقى، ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى بۇ قۇرۇلۇشقا جىددىي ئاتلىنىپ كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلەۋېتىپتۇ. قەشقەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى نەن جىمىن ئىش ئورنىدا يېتەكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مېڭ شۈلىن، ۋالىي ئىمىنوف ھامۇتلارمۇ ئىش ئورنىغا چىقىپ يوليورۇق بېرىپ ئەمگەككە قاتنىشىپ تۇراتتى. 13 كىلومېتىرلىق سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى ۋە 9 كىلومېتىرلىق سۇ قايتۇرۇش ئۆستىڭىنى 2000 دەك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جىنايەتچىلىرى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق نازارىتى ئاستىدا چاپقان ئىدى.

ئىستانسىنىڭ بىر كىلومېتىرلىق پەلەمپەيلىك چۈشۈرگە ئۆستىڭىنى مىللىي ئارمىيە 13- دىۋىزىيە 3- ئاتلىق پولك قىسىملىرى خالىسانە ياردەم قىلىپ چاپقانىدى. بۇ قىسىم كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كۈندۈزى ئەمگەك قىلىپ، كەچتە دۇتتار، راۋاپ، ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن ھاردۇق چىقىراتتى. بولۇپمۇ بۇ قىسىمدا شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىدىن كەلگەن ئابدۇكېرىم ئابدۇگۇل، تەلئەت ناسىر ۋە باشقا قازاق ئارتىسلار بولۇپ، جەڭچىلەرگە ئەدەبىي سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ، قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتاتتى. ئۇ چاغدا قۇرۇلۇش تېخنىكا شارائىتىمىز ناچار، سايمانلار كەمچىل، قاتناش قۇلايسىز بولسىمۇ، ئېغىر ئۈسكۈنىلەرنى ئادەم كۈچى بىلەن سۆرەپ - تارتىپ، پىشاڭ بىلەن كۆتۈرۈپ، لوم تۆمۈر بىلەن ئىتتىرىپ جاپالىق ئىشلەپ، 1959- يىلى 8- ئاينىڭ 24- كۈنى بىرىنچى نومۇرلۇق سۇ توربىنىلىق گېنېراتور توك بېرىشكە كىرىشتۈرۈلۈپ قەدىمىي شەھەر قەشقەردە تارىختا توك بولماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى. شۇ كۈنى داغدۇغىلىق توك بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى، دىنىي زاتلار، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇراسىمغا قاتناشتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مىڭ شۈلىن، ۋالىي ئىمىنوف ھامۇتلار لىنتا كەستى. ئارقىدىن ئىمىنوف ھامۇت توك يوللاش يۇقىرى بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېلىنى ئۆز قولى بىلەن چاتقاندىن كېيىن شەھەر كوچىلىرىدا ئېلېكتر چىراقلىرى نۇر چاقناشقا باشلىدى. بىز ھەر مىللەت ئېلېكتر تېخنىكا خادىملىرىمۇ ئۆز قولىمىز بىلەن قۇرۇپ چىققان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەجرىمىزنىڭ مېۋە بەرگەنلىكىنى،



كەسپىمىزنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتۇق. ئېلېكتر ئىستانسىمىز توك بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، قەشقەر سېمونت زاۋۇتلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ بىر قىسىم زامانىۋى كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس يارىتىلدى. مەن تۇنجى ئەۋلاد ئېلېكتر تېخنىكى بولۇپ قالغانلىقىمدىن خۇشال بولدۇم ھەم پەخىرلەندىم. ئىستانسا پارتىيە تەشكىلى ماڭا ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇشۇمغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سۇ توربىنىلىق گېنېراتورنى قوراشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ۋە يۇرگۈزۈش جەھەتتە مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان تايانچ كۈچ بولۇپ يېتىشتىم. تېخنىكا جەھەتتە ئىستانسىمىزنىڭ مۇھىم، مۇرەككەپ خىزمەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ھەرخىل تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ قوراشتۇرۇش، سىناق قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىپ، مۇشۇ ساھەدە نامىم چىقتى.

## ھەرقايسى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش ئورنىدا

**قاغىلىق ناھىيىسىدە.** 1974- يىلى 4- ئايدا قاغىلىق ناھىيىسى جاڭگال سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرماقچى بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شۇجىسى لىيۇ لەنكۇي بىلەن ھاكىم موسايوف تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم سوراپ كەلگەندە

ئىستانسىمىز مېنى ئەۋەتتى. ئىستانسىغا 2×630 كىلوۋاتلىق ياتما ئوقلۇق سۇ توربىنىلىق گېنېراتور قوراشتۇرۇلماقچى ئىكەن. توپا قۇرۇلۇشقا بىرقانچە مىڭ خەلق ئىشلەۋېتىپتۇ. بۇ خىلدىكى گېنېراتورنى كۆرۈپ باقمىغان ھەم تەجرىبەممۇ ئاز ئىدى. ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە بىرقانچە ئونمىڭ ئەمگەكچى بۇرۇنراق توك بېرىش ئۈچۈن مەندىن چوڭ ئۈمىد كۈتكەنىدى. مەن تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە دادىللىق بىلەن ئىشلەپ، توغرا يېتەكچىلىك قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غەلىبىلىك تاماملاپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈزۈپ، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئېلېكتر سانائەت تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە قاغىلىق خەلقىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتىم.

1988- يىلى بۇ ناھىيە يېڭىدىن قۇرماقچى بولغان زوڭلاڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 1000 كىلوۋاتلىق ماشىنىسىنى قوراشتۇرۇش، تەڭشەش ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغاندىمۇ مەن قايتا بېرىپ، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، رەسمىي توك بەرگەندىن كېيىن قايتتىم. بۇ قېتىممۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يەنە بىر قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتىم.

**قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدە.** 1976- يىلى كوناشەھەر ناھىيىسى ئوغۇرساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇشقا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مېنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئىستانسىدا 3×800 كىلوۋاتلىق ئوق ئېقىملىق سۇ توربىنىلىق گېنېراتور قۇراشتۇرۇلماقچى بولۇپ، سايمانلىرى كەم، قۇرۇلۇش شارائىتى ناچار ئىكەن. قۇرۇلۇشقا مۇئاۋىن ھاكىم شېڭ ۋېيۈن (كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا باش



كاتىپ بولغان، ھازىر پېنسىيىدە) قوماندانلىق قىلىدىكەن. ھاكىم ئابدۇقادىر چوڭمۇ ئىش ئورنىغا كېلىپ يوليورۇق بېرىپ تۇراتتى. مەن بۇ قۇرۇلۇشنى مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتكۈزۈشكە تىرىشتىم. مەن لايىھە بويىچە ئىنچىكىلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن جاپالىق ئىشلەپ تېخنىكا تەلىپى بويىچە قوراشتۇرۇپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيىنىڭ يېڭى تېخنىكا كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ تەربىيىلەشكىمۇ مەلۇم تۆھپە قوشتۇم.

**پوسكام ناھىيىسىدە.** 1977- يىلى 8- ئايدا پوسكام ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ليۇ چىڭشى، سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەرھۇم جياڭ جياچىلار ئىستانسا رەھبەرلىرىنىڭ مېنى پوسكام ناھىيىسىنىڭ سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە ئاتلىنىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئېلىپ كوناشەھەر ناھىيە ئوغۇرساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا كەپتۇ. بۇ چاغدا مەن مۇشۇ ئىستانسىنى يۈرگۈزۈش ئىشلىرى بىلەن شۇ جايدا ئىدىم. مەن ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى بىلەن خوشلىشىپ پوسكامغا باردىم. ناھىيىنىڭ شۇجىسى ياڭ جەنشىڭ (كېيىن خوتەن ۋىلايىتىگە شۇجى بولغان)، ھاكىم مەمەت ئىمىنلەر مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. پوسكام ياسىدون سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ناھىيىنىڭ غەربىگە 36 كىلومېتىر كېلىدىغان ياسىدون مازارلىقىدا ئىكەن. ئىستانسىغا 3×1600 كىلوۋاتلىقتىن 3 دانە سۇ توربىنىلىق گېنېراتور قوراشتۇرۇلماقچى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر ۋىلايىتى ناھىيىلىرى بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ھېسابلىناتتى. قۇرۇلۇشقا 10000 دىن

ئارتۇق ئەر - ئايال جاپالىق ئىشلەۋېتىپتۇ. مۇئاۋىن ھاكىم لىۋ چېڭشى قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلىدىكەن. سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەرھۇم جاڭ جياچى مەسئۇل ئىكەن. بۇ خىلدىكى ئوق ئېقىملىق توربىنىلىق گېنېراتور توغرىسىدا تەجرىبەم چەكلىك بولسىمۇ، بارلىق زېھنىمنى ئىشقا سېلىپ، يولداش جياڭ جياچى بىلەن بىرلىكتە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر - بىرلەپ تەجرىبە قىلىپ، قىيىن ئۆتكەللەرنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىپ، قوراشتۇرۇش، تەڭشەش، سىناق قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئۆلچەم بويىچە سۈپەتلىك تاماملىدۇق، بۇ ئىستانسا 1977- يىلى 12- ئاينىڭ 24- كۈنى كەچ سائەت 12 دە رەسمىي توك بېرىشكە باشلىدى. شۇ كۈنى كېچىسى شۇجى ياڭ جەنشىڭ بىلەن ھاكىم مەمەت ئىمىنلەر ناھىيىدىكى 5 رەھبەرلىك بەنزىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئېلىپ ئىستانسىغا چىقىپ بىزنى تەبرىكلىدى. شۇ كېچىسى ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئېلېكتر چىراقلىرى نۇر چاچتى. ئىستانسىنىڭ غەلىبىلىك پۈتۈپ توك تارقاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئەجرىمدىن رازى بولدۇم ھەم ئىپتىخارلاندىم. پوسكام خەلقىنىڭ زور ئالقىشىغا ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدۇم. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناماقتا.

**يەكەن ناھىيىسىدە.** يەكەن ناھىيىسىنىڭ قول سانائىتى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، پاختىغا ئىش قوشۇش زاۋۇتى قاتارلىقلار قۇرۇلۇپ، ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى دىزېل ماتورلۇق گېنېراتور ئارقىلىق ھەل قىلغانىكەن. 1976- يىلى ناھىيىنىڭ غەربىگە



35 كىلومېتىر كېلىدىغان ئارسلانباققا ئوپا 1- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا ئىش باشلىغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىم ئابدۇقادىر ھاشىم ۋە سۇ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مېنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىپ قەشقەرگە كەلدى. قۇرۇلۇشقا ناھىيىدىن لى پەيىۋ مەسئۇل ئىكەن. ئىستانسىغا 2 × 800 كىلوۋاتلىق سۇ توربىنىلىق گېنېراتور قوراشتۇرۇلماقچى ئىكەن. مەن ئىستانسىنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى تەڭشەشكە يېتەكچىلىك قىلدىم. بۇ ئىستانسا 1977- يىلىنىڭ ئاخىرىدا توك بېرىشكە باشلىدى. ئاندىن يەكەن ئاراتاش سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قوراشتۇرۇلۇشىغا ياردەمگە بېرىپ 250 كىلوۋاتلىق 2 گېنېراتورنىڭ تەڭشەش، يۈرگۈزۈش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يەكەن سېمونت زاۋۇتىنى توك بىلەن تەمىنلەشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشتۇم. يەكەن ناھىيىسى ئوپا 1- ئېلېكتر ئىستانسىسى ئاساسىدا ھازىر ئوپا 2- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇپ چىقتى. دۇنيا بانكىسى 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان كاچۇڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 1995- يىلى 11- ئايدا توك بېرىشكە باشلىدى. بۇ ئىستانسىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 21 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، ھازىر يەكەن، مەكىت ناھىيىلىرىنى توك بىلەن تەمىنلىمەكتە. يەكەن ناھىيىسىدىمۇ خېلى بىر قىسىم ئېلېكتر سانائەت تېخنىكا كۈچلىرى يېتىشىپ چىقتى.

**قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە.** 1978- يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسى قۇمباش دېگەن جايغا 250 كىلوۋاتلىق 4 گېنېراتور قۇرۇشنى پىلانلاپ مېنى تەكلىپ قىلدى. مەن بىر ئايدەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قوراشتۇرۇش، تەڭشەش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدىم، بۇنىڭ بىلەن يېڭىشەھەر

ناھىيە بازىرىغا توك يوللاندى. قۇرۇلۇشقا ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى رەيىم رازىق ئىش ئورنىدا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇندىن باشقا، بۇ ناھىيىنىڭ ياپچان، ئارال، يامانيار قاتارلىق جايلىرىدىكى كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم.

**ئاتۇشتا.** 1958- يىللىرى ھازىرقى ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىگە بىر كىچىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بازىرىنى توك بىلەن تەمىنلىگەن. كېيىن تەرەققىيات ئېھتىياجى بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا يەنە بىر ئاددى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان. 1964- يىلى 4- ئايدا ئاتۇش ئاغۇ يېزىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا 85 كىلوۋاتلىقتىن ئىككى ياتما ئوقلۇق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا ئىش باشلىنىپ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سۇ ئىدارىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىش ئورنىغا باردىم. ئاتۇش خەلقى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ. قۇرۇلۇشقا مەرھۇم ئابلىز نىياز يېتەكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. مەن بۇ پېشقەدەم رەھبەرگە سالام بېرىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم. ئۇ ماڭا قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ خىزمىتىمگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ئىستانسا 1964- يىل 10- ئايدا توك بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ھازىرمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

**ئاقتۇ ناھىيىسىدە.** 1978- يىلى 3- ئايدا ئاقتۇ ناھىيە بازىرىدا 85 كىلوۋاتلىقتىن ئىككى سۇ توربىنىلىق گېنېراتورنى قوراشتۇرۇشقا، 1983- يىلى ئىستانسىنىڭ ئەينى ۋاقتىدىكى ئۈسكۈنىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ يېڭىلاشقا باردىم. ھەر ئىككى قېتىمدا ۋەزىپىنى تېخنىكا تەلىپى بويىچە ئورۇنلاپ ناھىيە



رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتىم. ھازىر ئاقتۇ ناھىيىلىك ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئارمان (قىرغىز) ئەينى ۋاقتىدا مۇشۇ ئىستانسىدا ئىشلەيتتى. 1970- يىللىرى ئۇستۇن ئاتۇشتا 120 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، 1990- يىلىغا كەلگەندە كونا ئۈسكۈنىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشكە باردىم. سۇ توربىنىلىرىنى باشقىدىن ياساپ رېمونت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇستۇن ئاتۇش خەلقىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتىم. ھازىر بۇ ئىستانسا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئۇندىن باشقا ئاتۇش شەھىرى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ بىر قىسىم مەبلىغى بىلەن ئاغۇ يېزىسىنىڭ ئىچىگە 1000 كىلوۋاتلىقتىن يۇقىرى بىر قانچە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ، ئاتۇش شەھەر ئەتراپىنى توك بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1983- يىلى ئاتۇش شەھىرىگە قەشقەردىن 35 مىڭ ۋولتلىق ئېلېكتر لىنىيىسى تارتىلىپ قەشقەر ئېلېكتر مەنبەسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلانماقتا.

## سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىش

مەن ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئېلېكتر كەسپى جەھەتتە مۇھىم ئىختىساس ئىگىسى بولۇشقا تىرىشىپلا قالماستىن، سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پارتىيىگە، خەلققە سادىق ياراملىق ئادەم بولۇشقا تىرىشتىم. ئىستانسا پارتىيە تەشكىلى ماڭا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىپ، يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ تەربىيىلىدى. 1962- يىلى جۇڭگو

كوممۇنستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردىم. سېخ ئىتتىپاق شۇجىسى، سېخ ئىشچىلار ئۇيۇشما رەئىسى، زاۋۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدۇم. 1971- يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، سابىق قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسى (قەشقەر ئوت ئېلېكتر، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى بىرلىشىپ قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسى دەپ ئاتالغان) پارتىيە كومىتېتى دائىمىي ئەزاسى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پارتىيە كومىتېتى ئەزاسى، سېخ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم. قەشقەر 3- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى مېنىڭ ئانا ئىستانسىم، ئۆسۈپ يېتىلىش بۆشۈكۈم. بۇ ئىستانسا شىنجاڭدىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا نۇرغۇن تېخنىكا كۈچى ۋە نۇرغۇن كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. مەسىلەن، لى زىڭياۋ (قەشقەر ۋە قۇمۇلغا مۇئاۋىن ۋالىي بولغان)، ۋۇدۇڭفۇ (ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى)، كوك لىڭسەي (سابىق قەشقەر ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى)، ياسىن قۇربان (ھازىر شۇ ئىستانسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى)، ئابلەت ئابلا (قەشقەر 1- ماي كىنوخانىسىنىڭ دىرېكتورى)، ليۇ شىڭگو (ھازىرقى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى)، ليۇ شاۋخو (ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، يىن سەيگەن (ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭ كۆمۈر ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى ئېلېكتر ئېنېرگىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) قاتارلىق يولداشلار مۇشۇ ئىستانسىدا خىزمەت قىلىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن تايانچ كۈچلەردۇر.



## قەشقەر ۋىلايەتلىك 1- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدا

قەشقەر بىرىنچى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى — قەشقەر قىزىل دەرياسىنىڭ تاغدىن تۈزلەڭلىككە چىقىش ئېغىزىدا بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ 50 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان. 1977- يىلى قۇرۇلۇشقا ئىش باشلاپ 1981- يىلى ئىشقا كىرىشكەن. سېلىنغان مەبلەغ 41 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇ ئىستانسا 80- يىللاردا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 19500 كىلوۋات، ناپورى 51 مېتىر. ئېلېكتر بېسىمى 110 مىڭ ۋولتلىق يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر لىنىيىسى ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىگە يەتكۈزۈلىدۇ. 1979- يىلى 9- ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن 23 يىل خىزمەت قىلغان 3- ئىستانسىدىن ئايرىلىپ 1- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا يۆتكەلدىم. بۇ چاغدا قۇرۇلۇش جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ، كادىرلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلار بوران - چاپقۇنغا قارىماي جاپالىق ئىشلەۋېتىپتۇ. ئەينى چاغدىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جىنۋېن، مەرھۇم ۋالىي ئابلا ئىسمائىللارمۇ ئىش ئورنىدا يېتىپ ئەمگەككە قاتنىشىۋېتىپتۇ. قۇرۇلۇشقا مۇئاۋىن ۋالىي لى زىڭياۋ باش قوماندان، سەمەت ئۇرايىم مۇئاۋىن باش قوماندان (كېيىن كوناشەھەر ناھىيىسىگە ھاكىم، سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغان، ھازىر ئالەمدىن ئۆتتى) ئىكەن. مەن ئىستانسىنىڭ قوراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش سېخ مۇدىرى بولۇپ زامانىۋى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى قوراشتۇرۇشقا تېخنىكا جەھەتتىن

يېتەكچىلىك قىلدىم. بىر تەرەپتىن ئەمەلىي ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن يېڭى ھۈنەر ـ تېخنىكا، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگەندىم. جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق 1980ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، 1984ـ يىلى 3ـ ئايدا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. بۇ قۇرۇلۇش ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغاچقا، رەسمىي ئىشقا كىرىش مۇراسىمىغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن قەشقەرگە كېلىپ تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم يوليورۇق بەردى. قۇرۇلۇش مەزگىلىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلەت ئابدۇرېشىتمۇ پات ـ پات ئىش ئورنىغا كېلىپ مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، قۇرۇلۇش سۈرئىتى، سۈپىتى قاتارلىقلارنى سۈرۈشتۈرۈپ يوليورۇق بېرىپ تۇردى. قۇرۇلۇش مەزگىلىدە قەشقەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ جىنۋېن، گو گاڭ، تىلىۋالدى توختى، ۋاڭ ئىنسەن، چېن دېمىن، ۋالىيلاردىن مامۇتوف قۇربان، مەرھۇم ئابدۇغوپۇر سىدىق، مەرھۇم ئەيسا شاكىر، ئەمەتجان ئالىم، ئىسمايىل تىلىۋالدى ۋە ئىقتىسادىي كومىتېت رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈشەن، تۇردى ھاجىم، مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئوبزارىلەر ئىستانسىنىڭ بۇرۇنراق ئىشقا كىرىشى ئۈچۈن، يوليورۇق بېرىپ، ئەمگەككە قاتنىشىپ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئېلېكتر ئىستانسىمىز ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، يولداش رېن شىڭجا پارتكوم شۇجىسى بولدى. كوڭ لىگسەي زاۋۇت باشلىقى، مەن مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بولدۇم ھەم زاۋۇت پارتكوم ھەيئەت ئەزاسى، زاۋۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى قاتارلىق مۇھىم



خىزمەتلەردە بولدۇم.

## تۈنجى ھۆددىگەر زاۋۇت باشلىقى بولۇش

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كارخانىلاردا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ھۆددىگەرلىك تۈزۈلمىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتى 1987ـ يىلدىن باشلاپ ئېلېكتر ئېنېرگىيە كارخانىلىرىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى باشلىۋەتتى ھەمدە 1ـ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىمىزنى ھۆددىگە بېرىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتتى. ئۇسۇلى:

① ھۆددىگە• ئالغۇچى يۇقىرى ئورۇنغا ئۆزىنى تىزىملىتىش.

② كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئالدىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، كارخانىنى روناق تاپقۇزۇش توغرىسىدىكى پىلان ـ تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاشكارا سۆزلەش.

③ ئامما يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش بىلەن ھۆددىگەرنى كۆرسىتىش.

④ يۇقىرى ئورۇندىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قاتارلىقلار.

1987ـ يىلى 12ـ ئايدا زاۋۇت باشلىقى بولۇشقا تاللانغان 6 رەھبىرىي كادىر چوڭ يىغىندا ئۆز پىلانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ بىر رىقابەت ئىدى. ئاخىرىدا مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن، يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق، تۈنجى ھۆددىگەر زاۋۇت باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىپ، زاۋۇتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى بولدۇم. زاۋۇت باشلىقى بولغاندىن كېيىن

ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا يېڭىلاپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۈنۈمىدىن، سۇ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، زۆرۈر بولغان قائىدە - تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى 1988- يىلى 70 مىليون كىلوۋات سائەتتىن 73 مىليون كىلوۋات سائەتكە، 1989- يىلى 86 مىليون كىلوۋات سائەتكە، 1990- يىلى 88 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزدىم. بۇنىڭ بىلەن ئىستانسىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئېشىپ دۆلەتكە خېلى كۆپ باج ۋە پايدا يارىتىلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇنىڭ بىلەن مېنى زاۋۇت پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە تەستىقلىدى. خىزمىتىم تېخىمۇ كۆپەيدى. مەسئۇلىيىتىم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

## تۈزۈلمىدىكى ئۆزگىرىش، يەنە بىر قېتىم زاۋۇت باشلىقى بولۇش

1988- يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ كۆمۈر - ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى باشقۇرۇۋاتقان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، توك بىلەن تەمىنلەش شىركەتلىرى، كۆمۈركان قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋالدى. كارخانىلارنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك بىرىنچى قول رەھبەرلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد



كومىتېتىدىن تەستىقلايدىغان بولدى. مېنىڭ بىرىنچى قارارلىق ھۆددە مۇددىتىم 1989- يىلىنىڭ ئاخىرى توشتى. مەن ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورنىنىڭ كۆرسىتىشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم قەشقەر 1- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ زاۋۇت باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندىم قەشقەر 1- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ زاۋۇت باشلىقى (2- قارارلىق) . (1989- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1992- يىلى 12- ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە) بولغان مەزگىلدە، كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇنداشقا تىرىشتىم. ئەسلىدىكى يىللىق توك تارقىتىش ۋەزىپىسىنى 87 مىليون كىلوۋات سائەتتىن 92 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزۈپ، قەشقەر، قىزىلسۇ ئىككى ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتۇم. سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنىمۇ چىڭ تۇتقانلىقىم ئۈچۈن، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش يارىتىلدى. ھەر خىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىمۇ ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ يۇقىرى ئورۇننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتىم.

## قەشقەر 2- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدا

قەشقەر 2- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ 25 كىلومېتىر غەربىگە، 1- ۋە 3- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. قۇرۇلۇشقا 1989-

يىلى 7- ئاينىڭ 1- كۈنى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ شاۋچىڭ، ۋالىي ئىسمائىل تىلىۋالدى لىنتا كەستى ۋە ئۆز قولى بىلەن ئىش باشلاش ئورنىنى پارتلاتتى. سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى مەرھۇم ئويغۇر مىنوپ تەبرىك سۆزى قىلدى. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 3×8800 كىلوۋاتلىق بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. سۇ ناپورى 100 مېتىر، ئومۇمىي مەبلەغ 120 مىليون يۈەن بولۇپ، 1992- يىلى 12- ئايدا ئۈچىنچى نومۇرلۇق، 1993- يىلى ئىككىنچى ۋە بىرىنچى نومۇرلۇق گېنېراتورلىرى ئىشقا كىرىشتى. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلى يېڭى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ خىزمەت ئېھتىياجى ئۈچۈن، مېنى 1993- يىل 1- ئايدا قەشقەر 2- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ پارتىيە كومىتېت شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. 12 يىل ئىشلىگەن 1- سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئايرىلىپ بۇ ئىستانسىغا كەلدىم. ئىستانسا ئاساسىي قۇرۇلۇش باسقۇچىدا بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ داۋامى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ. مەن بۇ يېڭى ئورۇندا، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا قەشقەرنىڭ ئېلېكتر سانائەت تەرەققىياتىغا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشتىم. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلى ماڭا ئىشىنىپ، يېشىم 56 دىن، خىزمەتكە قاتناشقىلى 45 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنە بىر قېتىم سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ پارتكوم شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھىم بىلەن بارلىق زېھنىي كۈچۈمنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ كۆمۈر - ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ



مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماي يېڭى نەتىجىلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن. ئۇلارنىڭ مېنى قوللىغانلىقىغا، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن.

## شان - شەرەپ پارتىيە ۋە خەلققە مەنسۇپ

ئۇزۇن يىللىق ئاددىي خىزمەت ئورنىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئازراق پايدىلىق ئىش قىلغانلىقىم ئۈچۈن، پارتىيە ۋە خەلق ماڭا زور شان - شەرەپ ئاتا قىلدى.

1959- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ باھالىنىپ ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن سېلىنغان خەلق تىياتىرخانىسىدا مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشتىم. يىغىندا يولداش ۋاڭ ئىنماۋ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرنامىسىنى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش نەمۇنىچىسى دېگەن ئىزناكنى مەيدەمگە تاقاپ قويدى. بۇ شەرەپلىك نامنى ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمەن.

1989- يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش» 1- ماي ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن «1- ماي ئەمگەك مېدالى» دېگەن مېدالغا ۋە شەرەپنامىگە ئېرىشتىم.

1994- يىلى شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسى شىنجاڭ باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۈزگەن «تەڭرىتاغ تۆھپىكارلىرى» دېگەن قامۇسقا تاللاپ كىرگۈزۈلدۈم. ھازىر بۇ قامۇس پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن شىنجاڭغا كەڭ تارقالدى.

1982- يىلى قەشقەر شەھەرلىك 7- نۆۋەتلىك خەلق

قۇرۇلتىيىنىڭ، 1988- يىلى 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى توغرىسىدا يېڭى تەكلىپ پىكىرلەرنى بەردىم.

1985- يىلدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ سۇ ئېلېكتر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولۇپ سايلاندىم.

1988- يىلى شىنجاڭ كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلىنىپ، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان بىرقانچە قېتىملىق مۇھاكىمە - تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتىم.

1993- يىلى گوۋۇيۈەن تەرەققىيات مەركىزىنىڭ ئىقتىسادىي - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ھەيئىتىگە تاللىنىپ، ھازىر بۇ ئورۇن بىلەن داۋاملىق ئالاقە باغلاپ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن.

ئۆزۈمنىڭ نەزەرىيە ئاساسىم ۋە ئۇزۇن يىللىق خىزمەت تەجرىبەمگە ئاساسەن، 1986- يىلى يازغان «سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى توغرىسىدا ئاساسىي بىلىم» دېگەن كىتابىم شىنجاڭ پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭ كىتابخانىلىرىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلىپ، مىللىي ئېلېكتر تېخنىكا خادىملىرىنىڭ مۇھىم كەسپىي ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ كۆمۈر - ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇش تېخنىكا ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، قەشقەر سۇ ئېلېكتر ساھەسىدىكى باشلانغۇچ ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى (ياردەمچى ئېنژېنېردىن تۆۋەن) بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.



1987- يىلى دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى تەرىپىدىن دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن «لاياقەتلىك زاۋۇت باشلىقى» دېگەن دىپلومغا ئېرىشتىم.

1500 بەتلىك «كارخانا باشقۇرۇش ئىلمى» دېگەن كىتاب ئارگىنالىنى يېزىپ نەشر قىلىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك نەشرىيات ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىۋاتىمەن.

مەندەك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3- سىنىپ سەۋىيىگە ئىگە ئاددىي دېھقان بالىسىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلاردا پارتىيىگە، خەلققە پايدىلىق ئازدۇر - كۆپتۇر ئىشلارنى قىلىپ مەلۇم نەتىجە قازىنالىشى، مېنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ۋە پېشقەدەملەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىيالمايمەن. نەچچە ئون يىل خىزمەت قىلىش بىر شەخسنىڭ ھاياتىي ئۈچۈن ئۇزۇن بىر جەريان بولسىمۇ، مەن يەنىلا يېڭى خىزمەت ئورنۇمدا كۆتۈرەڭگۈ روھ، تولۇپ تاشقان ھاياتى كۈچ بىلەن جۇشقۇن ئىشلەۋاتىمەن. بۇنىڭدا مەن ئاددىي - ساددا، پاك - دىيانەتلىك، سەمىمىي، سادىق ئىشلىگەندىن باشقا، تەن - سالامەتلىكىممۇ نورمال بولۇپ، ھەرخىل كېسەللەردىن خالىي بولدۇم. مىجەزىم خۇشخۇي بولۇپ ئەتراپتىكىلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلىدىم. خىزمەتتە ئادىل، كەڭ قورساق بولۇپ، ئۇششاق ئىشلاردىن، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتىن ئاغرىنمىدىم. ئەمىلىم ئۆسۈپ نامىم چىققان بولسىمۇ، ئەسلىمنى ئۇنۇتماي جاپالىق ئورۇنلاردا جىسمانىي ئەمگەككە قاتنىشىپ بەدەننى چېنىقتۇردۇم.

2001- يىلى 8- ئايدا شەرەپ بىلەن پېنسىيىگە چىقتىم. ئىش ئورنۇمدا 50 يىلدىن ئارتۇق ئىشلىدىم، پېنسىيىگە

چىققاندىن كېيىنمۇ يەنە تەكلىپ بىلەن ئىشلەپ سۇ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتىنىڭ تېخنىك كۈچلىرىنى تەربىيىلەش ۋە مۇھىم تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللۇنۇپ، ئېلېكتر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇۋاتىمەن.

سەۋىيەم چەكلىك، ۋاقىت ئۇزۇن بولغاچقا، قىسمەن ئورۇن، ۋاقىت ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى جەھەتتە يېتەرسىزلىكتىن خالىي بولماق قىيىن. شۇڭا پېشقەدەم رەھبەرلەر ۋە يولداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

(ئەسەردىكى شەخسلەرنىڭ هازىرقى ئىش ئورنى، ۋەزىپىسى ۋە باشقا ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا ئەپسىز بولغانلىقتىن ئەسەردە يېزىلغىنى بويىچە ئېلىندى ـ تەھرىردىن)

ئاپتورى: قەشقەر 2ـ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن



# مەن باسقان ئىزلار

سادىق ساۋۇت

## غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىم

مەن 1920ـ يىلى 9ـ ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سەمەن يېزىسىغا قاراشلىق سۇلۇغ كەنتىنىڭ سايئېرىق مەھەللىسىدىكى ساۋۇتئاخۇن ئىسىملىك بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. بىز ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز جەمئىي تۆت بالا بولۇپ، مەن ئەقلىمگە كەلسەم، دادام، ئانام‌لار قولىمىزدىكى ئازغىنە يەرگە تايىنىپ غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، سەككىز ياشلارغا كىرگەندە ئۆيدىكىلەر مېنى يۇرتىمىزدىكى ئازنا مەسچىتتە ئېچىلغان دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. بۇ مەكتەپكە 50 ياشلار چامىسىدىكى يۇنۇسئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشى مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇتقۇچى يوق ئىدى. ئوقۇغۇچى سانى ئاران 50 — 60 چە كېلەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭى 30 — 40 ياشلىق ئادەملەر، كىچىكلىرى بىزدەك بالىلار بولۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئاساسلىقى يۇنۇسئاخۇن خەلپىتىم يېشى چوڭ تالىپلارغا دەرس بېرىش، يېشى چوڭ تالىپلار كىچىك

تالىپلارغا ئۆگىتىش ئاساس قىلىنىپ، كىچىكلەر ھەپتىيەك، چوڭلار «قۇرئان كەرىم» نى ئوقۇپ يادلايتتۇق. گاھى ھاللاردا كىچىكلەر چوڭلارغا دەرس بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولاتتى. مەسىلەن، مېنىڭ ئەسلى ئۇستازىم يۇنۇسئاخۇن خەلپىتىم بولسىمۇ، ئەمما مەن بەكرى قارىم دېگەن بىر چوڭ ياشلىق تالىپ ئادەمدىن دەرس ئېلىپ ساۋادىمنى چىقارغان بولغاچقا، شۇ يۇرتتىكى ئوسمان ئىمام (ئازادلىقتىن كېيىن قولغا ئېلىنغان) ئىسىملىك باينىڭ بالىسى تۇرداخۇن گەرچە مەندىن بىرنەچچە ياش چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ماڭا: «سادىقئاخۇن، دەرسنى ئۆرۈپ - تىللاپ قۇلىقىمنى تارتماي ئۆگىتەرسەن. . . . » دەپ ئۆيىدىن ياغ سالغان توقاچ نانلارنى ئېلىپ كېلىپ بېرەتتى. مەنمۇ ماقۇل دەيتتىم. شارائىتىمىز ناچار بولۇپ، پارچە - پۇرات ھەپتىيەكلەردىن باشقا كىتاب - ماتېرىيال، ئۈستەل - ئورۇندۇق ۋە دەپتەر - قەلەملەر يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تۇزۇم چىڭ بولۇپ، ياخشى ئۆگەنمەي ئۆز ئارا جېدەل - ماجرا قىلغان ۋە خەلپىتىمنى خاپا قىلغان بالىلارنى خەلپىتىم كۆك تاياق بىلەن ئالقىنىغا ئۇرۇپ جازالايتتى. ئېغىرراق گۇناھ ئۆتكۈزگەن بالىلارنى پالاققا تارتىپ پۇتىنى قىسىپ قىينايتتى. ھەر پەيشەنبە كۈنى خەلپىتىمگە پەيشەنبىلىك دەپ ئوتۇن، نان ۋە مىس داچەن قاتارلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ تاپشۇراتتۇق. ئەگەر تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيشەنبىلىكنى ئازراق ئاپارساق ياكى ۋاقتىدا ئاپىرالمىساق، خەلپىتىمدىن تىل - ئاھانەت ئاڭلايتتۇق، يۇنۇسئاخۇن خەلپىتىم بىزنى ئاساسلىقى قىشتا ئوقۇتۇپ، يازدا كارى بولمىغاچقا، بىز يازدا ئائىلىدە ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولاتتۇق. شۇنداق قىلىپ مەن تۆت يىلچە تىرىشىش ئارقىلىق، ئەمدىلا ھەپتىيەكنى ھەجىلەپ ئوقۇغىدەك



بولغان چېغىمدا، تۇيۇقسىز دادام ساۋۇتئاخۇن ئۆلۈپ كېتىپ قاناتسىز قالدىم. دادامنىڭ ئۆلۈپ كېتىش جەريانى مۇنداق: تۆمۈر سىلىڭ 1933- يىلى 8- ئاينىڭ 17- كۈنى ئۇلۇغچاتلىق ئوسمان ئېلى (قىرغىز) قىسىملىرىنى قوغلاپ ماڭغان ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماجەنساڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن سەمەن يېزىسىنىڭ قۇملۇقئېرىق دېگەن يېرىدە ئېتىپ تاشلىنىپ (ۋەھالەنكى، كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا ئاپتورنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن «تۆمۈرسىلىڭ سەمەن توغراقلىق مازار دېگەن يەردە ئېتىپ تاشلانغان» دەپ خاتا ئېلىنىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ كىشى توغراقلىق مازار دېگەن يەردە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىككى - ئۈچ كىلومېتىر يۇقىرىسىدىكى قۇملۇقئېرىق دېگەن يەردە ئېتىپ تاشلانغان. چۈنكى مەرھۇمنىڭ قەۋرىسى ئاشۇ قۇملۇقئېرىق دېگەن يەردىكى كونا ئەنجان يولىنىڭ بويىدا بىرنەچچە ئاددىي قەۋرىلەر قاتارىدا تېخى يېقىنقى يىللارغىچە ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇرغان بولۇپ، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ ماڭاتتى. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىغا كەلگەندە تۆمۈر سىلىڭنىڭ چوڭ ئوغلى مەرھۇم يازغۇچى، تارىخشۇناس خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى ئۈرۈمچىدىن بۇ يەرگە ئاتايىن كېلىپ، دادىسىنىڭ قەۋرىسىنى قۇملۇقئېرىق تەۋەسىدىكى شاھ ئاتام دېگەن ئاممىۋى قەۋرىستانلىققا يۆتكەپ، گەج بىلەن باشقا قەۋرىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قىلىپ چىرايلىق ياساتتى. ئاندىن پۈتۈن يۇرت ئەھلىنى يىغىپ كاتتا نەزىر بەردى. مېنىڭ چوڭ ئاكام ئابدۇراخمانئاخۇن بۇ نەزىرگە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ دادامنىڭ ئۆلۈم پاجىئەسىنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە يۇرت چوڭلىرى قاتارىدا ئۇ بەرگەن رەخت - پەخت دېگەندەك

سوۋغا ـ سالاملارنى قوبۇل قىلغان) كاللىسى كېسىۋېلىنغاندىن كېيىن قەشقەر ھېيتگاھ دەرۋازىسىغا قۇلىقىدىن مىخلاپ قويۇلىدۇ. تېنى شۇ يەرگىلا تاشلاپ قويۇلىدۇ. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا جەسەتنىڭ قېشىغا قورقۇپ ھېچكىم يېقىن كېلەلمىگەچكە، جەسەت خېلى كۈنلەرگىچە يول بويىدا چىرىپ ھەرە ئولۇشۇپ كېتىدۇ. ئارىدىن بىرنەچچە ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە دادام بىر پەيشەنبە كۈنى ئېشەك بىلەن بازارغا كېتىپ بېرىپ (ئۇ چاغلاردا قەشقەرنىڭ بازىرى پەيشەنبە كۈنى بولاتتى) ئاشۇ تۆمۈر سىلىڭنىڭ جەستى تاشلاقلىق يەرگە كېلىشى بىلەن، جەسەتنى يەپ تويۇپ كەتكەن سېرىق ھەرىلەرنىڭ ئۇۋىسىنى شۇ مەھەللىلىك ئىككى كىچىك بالا ئۇزۇن تاياق بىلەن كوچىلاپ ئويناپ قېچىپ كېتىشى تەڭ كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەر غەزەپ بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، دادام بىلەن ئېشەكنى چېقىپ كېتىدۇ. ئېشەك ئاغرىققا چىدىماي چىچاڭشىپ دادامنى تاشلىۋېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. دادام بولسا شۇ جايدا يېتىپ قالىدۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەرىلەر ئۇنىڭ يۈز ـ كۆز ۋە بويۇن، باشلىرىنى چېقىپ ئىششىتىۋېتىدۇ. بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئېسىنى يىغىپ ھەرىلەردىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئەمما دادام شەھەردە مۇھىم بىر سودىلىقى بار بولغاچقا، ئاغرىققا چىداپ شەھەردىكى سودىلىقىنى قىلىپ بولۇپ ئۆيگە قايتىپ چىقىپ، باش ـ كۆزى كۆپتەك ئىششىپ كېتىپ، يەتتە كۈن ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندىن كېيىن دوختۇر ۋە دورا ـ ئوكۇل بولمىغاچقا بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

1933ـ يىلى «12ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىڭ شىسەي جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ



تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى بىر مەھەل ئىلغارلىق تونى بىلەن پەردازلاپ، خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىپى ۋە ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش»، «كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش» قاتارلىق ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن تارىختىن بۇيان فېئوداللىق ئاسارەتتە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئاز ـ تولا راۋاجلانغاندەك قىلدى. شۇڭلاشقا شۇ زامانلاردا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، يېڭىچە پەننىي مائارىپ تەدرىجىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن بىزنىڭ يۇرتىمىز 1934ـ يىلى 2ـ ئايدا ئەسلىدىكى ئازنا مەسچىتتە ئېچىلغان بىر سىنىپلىق دىنىي مەكتەپ ئاساسىدا تۇنجى پەننىي مەكتەپ بارلىققا كەلدى ھەمدە دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن رەھمىتۇللا يۇنۇس (يۇنۇسئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئوغلى) قاتارلىق 30 نەپەر چوڭ ياشلىق بالىنى 1ـ قاراردا قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇشقا باشلىدى. ئۇلارغا قارا رەختتىن تىكىلگەن كىيىم بېرىلگەن بولۇپ، شەھەردىن چىققان بارات ئەپەندى (ئازادلىقتىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەپ، 2000ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى) قاتارلىق بىرنەچچە ياش ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈشكە مەسئۇل بولدى. شۇ يىلى 7ـ ئايغا كەلگەندە، ئۇلار بۇ خىزمەتنى قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ چىققان بىزنىڭ يۇرتلۇق رەھمىتۇللا يۇنۇس، زۇنۇن ئۆمەر ۋە ھەسەن بەختى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قايتىپ كەتتى. شۇ يىلى 8ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى قوغۇنلۇقتا قوغۇن

ساقلاپ ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىز رەھمىتۇللا ئەپەندىم قاتارلىق كىشىلەر ھېلىقى قارا كىيىملىك ئوقۇغۇچىلارنى رەتلىك تىزىلدۇرۇپ داقا - دۇمباق ۋە ناخشا ساداسى بىلەن قوغۇنلۇقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەھەللىدە پەيدا بولۇپ قالدى. مەن قوغۇنلۇقتىن ئۇلار كېتىۋاتقان يول بويىغا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يەرگىچە ئەگىشىپ باردىم. قىسقىسى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئىچىمگە ئاشۇلاردەك مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئوتى كىرىۋالغان بولغاچقا، ئىچىم تىتىلداپ زادىلا چىدىيالمىدىم ۋە ئاخىر ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆزۈم يالغۇز ئۆيدىكىلەرگىمۇ دەپ قويمايلا مەكتەپكە باردىم. قارىسام ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى يەنە ئۆتكەن كۈندىكىگە ئوخشاش رەتلىك تىزىلدۇرۇپ بىر يەرگە ئېلىپ بېرىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانىكەن، مەن دەرھال بېرىپ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر نەۋرە ئاكام ئابدۇكېرىمئاخۇننى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزۈمنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى ئېيتىۋېدىم، ئۇ رەھمىتۇللا مۇئەللىمگە: «بۇ ئىنىم سادىقئاخۇن بىز بىلەن بىللە ئوقۇغىلى كەپتۇ، مۇمكىن بولسا قوبۇل قىلىپ قالسىڭىز» دەپ تونۇشتۇرۇۋىدى، رەھمىتۇللا مۇئەللىم ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارغا قوشۇلۇپ يۇرتىمىزنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ئاقھويلا دېگەن يەرگە بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق. كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغان چاغدا مەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇرۇپ، تىللىشىدىن قورقۇپ ئابدۇكېرىمغا مېنى بىزنىڭ ئۆيگە بىللە ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتىۋېدىم، ئۇ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەم خۇشال بولغان، ھەم سەل قورققان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئۆيگە كەلسەم، ئۆيدىكىلەر مېنى ئىزدەپ تاپالماي تازا جىلە بولۇپ



تۇرغانىكەن. ئابدۇكېرىم بىلەن ئىككىمىز ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا ئانام: «ئەتىگەندىن بېرى ئادەمنى ئەنسىرىتىپ نەگە باردىڭ سەن - ھە؟ گەپ ئاڭلىمايدىغان ياغاچ قۇلاق. . . » دەپ قاتتىق خاپا بولۇپ كېتىۋىدى، ئابدۇكېرىمكام ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بىرمۇنچە خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىن ئۇ سەل ئاچچىقىدىن يېنىپ: «بوپتۇ جېنىم بالام، ئوقۇيمەن دېسەڭ ئوقۇغىن، ئائىلىمىز ھەرقانچە نامرات بولسىمۇ، بىر ئامال قىلارمىز» دېدى - دە، مېنى باغرىغا بېسىپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. رەھمەتلىك ئانام گۈسۈنخاننىڭ باغرى يۇمشاق، كۆيۈمچان ئايال بولۇپ، شۇ كۈنى كەچتىلا ماڭا ئاتاپ قىزىل رەڭلىك چەكمەن ماتادىن چىرايلىق بىر جىلىت تىكىپ تەييارلىدى، ئاندىن ئەتىسى ئەتىگەندە مېنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ، رەھمىتۇللا مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بەردى. مېنىڭ بېرىشىم بىلەن تەڭلا يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى كەنت - مەھەللىلىرىدىن كېلىپ ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ ئەسلىدىكى 30 دىن 60 — 70 كە يەتتى. كېيىنكى يىلدىن باشلاپ مەكتەپكە ئەسلىدىكى نوقۇل ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىلا قوبۇل قىلىشتىن قىز ئوقۇغۇچىلارنى ئارىلاش قوبۇل قىلىشقا تەرەققىي قىلدى. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز كونا ئوقۇغۇچىلارنى بىر سىنىپ، بىزدەك يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى بىر سىنىپ قىلىپ تەشكىللىدى. بىزگە ئانا تىل، ھېساب، دىن دەرسى، تەنتەربىيە، ناخشا ۋە ئەخلاق دەرسلىرى ئۆتۈلىدىغان بولۇپ، دەرسلىك كىتاب يوق ئىدى. دەپتەر - قەلەم قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرى كەمچىل، شارائىتىمىز ناچار بولسىمۇ، ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمىز ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەيتتۇق. قومۇشتىن قەلەم، كىرسىن چىراغنىڭ ئىسىدىن ھاسىل بولغان

كۆيدىن سىياھ ياساپ خەت يازاتتۇق. چىراغ يېغى سېتىۋالغۇدەك پۇل بولمىغاچقا، كەچقۇرۇنلۇقى ئوتنىڭ يورۇقى ۋە ئايدىڭلاردا كىتاپ ئوقۇيتتۇق ياكى تاپشۇرۇق ئىشلەيتتۇق. دەرستىن سىرت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈرلۈك كونسېرت ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ ھەرقايسى كەنت-مەھەللىلەرگە ئاپىرىپ خەلققە ئويناپ بېرەتتۇق. گېزىت ئوقۇپ بېرىش، مۇشتىرى توپلاش ۋە كەچ كۇرس ئېچىپ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باراتتۇق. مېنىڭ شۇ چاغدىكى ئوقۇش خىراجىتىمنى ئانام رەھمەتلىك باشقا كىرىمىمىز بولمىغاچقا، ئۆيىمىزدىكى ئىككى مېكىياننىڭ تۇخۇمىنى يېمەي يىغىپ سېتىش ۋە چۈجە باستۇرۇپ سېتىش يولى ئارقىلىق ھەل قىلاتتى. ھۆكۈمەت ۋە مەكتەپ بىزدەك يوقسۇل، يېتىم-يېسىرلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن يار-يۆلەك بولمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، چىشىمنى چىشلەپ بىر تەرەپتىن ناھايىتى تىرىشىپ ئوقۇسام، يەنە بىر تەرەپتىن كەچلىك ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىدا دەرس ئۆتۈپ، 1943- يىلى يازدا مەكتەپنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈردۈم. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا، يەنى شۇ يىلى 5- ئايلاردا سەمەن شۆبە ئۇيۇشما رەھبەرلىرى مۇش يېزىسىدىن دائىم مامۇت ئىسىملىك بىر بالا بىلەن ئىككىمىزنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قەشقەر شەھىرىدىكى يۇمۇلاق شەھەر كۆلبېشىغا جايلاشقان مىللەتلەر باغچىسى (ئازادلىقتىن كېيىن دوستلۇق كىنوخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) دا ئاچقان مۇزىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋەتتى. كۇرسقا ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 30 دىن ئارتۇق ياش ئوغۇل ئوقۇغۇچى قاتناشقان بولۇپ، ئاتۇش ناھىيىسىدىن كەلگەن بىرقانچە بالا ئىچىدە كېيىنكى يىللاردا



ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاتاقلىق ئاۋاز ئارتىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان سەتتەتكار رەجەپ تاجىمۇ بار ئىدى. بىز شۇ يىلى 9- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىن مېنى ئايلىقىمغا 17 يۈەندىن ئىش ھەققى بەلگىلەپ (شۇ چاغدىكى 17 يۈەن پۇلغا تەخمىنەن 100 جىڭ قوناق سېتىۋالغىلى بولاتتى) سەمەن شۆبە ئۇيۇشمىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ چىقاردى. ئۇلار مېنى ئائىلىسىگە يېقىنراق دەپ سەمەن كاندىرا مەكتەپنىڭ ئارقا سەپ — تەمىنات خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتتى. مەن بۇ مەكتەپكە كەلسەم 15 تەك ئوقۇتقۇچى (ھەممىسى ئەر) 200 چە ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئابلىكىم جورەباي ئىسىملىك بىر ياش ئۆزبېك ئادەم مەكتەپ مۇدىرى ئىكەن. مەن بۇ مەكتەپكە خىزمەتكە چۈشكەن كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ئىلگىرى مەكتەپ ۋاقىتلىق ياللاپ ئىشلىتىۋاتقان بىر ئارقا سەپ خىزمەتچىسى ئىش ھەققىنى تۆۋەن كۆرۈپ، ئىشقا كەلمەي يېتىۋالغاچقا، ئۇنىڭ ئوتۇن يارىدىغان، سۇ توشۇيدىغان، قايناقسۇ قاينىتىدىغان، تاماق ئېتىدىغان، مەكتەپكە كەلمىگەن بالىلارنى چاقىرىپ كېلىدىغان ۋە مەكتەپنى ساقلايدىغانغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى. گەرچە بۇ ئىشلارنىڭ تولىسى مېنىڭ خىزمەت دائىرەمگە كىرمىسىمۇ، لېكىن كىچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلەپ مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى رازى قىلىشقا تىرىشتىم. ئەمما، مەكتەپ رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغىچە باي-پومېشچىك ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بولغاچقا، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى رازى قىلالمىدىم. ئاددىيسى، ئۆزۈم مىڭبىر جاپادا ئەتكەن تاماقتىن ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز بىرەر قاچا ئېلىپ يەپ

سالغۇدەك بولسام، ئۇلارنىڭ قاپاقلىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ، سىبىسق گەپ قىلاتتى. شۇڭا كۆپ ھالللاردا تاماق يەتمەي قورۇق قازان يالاپ قالاتتىم ياكى ئاشنىڭ سۈيىگە نان چىلاپ يەيتتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەن بىلەن بىر مەھەللىلىك ئابدۇرېھىم دېگەن ئادەم ئىنتايىن ئىچى يامان، قىتىغۇر بولۇپ، مېنى ئالدى بىلەن شۇ كۆزگە ئىلماي زەردە گۆش قىلاتتى. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ زۇلۇلمىغا چىدىماي 1944- يىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرىدا مەكتەپتىكى خىزمىتىمنى تاشلاپ ئۆيگە قايتىپ كەتتىم.

ئارىدىن بىرەر ئائاي ئۆتكەندە ئانامنىڭ كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزىسىدىكى ئىنىسى موللاروزاخۇن بىزنى يوقلاپ كەلدى (ئانام ئاۋات جىگدە مەھەللىسىدىن بولغاچقا، ئۇ يەردە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز كۆپ ئىدى) ۋە مېنى ئاۋاتقا ئېلىپ كېتىپ باپكارلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويىدىغان بولدى. مەن تاغام بىلەن ئاۋاتقا بېرىپ باپكارلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ بولۇپ، 1945- يىلى ئەتىيازدا خام توقۇپ سېتىپ ياشانغان ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالارمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ تۇرسام، گومىنداڭ ھەربىيلىرى كىيىدىغان كىيىمگە ئىشلىتىدىغان ماتا توقۇش ئالۋىڭىغا تۇتۇلۇپ، گومىنداڭنىڭ قەشقەر شەھەر دۆڭباغ دېگەن يەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ساياھەت كۆلىنىڭ بويىغا ئورنىتىلغان يوغان چاقپەلەك تۇرغان ئېگىز دۆڭلۈك) دىكى ماتاچىلىق كارخانىسىغا كىرىپ، يۇرتتىن بىرگە كىرگەن 10 نەچچە باپكار بىلەن 20 نەچچە كۈن بىكارغا ئىشلىدىم. ئالۋاڭنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ھېلىقى مەكتەپتىكى كىشىلەردىن كۆڭلۈم ئازار يەپ، خىزمەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاننى ئاز دەپ،



قولىمىزدا پۇل بولمىغاچقا، ئانام مېنىڭ ئۆيلىنەلمەي بويتاق يۈرۈۋاتقىنىمغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاۋەرگەچكە، كۆڭلۈم يېرىم بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ 1946- يىلى 12- ئايدا تۇنجى قېتىم ئاچام مەرەمخاننىڭ يولدىشى ئەمىتاخۇنكامغا تۇغقان كېلىدىغان ئايىمنىساخان ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلدىم، لېكىن تۆت - بەش ئايدەك بىرگە ئۆتۈپ كېلىشەلمەي ئاجرىشىپ كەتتۇق. 1947- يىلى 5- ئايغا كەلگەن يەنە ھەمراخان ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ ئەمدىلا بىر باللىق بولۇپ تۇرۇۋىدۇق، 1948- يىلى 5- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئانام كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. 1949- يىلى 2- ئايغا كەلگەندە ئايالىم ھەمراخانمۇ ئىچى سۈرۈش كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ئالتە ئايلىق يېتىم قالغان قىزىم بۇۋىھەجەرخاننى ئاچام بېقىۋالغانىدى، 1952- يىلى 2- ئايدا ئۇمۇ كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپ، ئىچىم دەردكە تولۇپ كەتتى. گەرچە 1950- يىلى 5- ئايغا كەلگەندە ھازىرقى باللىرىمنىڭ ئانىسى سارىخان (مەرھۇم 2004- يىلى 3- ئاينىڭ 7- كۈنى 71 يېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى) بىلەن توي قىلىپ ئىناق ئائىلە قۇرغان بولساقمۇ، لېكىن ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك تۈپەيلىدىن خىزمەتتە پەشۋا يېيىش، ئىككى قېتىملىق نىكاھ ئىشىمدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ياش قەلبىمگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، مەڭگۈ ساقايماس جاراھەتلەرنى پەيدا قىلغاچقا، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئېرەڭسىز قاراپ، روھىم چۈشكۈن ۋە جىمغۇر بولۇپ كەتتىم. شۇنداق بولغاچقا تاكى 1951- يىلى 4- ئايغىچە ھېچقانداق خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماي قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىۋېلىپ خام توقۇش بىلەن بولدۇم.

# ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئۇچقىدا تاۋلىنىش

1949- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، 1950- يىلى 1- ئايدا يۇرتىمىزدىكى كونا بوجاڭلىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. ئەمما، مەن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق چۈشەنمىگەچكە، كادىرلار يىغىن ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە چاقىرسىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردىم. 1951- يىلى 4- ئايدا كەنتىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى پېشقەدەم باشلىقى ئەيسا مۇسا دېگەن ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە ئۆزى بىرقانچە قېتىم كېلىپ ماڭا ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئىشلىرىغا قاتنىشىشىم لازىملىقى توغرىسىدا قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە ئويغىنىپ، باپكارچىلىقنى تاشلاپ ئىنقىلاب يولىغا قەدەم باستىم ۋە يېزا بويىچە كەمبەغەل دېھقان ياشلار ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، سەمەن رايونىدا ئېچىلغان 1- نۆۋەتلىك ياشلار قۇرۇلتىيىغا قاتناشتىم. قۇرۇلتاي بەش كۈن ئېچىلغان بولۇپ، قۇرۇلتايدا بىزدەك ئېزىلگەن ياشلارنى تېزدىن ئويغىتىپ، پومېشچىك - زومىگەرلەرنىڭ قىلمىشىنى پاش قىلىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىمىزنى ئازاد قىلىش ۋە خەلقنى تەربىيىلەش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتاي ئاخىرلىشىپ 5- ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، يېزا رەھبەرلىرى مەن بىلەن يەنە بەكرى سەمەت دېگەن ئادەمنى قەشقەر شەھەر نوبېشى باشلانغۇچ مەكتەپ (ھازىرقى شەھەرلىك 5- باشلانغۇچ مەكتەپ) تە كونىشەھەر ناھىيىسى مەسئۇل بولۇپ ئاچقان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش تايانچ كادىرلىرىنى تەربىيىلەش



كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. كۇرس جەريانىدا بىز «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش قوللانمىسى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى پىششىق ئۆگىنىپ، 9- ئاينىڭ 20- كۈنلىرى كۇرسنى تاماملاپ دەسلەپ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش سىناق نۇقتىسى بولغان شامالباغ يېزىسىغا چىقىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئاكتىپ ياشلار قاتارىدا ئىشلىدىم. كېيىنچە سەمەن رايونىنىڭ خالۋاپ كەنتى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ سۇلۇغ يېزىسىدا ئىشلەپ، 1952- يىلى 2- ئايغىچە پۈتۈن سەمەن رايونىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتىنى قەدەم باسقۇچلار بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، يۇرتىمىزدا يېزىلىق دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندىم. سەمەن رايونىدىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا تۈرلۈك تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ئامىمىنىڭ ئاكتىپلىقى تولۇق قوزغىتىلغاچقا، توختى پولو، ئابلا ھاجى ۋە مەشۇق ھاجى قاتارلىق پومېشچىك - زومىگەرلەردىن ھېساب ئېلىنىپ كۈرەش قىلىنغاندىن كېيىن باستۇرۇلدى. نامۇۋاپىق ئىجارە ھەققى بىكار قىلىنىپ، سىنىپىي تەركىب ئايرىلىپ، دوست - دۈشمەن ئېنىقلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ كومپارتىيىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە كۈرەش ئىرادىسى كۈچىيىپ، ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىزمۇ خېلى مول تەجرىبە - ساۋاققا ئىگە بولۇپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە پۇختا ئاساس سالدۇق.

1952- يىلى 2- ئايدا كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئاۋات رايونىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، سۆڭگۈلاچ كەنتىدە يەنە ئالتە نەپەر كادىر بىلەن

نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىدىم. ئاۋات رايونىغا چۈشكەن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش كادىرلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى سەمەن رايونىدىكى ئۈچ باسقۇچلۇق خىزمەتنى باشتىن كەچۈرۈپ مەلۇم تەجرىبىگە ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئىشنىڭ بېشىدىلا ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەشۋىقىي - تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغىۋىدۇق، ئىشلىرىمىز خېلى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ، تەخمىنەن 50 كۈن ئەتراپىدىلا پۈتۈن خىزمەتنى غەلىبىلىك تاماملاپ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدۇق.

1952- يىلى 3- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاۋات رايونىدىكى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، يېزىمىزغا قايتىپ كېلىپ يېزا خىزمىتى بىلەن بولدۇم. شۇ يىلى 7- ئاينىڭ 25- كۈنلىرى ئەتراپىدا تەشكىل مېنى قەشقەر شەھەر نەزەرباغدىكى ئەمەت بارۇق دېگەن كىشىنىڭ بېغىدا ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. كۇرسقا 200 گە يېقىن ئادەم قاتناشقان بولۇپ، دەرسنى قەشقەردىكى ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق خەنزۇ رەھبەرلەر ئەڭ دەسلەپكى يەر ئىسلاھاتى سىناق نۇقتىسى بولغان پاختەكلە يېزىسى قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن مىسال ئېلىپ سۆزلىدى. تەرجىمانلار تەرجىمە قىلىپ بەردى. مەن كۇرس جەريانىدا «يەر ئىسلاھاتى قانۇنى» ۋە باشقا قانۇن - نىزاملارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىدىيەدە تېز ئالغا باسقانلىقىم ھەمدە ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدىكى خىزمەت ئىپادەم ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، 8- ئاينىڭ 20- كۈنى رايون باشلىقى ئىمىن تۆمۈر (كېيىن كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ



ھاكىمى بولغان بولۇپ، 1990- يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان) ۋە رايونلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى جىڭفانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردىم.

بىز شۇ يىلى ئۆكتەبىر بايرىمى ھارپىسىدا كۇرسنى تاماملاپ بىرنەچچە كۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن كونىشەھەر ناھىيىسى بويىچە تۇنجى بولۇپ سەمەن رايونىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئاتلاندۇق. بۇ جەرياندا مەن يېزىمىزغا چۈشكەن يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ ئىشلىدىم، بىز ئالدى بىلەن ئاممىغا «يەر ئىسلاھاتى قانۇنى» نى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ۋاقتىدا ئايرىلغان سىنىپىي تەركىبىنى بىر قېتىم قايتا تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىپ، پومېشچىك — زومىگەرلەردىن مۇسادىرە قىلىنغان يەر، ئاشلىق، ئۆي - مۈلۈك ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارنى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىۋىدۇق، خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كېلىپ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. سەمەن رايون خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى بۇ يەردە ئوڭۇشلۇق سىناق قىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتى ھەتتا پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە كېڭەيتىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان سەيپىدىن ئەزىزى دەل مۇشۇ بىزنىڭ سەمەن رايونىغا قاراشلىق پاختەكلە يېزىسىنى نۇقتا قىلىپ تۇتقان بولۇپ، بۇ يېزىدىكى

تۇردى قاسىم باشلىق قەت كۆتۈرگەن كەمبەغەل دېھقانلار رەئىس ماۋ زېدۇڭغا خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا رەئىس ماۋ زېدۇڭمۇ ئۇلارغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارنى يەنىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىلھاملاندۇردى. بۇ خەتنىڭ تولۇق تېكىستى سەمەن رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ ئالدى دەرۋازىسى يېنىدىكى كۆل بويىغا ئالاھىدە ياسالغان سېمونت دوسكىغا ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا چىرايلىق يېزىلىپ تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا بۇ يەردىكى قۇرۇلۇشلار چېقىلىپ كەتكەنگە قەدەر تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇردى. مەنمۇ ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ خېتىنى ماقالەمگە تولۇق تېكىستى بىلەن قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

## شىنجاڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە سەمەن رايونىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقانلارغا:
## (1952- يىلى 8- ئاينىڭ 30- كۈنى)

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە سەمەن رايونىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقان يولداشلار:

بۇ يىل 3- ئايدا يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا خەت يازغانلىقىڭلارغا رەھمەت. سىلەر ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولۇپسىلەر، سىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مول



ھوسۇل ئېلىش شوئارى ئاستىدا تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلىشىڭلارنى ھەم شۇ ئاساستا مەدەنىيەت سەۋىيەڭلارنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ماۋزېدۇڭ

1952- يىلى 8- ئاينىڭ 30- كۈنى

(مەركىزىي كومىتېت ئارخىپخانىسىدا ساقلانغان ئەسلى نۇسخىسى بويىچە ئېلىندى. ئۇيغۇرچە «ماۋزېدۇڭ خەت - چەكلىرىدىن تاللانما» مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987- يىلى 10- ئاي، 1- نەشرى)

1952- يىلى 12- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سەمەن رايونىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى باسقۇچتا توققۇزاق رايونىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، بۇ خىزمەتنى 1953- يىلى 3- ئاينىڭ باشلىرىدا ئاخىرلاشتۇردۇق. بۇ يەردىمۇ ئىشلار خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. بۇ جەرياندا مەن ئاساسلىقى ئىجارە كېمەيتىش جەريانىدا باستۇرۇلغان پومېشچىك، زومىگەرلەرنىڭ دېلولىرىغا قايتا قاراپ چىقىش، توردىن چۈشۈپ قالغان گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى بىلەن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بار - يوقلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، نوپۇس ئېنىقلاش ھەمدە تەركىب ئايرىش جەريانىدا تۇرغۇزۇلغان ئارخىپ - ماتېرىياللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم. 3- ئاينىڭ باشلىرىدا، يەنى ئۈچىنچى باسقۇچتا ئاۋات رايونىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە چۈشۈپ، يېڭى ئۆستەڭ يېزىسىنىڭ چېچەكلىك كەنتىدە نۇقتىدا تۇرۇپ

ئىشلىدىم. بۇ رايوندا يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە يازلىق ئورام خىزمىتى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلغاچقا، 7- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاندىن ئاخىرلاشتى. ۋاقىت سەل ئۇزىراپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولغانىدى. بىز بۇ يەردىكى خىزمەتنى تۈگىتىپلا يەنە دەرھال ئوپال رايونىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە يۆرۈپ كەتتۇق. ئوپالغا بارغاندىن كېيىن، مەن دوغىلات كەنتىدە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىدىم. بىز شۇ يىلقى دۆلەت بايرىمىنىمۇ ئوپالغا ئۆتكۈزۈپ، 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ناھىيە رەھبەرلىرى بىز 200 نەپەر يەر ئىسلاھاتى كادىرىنى يىغىپ 10 كۈنلۈك كۇرس ئاچتى. كۇرستا كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ياقۇپ ھاجى (كېيىنكى يىللاردا قەشقەر ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالىي بولغان) قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «سايلام قانۇنى» دىن دەرس ئۆتەتتى. كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەممىمىز يەنە توققۇزاق رايونىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئومۇمىي سايلام خىزمىتىگە ئاتلاندۇق. مەن بۇ رايونغا قاراشلىق چارەكلە يېزىسىغا چۈشكەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى تەركىبىدە 12- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي سايلام، تۇنجى قېتىملىق دۆلەتكە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاشلىقى سېتىۋېلىش ۋە دېھقانلارغا يەر كىنىشكىسى تارقىتىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلىدىم. بۇ يەردىكى خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، رەھبەرلىكنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 1953- يىلى 3- ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە ئۆز يېزىمىز بىلەن مۇش يېزىسىنىڭ ئومۇمىي سايلام، دۆلەتكە ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە يەر كىنىشكىسى



تارقىتىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتىم.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىكى بىر قاتار ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئاخىرلىشىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىدىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، 1954- يىلى 4- ئايدا تەشكىل مېنى سەمەن رايونىدىن يېڭىلا بۆلۈنۈپ چىققان لەڭگەر رايونىنىڭ خەلق ئىشلار كادىرى قىلىپ يۆتكىدى. شۇ يىلى 9- ئايغا كەلگەندە ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئاچقان سىياسىي - نەزەرىيە كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇدۇم، 1955- يىلى 1- ئايدا كۇرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەنە لەڭگەر رايونىغا قايتىپ چىقىپ 6- ئايغىچە يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. 1955- يىلى 7- ئايدىن 1956- يىلى 3- ئايغىچە لەڭگەر رايونىدىن تەشكىللەنگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىرگە مۇش يېزىسىغا بېرىپ، كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدىم. مەن بۇ يەردە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى كونكرېت تۇتۇپ ئىشلىدىم. ئىشلىرىمىز دەسلەپتە خېلى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن قىسمەن كادىرلارنىڭ تەجرىبىسىزلىكى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ئاددىي ھەم قوپاللىقى تۈپەيلىدىن خېلىلا ئېغىر مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، شۇ قېتىمقى خىزمەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا مۇش يېزىسى بويىچە پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ئالىي كوپېراتسىيە قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلغان كۈنى يېزا تەۋەسىدىكى دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىپ، يىغىن مەيدانىنىڭ بىر چېتىگە باغلاپ قويغان ئات - كالىلىرىدىن بىر

نەچچىسى بوشۇنۇپ كېتىپ، ئۆزئارا ئۇسۇشۇپ يىغىنىنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. يىغىن باشقۇرۇۋاتقان لەڭگەر رايونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان مەھەممەت يىغىن ئەھلىگە قاراپ: «ھەي خەق، بۇ نەرسىلىرىڭنى خوتۇنۇڭنىڭ ئىشتان بېغىدا بولسىمۇ چىڭراق باغلاپ كېلىشسەڭ بولمامدۇ - ھە!» دەپ سەت ۋارقىرىغانىدى، تۆۋەندە غۇلغۇلا بولۇپ، نارازىلىق كەيپىياتى پەيدا بولدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رايوندىن كەلگەن رەھبەرلەر قايتىپ كەتتى. قېپقالغان مەن ۋە ساۋۇت سامساق قاتارلىق تۆت كادىر بۇ يېزىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىزدىن خۇلاسە دوكلاتى تەييارلاش ئۈچۈن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، سائەت سەككىز ئەتراپىدا ياتاققا كېتىۋاتساق، 70 ياشلار چامىسىدىكى بىر كەمبەغەل دېھقان بوۋاي قاراڭغۇدا بىزنىڭ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، مۇش يېزىسىدىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشكە كۆڭلىدە نارازى بولۇپ پەيت كۈتۈپ كېلىۋاتقان ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلاردىن ئوسمان ۋە ئىمام قاتارلىق بىر ئوچۇم يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئىشنى باھانە قىلىپ ئاممىنى قۇترۇتۇپ، ئالدى بىلەن بىز خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن يېزىنىڭ رەھبەرلىرىنى بۈگۈن كېچە ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئاندىن كوپېراتسىيىنىڭ ئاتلىرىنى بۇلاپ، بىر ئەكسىلئىنقىلابىي قوشۇن تەشكىللەپ، شۇ كېچىسى كونىشەھەر ناھىيىلىك تۈرمىگە تېگىپ، تۈرمە ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ قوراللىنىپ، تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەردىن كۈچ تەشكىللەپ، ئاندىن ئاتۇش تۈرمىسىگە، قەشقەر تۈرمىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق چوڭ بىر ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغىماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلدى.



بىز بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جىددىي يىغىن ئېچىپ ئۆزئارا كېڭەشكەندىن كېيىن، دەرھال مۇش يېزىسىنىڭ باشلىقى ئوسمان ئابدۇللا بىلەن يەنە بىر كادىرنى ئات بىلەن كېچىلەپ لەڭگەر رايون رەھبەرلىرىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلىشقا ئەۋەتتۇق (لەڭگەر رايون ئورگىنى بىلەن مۇش يېزىسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 20 كىلومېتىرچە كېلىدىغان بولۇپ، باشقا قاتناش قورالى ۋە تېلېفون دېگەندەك ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىسى يوق ئىدى) قالغان تۆت نەپەر كادىر يېزا ئىشخانىسىدا ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىپ كىرىپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە رايون رەھبەرلىرىنىڭ: «سىلەر قايتىپ بېرىپ تۆۋەندىن چاندۇرماي ئەھۋال ئىگىلىگەچ تۇرۇڭلار، بىز ناھىيىگە خەۋەر قىلىپ يوليورۇق سورىغاندىن كېيىن يېتىپ بارىمىز» دېگەن خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئەمما، شۇ كېچىسى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەي جىمجىت تاڭ ئاتقان بولسىمۇ، ئەھۋال خەتەرلىك بولۇپ، ئەتىسى چۈش قايرىلغۇچە يا ناھىيىدىن يا رايوندىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن، مەن يەنە بىر كادىرنى ئەگەشتۈرۈپ رايونغا ئاتلىق ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىۋېدىم، رايون باشلىقلىرى ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، ئېچىۋاتقان يىغىنىنى شۇ يەردە توختاتتى - دە، رايون رەھبەرلىرى ۋە باشقا كادىرلار بولۇپ 7 - 8 ئادەم ئىككى دانە مىلتىقنى ئېلىپ بىز بىلەن بىرگە ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ مۇش يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى.

مۇش يېزىسىغا گۇگۇم چۈشكەندە يېتىپ بېرىپ قارىساق، رايون رەھبەرلىرى ئالدىنقى كۈنى كەچتە خەۋەر بېرىۋەتكەچكە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ھەم كادىر - ساقچىلار بولۇپ يەتتە - سەككىز ئادەم

قاپكا تەرەپتىكى ئارا يول بىلەن بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، گومانلىق دەپ قارىغان 30 دەك ئادەمنى يېزا قورۇسىغا يىغىۋېلىپ، ئايرىم - ئايرىم سوھبەتلەشكىلى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارغا ماسلىشىپ ھېلىقى گۇمانلىق كىشىلەرنى ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۈزۈلدۈرمەي سوراق قىلىش ۋە ئاممىدىن ئەتراپلىق ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق ئاخىرىدا ھەقىقەتەن پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. نەتىجىدە باش جىنايەتچى ئوسمان بىلەن ئىماملارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇددەتلىك سەككىز يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىلدى، قالغانلار تەنقىدىي تەربىيە بېرىلىپ قويۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بېرىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ئەمدىلا ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىشى ۋە كادىر، ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇق.

1956- يىلى 3- ئايدا مۇش يېزىسىدىكى خىزمەتلەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رايون رەھبەرلىكى ئەسلىدىكى خەلق ئىشلار خىزمىتى ۋەزىپەمنى تەشكىلات خىزمىتىگە ئالماشتۇرۇپ، لەڭگەر رايونىنىڭ سۇلۇغ 3- يېزىسىغا نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتتى. بۇ يەردە ئاساسلىقى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە يازلىق يىغىم ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ تاكى 7- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تۇرۇپ قالدىم.

1956- يىلى 7- ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مېنى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە يۆتكىدى. بۇ ئورۇنغا كەلسەم، مەھكىمە باشلىقى ئابلا ئىسلام (كېيىن سوۋېت



ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن) قاتارلىق تۆتلا ئادەم بار بولۇپ، يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن مەن قاتارلىق ئالتە نەپەر كادىر ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. بۇ جەرياندا بىز يېڭىلار پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بىر تەرەپتىن خەلق تەپتىش خىزمىتىنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىگە دائىر نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنسەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگەنگەن نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىدۇق. شۇ يىلى 10- ئايغا كەلگەندە، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى رەھبەرلىكى مېنى ۋىلايەتلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئاچقان بىر ئايلىق رازۋېدكىچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. كۇرس جەريانىدا بىز قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئون نەپەر تەپتىش خادىمى ۋىلايەتلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۆمەر ئىنايەت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مەسئۇللۇقىدا بىر تەرەپتىن نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگەنسەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلىي دېلو بېجىرىشنى ئۆگىنىپ، كۇرسانتلار ئۆزىمىز مۇستەقىل ھالدا يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ئىككى خىيانەتچىلىك دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلدۇق. 11- ئايدا كۇرسنى تاماملاپ ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە قايتىپ كەلگەندىن تارتىپ تاكى 1958- يىلى 4- ئايغىچە رازۋېدكا خىزمىتىنى ئىشلىدىم.

ئۇ چاغلاردا ناھىيىدە تېخى رېۋىزىيە ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى قۇرۇلمىغان بولغاچقا، بۇ دائىرىدىكى خىزمەتلەرمۇ خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رازۋېدكا دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئاساسلىقى ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش قاتارلىق

خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق تۇتۇپ ئىشلىدىم. بىز خېلى كۆپ ناھەق دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتۇق. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتا توققۇزاق رايونىغا قاراشلىق سوغۇلۇق يېزىسىدىكى ئازادلىقتىن ئىلگىرى يۇرتقا يۇز بېشى بولغان بىر ھاللىق ئوتتۇرا دېھقاننىڭ دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىپ ياسىغان بىر گۈرۈچ ئاقلايدىغان سوقىسىنى كەنتتىن شۇ چاغدىكى سىياسەتكە خىلاپ ھالدا باشقۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەرزنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ يەرگە بېرىپ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، سوقىنى سىياسەت بويىچە كەنتنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىپ ئىگىسىگە ئېلىپ بەردۇق.

1958- يىلى 4- ئايغا كەلگەندە، ناھىيە رەھبەرلىكى مېنى يەنە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن سەمەن رايونىنىڭ خەلق ئىشلار خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ يۆتكىدى. شۇ يىلى 9- ئاينىڭ 24- كۈنى داغدۇغىلىق چوڭ يىغىن ئېچىلىپ سەمەن رايونىنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسىدىن قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكى جاكارلاندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە سەمەن رايونى ئەمەلدىن قېلىپ، سەمەن خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ يەر، سۇ ۋە ئات - كالا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كوللېكتىپنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، جامائەت ئاشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. لېكىن، 1959- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە يەنە ئەسلىدە دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك قىسمەن ئۆي - مۈلۈك، قالدۇرۇق يەر، چارۋا مال، باغ - ۋاران ۋە دەل - دەرەخلىرى قايتۇرۇپ بېرىلىپ، جامائەت ئاشخانىلىرى



پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، مەن 1959- يىلى 10- ئايدىن 1961- يىلى 7- ئايغىچە بۇ گۇڭشېنىڭ تەشكىلات — كادىرلار خىزمىتى، گۇڭشې ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە گۇڭشې ئورگان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم. بۇ دەل ئەينى ۋاقىتتىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى تازا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن چاغ بولۇپ، گۇڭشې تەۋەسىدىكى پۈتۈن ياش ئەر - ئايال ئەمگەك كۈچلىرى پولات تاۋلاش ئۈچۈن ئۇلۇغچات ۋە قىزىلبويى تاغلىرىغا رودا قېزىشقا كەتكەن، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ياشانغانلار ۋە بالىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولغاچقا، بىز كۈندۈزى تۆۋەنگە چۈشۈپ دېھقانلارنىڭ يىغىم - تېرىم ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلساق، كەچتە گۇڭشې ئورگىنىغا قايتىپ كېلىپ، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، گۇڭشې ئورگىنىنىڭ سىناق ئېتىزلىرىنى كەتمەن بىلەن 60 - 70 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش، ئوغۇت توپلاش، رەتلەپ تېرىش ۋە رودا ئېرىتىدىغان ئوچاق سېلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق بۇنى پۈتۈن گۇڭشې بويىچە كېڭەيتىشنىڭ ئاساسىنى ياراتتۇق. گەرچە بۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىش ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن بىلىپ تۇرساقمۇ، لېكىن، ئۇنى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ۋۇجۇدىمىزدىكى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنىڭ تۈرتكىسىدە بىجانىدىل ئىشلەپ، ھەرگىز ۋايىسىمىدۇق.

شۇنداق قىلىپ 1961- يىلى 7- ئايدا سەمەن خەلق گۇڭشېسىدا سىياسىي - قانۇن بۆلۈمى قۇرۇلغاندا، رەھبەرلىك مېنى بۇ بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى قىلىپ بېكىتتى. مەن شۇ كۈندىن

ئېتىبارەن قول ئاستىمدىكى زىياۋۇدۇن بوتاجى قاتارلىق تۆت ئادەم بىلەن قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەركىبىگە ئۆتۈپ، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن سەمەن خەلق گۈزەلشىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردۇق. ئەينى ۋاقىتتىكى سەمەن خەلق گۈزەلشىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى كەڭ (كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە بىر سەمەن خەلق گۈزەلشىسى سەمەن، شامالباغ، خانىدى ۋە پاختەكلەدىن ئىبارەت تۆت يېزىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھازىرمۇ شۇ پېتىچە باشقۇرۇلۇۋاتىدۇ)، نوپۇسى كۆپ (ئەينى چاغدا تەخمىنەن 50 مىڭغا يېقىن نوپۇسى بار ئىدى)، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر شەھىرىگە يېقىن بولغاچقا، سىنىپىي كۈرەش كەسكىن، جەمئىيەت ئەھۋالى مۇرەككەپ ۋە تۈرلۈك دېلولارنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى باشقا جايلارغا قارىغاندا يۇقىرىراق ئىدى. ئەمما، بىزدە ئەقەللىسى شۇ چاغنىڭ شارائىتى بويىچە بىرەر ئات - ئۇلاغ، ھارۋا ياكى ۋېلىسىپىت دېگەندەك قاتناش ۋاسىتىلىرى، بىرەر تال تاپانچا ياكى مىلتىق دېگەندەك قورال - ياراغ ۋە ھېچقانداق ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىسىمۇ، قىلچە زارلانماي گۈزەلشى تەۋەسىدە كېچە - كۈندۈز پىيادە چېپىپ يۈرۈپ، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلق دۈشمەنلىرى ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ۋەتەن - خەلقنى خاتىرجەم قىلغانىدۇق. مەسىلەن، بىز 1961- يىلى 9- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى سەمەن گۈزەلشىسىغا قاراشلىق پاختەكلە يېزا 2- كەنتىنىڭ باشلىقى ئوسماننىڭ يەنە ئىككى نەپەر مالچى بىلەن كوللېكتىپنىڭ قويلىرىنى قىزىلسۇ ئوبلاستى تەۋەسىدىكى يايلاقتىن قايتۇرۇپ كېلىۋېتىپ قاراڭغىلىك بىلەن مىڭيول ئارىلىقىدىكى سايلىققا كەلگەندە، بىر قوراللىق بۇلاڭچى



تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى دېلو ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلىپ، قەشقەر شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ھوشۇر يۇنۇس (ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدىن 80- يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا)، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى سىياسىي قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى روزى قاسىم (كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ۋىلايەتلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا) ۋە باشقا كادىر - ساقچىلار بولۇپ جەمئىي 10 دەك ئادەم قەشقەر شەھىرىدىن تەخمىنەن 60 - 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دېلو يۈز بەرگەن نەقمەيدانغا دەرھال يېتىپ بېرىپ، يەرلىك قىرغىز چارۋىچىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن قاتىل جىنايەتچىنى غانجۇغاندىكى بىر تاغ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئۇ خانىدى يېزىسىدا تۇرۇشلۇق مەلۇم ھەربىي قىسىمدىن ئوغرىلاپ چىققان بىر دانە تاپانچا بىلەن خېلى كۆپ مىقداردىكى ئوقنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ مىلتىق بىلەن ئېتىپ تاشلاندى. ھازىر ئويلاپ باقسام، شۇ چاغلاردا بىز بەش نەپەر ج خ خادىمى ھازىرقى بىرنەچچە ساقچىخانا (ئەمەلىيەتتىمۇ ھازىر يۇقىرىقى تۆت يېزىلىق ساقچىخانىلاردا 50 تىن ئارتۇق كادىر - ساقچى ئىشلەۋاتىدۇ) نىڭ، ھەتتا بىر شۆبە ج خ ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئوينىغان ئىكەنمىز.

1964- يىلى 11- ئايغا كەلگەندە، يۇقىرىدىن يەنە سەمەن خەلق گۇڭشېسىنىڭ قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى 10 كەنتىنى شامالباغ خەلق گۇڭشېسى دېگەن نام بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا قالدۇرۇپ قېلىپ، قالغان قىسمىنى سەمەن خەلق گۇڭشېسى دېگەن نام بىلەن كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى (ئەمما، ئەسلىدىكى سەمەن خەلق گۇڭشېسى ئورگىنىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئىشخانىلاردا سەمەن خەلق گۇڭشېسى، تاشقىرىسىدىكى ئىشخانىلاردا شامالباغ خەلق گۇڭشېسى تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىغىچە بىر دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىپ بىرگە ئىش بېجىرىپ تۇردى). شۇنىڭ بىلەن تەشكىل مېنىمۇ قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تۇرمە خىزمىتىگە يۆتكىدى. ئۇ چاغلاردىكى شەھەرلىك تۇرمىنىڭ ئورنى ھازىرقى قۇمدەرۋازا ساقچىخانىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئابلىز سەلەي دېگەن ئادەم تۇرمە باشلىقى ئىكەن. 1965- يىلى 2- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەر يولۇچىلار بېكىتىنىڭ ئارقىسىغا يېڭىدىن ياسالغان تۇرمىگە كۆچتۇق. ئۇ چاغدا تۇرمە بىلەن ج خ ئىدارىسىنىڭ تېرگاۋ (تەييارلىق سوراق) بۆلۈمى بىر بولۇپ، مەن ئاساسلىقى تېرگاۋ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم.

1966- يىلى 3- ئايدىن 12- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پەيزىۋات ۋە مارالبېشى ناھىيىلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشتىم. بۇ جەرياندا بىز ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىن تەشكىللەنگەن ھەر مىللەت كادىرلىرى يەرلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ياتاقتا، تاماقتا ۋە ئىش - ئەمگەكتە بىرگە بولۇپ، ئاممىغا سوتسىيالىستىك تەربىيە



ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. مەن دەسلەپ پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ بۇلغۇچى خەلق گۇڭشېسىنىڭ سارايتام كەنتىگە چۈشكەن 24 كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىچىدىكى ئالتە نەپەر كادىر بىلەن تۇخان ئىسىملىك 65 ياشلاردىكى بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇننى ئانا قىلىپ، ئۆيىدە يېتىپ - قوپتۇق. ئۇنىڭ بىلەن 10 ئاي خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىجىل، ئىناق بولۇپ كەتكەچكە، خىزمەت ئاخىرلىشىپ قايتار چېغىمىزدا يىغا - زارە قىلىشىپ ناھايىتى تەستە ئايرىلغاندۇق. 10- ئاينىڭ ئاخىرىدا پەيزىۋاتتىن قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە بىر ھەپتىدەك ئۆگىنىش قىلىپ، باشقا تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ، 11- ئاينىڭ 20- كۈنلىرى ئەتراپىدا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسىغا سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە باردۇق. ئەمما بۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئوخشاش قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەتۈر قۇيۇنى چىقىشقا باشلاپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كېرەك قىلمايدىغان ھۆكۈمەتسىزلىك خاھىشى ئەۋج ئېلىشقا باشلىغاچقا، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئۇ يەردە بىرەر ئايچە تۇرا - تۇرمايلا، يەنە قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كەلدۇق.

## ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە

بىز مارالبېشىدىن قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كەلگەندە،

مەكتەپلەردە ئوقۇش توختاپ، ج خ ئىدارىسىدىن باشقا ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ خىزمەتلىرى تازا ئاقمايۋاتقانىكەن. بىلىكىگە «قىزىل قوغدىغۇچى» دېگەن خەت يېزىلغان يەڭ بەلگىسى، مەيدىسىگە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مېتال ئىزناكلارنى تاقاپ، قوللىرىدا «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» ۋە كىچىك قىزىل بايراقچىلارنى كۆتۈرۈۋالغان ماشىرەڭ كىيىملىك ئىسيانچىلار (ئاساسلىقى ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەم ئوقۇغۇچى بالىلار ۋە جەمئىيەت ياشلىرى) كوچىلاردا: «ئىنقىلاب قىلىش گۇناھ ئەمەس، ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق!»، «تۆت كونىنى يوقىتايلى!» ۋە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلارنىڭ ئىت كاللىسىنى يانجىپ تاشلايلى!» دېگەندەك دەبدەبىلىك شوئارلارنى توۋلاپ، خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىنى قانۇنسىز ئاختۇرۇپ تېپىۋالغان «قۇرئان كەرىم»، كونا رومان كىتابلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىتاب - ماتېرىياللارنى مەھەللە - مەھەللىلەردە خۇددى خاماندەك بىر يەرگە دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈپ، بەزى مەھەللە مەسچىتلىرىنى چېقىپ تۈزلەپ، كەپتەرۋازلارنىڭ قىممەت باھالىق كەپتەرلىرىنىڭ بوينىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يۇلۇپ تاشلىغاننى ئاز دەپ ئۇنى ئۇلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ سازايى قىلدۇرۇپ، ئۇزۇن ساقال قويغان چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ ساقاللىرىنى مەجبۇري ئالدۇرۇۋېتىپ، قايسىبىر ئورۇننىڭ رەھبەرلىرىنى بېشىغا بىر مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيگۈزۈپ، بوينىغا «كاپىتالىزم يولىغان ماڭغان هوقۇقدار XXX» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختىنى ئېسىپ جاڭ چالدۇرۇپ كوچا ئايلاندۇرۇۋاتقان، يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرىدا ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كەتكۇدەك دەرىجىدە



ۋارقىراپ - جارقىراپ تىل ئۇرۇشى قىلىشىۋاتقان، تاملارنى ھەر خىل قالايمىقان شوئار، ھەجۋىي رەسىم ۋە چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن بولۇپ، شەھەر كوچىلىرىنى خۇددى بىر ئۇرۇشتا بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغاندەك پاسكىنىچىلىق ۋە ۋەھىمە قاپلاپ، بازارلار چاپ - چاپ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، بۇغداي ئۇنى بىلەن ئېتىلگەن شىلىمدا ئۈستى - ئۈستىلەپ چاپلىنىپ توقۇمدەك بولۇپ كەتكەن چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى يىرتىپ يەپ شەھەر كوچىلىرىدا خۇددى يايلاقتا ئوخشاش ئەركىن چېپىشىپ يۈرگەن توپ - توپ قويلارنىڭلا ھېچنېمىدىن غېمى يوق پەرۋاسىزدەك كۆرۈنەتتى. مەن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئەقلىمگە زادىلا ئىشەنمەي قالدىم ۋە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر، بىچارە خەلقىمىز يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەر دەپ چوڭقۇر ئويغا پاتتىم. شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى رەھبەرلىكى 1967- يىلى 1- ئايدا مېنى يەنە شامالباغ خەلق گۈڭشېسىنىڭ ئامانلىق قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى، بۇ چاغدا ئىسيانچىلار بۇ گۈڭشېغا قاراشلىق 12 كەنتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئاساسەن تارتىۋالغان بولغاچقا، گۈڭشې رەھبەرلىرى يېرىم پالەچ ھالەتتە خىزمەتلەرنى ناھايىتى تەستە ئىشلەۋاتقانىكەن. شۇڭا مەن ھەم شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ، ھەم شامالباغ خەلق گۈڭشېسىنىڭ ئۆگىنىشلىرىگە تەڭ قاتنىشىپ، گۈڭشېنىڭ ئامانلىق قوغداش خىزمىتىنى ئۆزۈم يالغۇز ھالدا بېرىلىپ ئىشلەۋەردىم. 7- ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىككى خىل كۆز قاراشتىكى ئىسيانچىلار (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر خىل كۆزقاراشتىكىلەر يۇقىرىدىكى قايسى بىر رەھبەرلەرنى قوغدايمىز دېسە، يەنە بىر

خىل كۆزقاراشتىكىلەر ئۇلارنى يوقىتىمىز، دەپ جار سالاتتى) قۇرغان ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئېلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، شەھەر - يېزىلاردا ئاساسىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، باشقۇرۇشنى تالىشىش كۈرىشى كۈچەيدى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلاردا تەرەپبازلىق قىلىپ بىر - بىرىنى قوغلاپ چىقىرىدىغان، كۆزقارىشى ئوخشاش بولمىغانلارنى چەتكە قېقىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ھەتتا بىر - بىرىنى تۇتقان يېرىدە قاماپ قويۇپ قىيناش ۋە ئۆلتۈرۈش، شەھەر - يېزا ئارىلىقىدىكى چوڭ - كىچىك يوللارنى تاي پاختا، قۇم قاچىلانغان تاغار ۋە ياغاچ توساقلار بىلەن توسىۋەتكەننى ئاز دەپ، ئادەم چۈشۈپ كەتسە چىقالمىغۇدەك نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا خەندەك ئويۇپ، يولنى قوراللىق ساقلاشقا ئوخشاش قانۇنغا خىلاپ ئېغىر ۋەقەلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شامالباغ گۇڭشې پارتكومىنىڭ خەلققە كۆيۈنۈپ، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، ئۇيغۇرچىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان پېشقەدەم شۇجىسى خۇڭ XX بىلەن گۇڭشېنىڭ باشلىقى تەۋەككۇل ھوسىيىنھاجى (بۇ ئادەم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا) قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھوقۇقىنى شۇ چاغدا قەشقەر شەھىرىنى بېشىغا كىيگەن ئۈچ چوڭ ئىسيانچىلار كاتتىۋېشىنىڭ بىرى بولغان ئابلا ×× (بۇ ئادەم ئەسلىدە شامالباغ گۇڭشې خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، 1968- يىلى ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار قۇرۇلغاندا قەشقەر شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى



بولغاندىن كېيىن بىر مەزگىل جاھاندا مەنچە ئادەم يوق دەپ ئىنتايىن كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قالغان. ئەمما، 1977- يىلى 8- ئايلارغا كەلگەندە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قەشقەر شەھىرىنى قالايمىقان قىلىپ، شۇ چاغدا قەشقەر شەھىرى بويىچە ئەڭ چىرايلىق قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدىغان قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك خىزمەت بىناسىنى ئىگىلىۋېلىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىسيانچىلار باشلىقى مافۇگۇي ۋە خولىجىنلار بىلەن بىر قاتاردا قولغا ئېلىنىپ، قانۇن بويىچە سەككىز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان) باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلار تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى خىزمەتتىن بىكار قىلىپ قويدى. ئەلەم كۈرىشى باشلىنىپ، شەھەر بىلەن شامالباغ گۇڭشې ئوتتۇرىسىدىكى يوللار توسۇلۇپ كەتكەچكە، مېنىڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن بولغان ئالاقەم پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى.

بۇ چاغدا گەرچە سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تېخى ئومۇميۈزلۈك پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن رەھبەرلەر ۋە بىر قىسىم كادىر - ساقچىلار تارتىپ چىقىرىپ قويۇلغان بولغاچقا، بەزى يامان نىيەتلىك ئادەملەر پەيت كەلدى دەپ ئويلاپ تازا قۇترىغان، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە خىزمەت ئىشلەش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ كەتكەنىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، مەن تۈرلۈك بېسىم ۋە توسالغۇلارغا قارىماي شامالباغ گۇڭشېسىدىكى خىزمەت ئورنۇمدا كېچە - كۈندۈز چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتنى چامامنىڭ يېتىشىچە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا مەن بىر تەرەپتىن ئامانلىق قوغداش خىزمىتىنى ئىشلىسەم، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسيانچىلار تۇتۇپ كەلگەن قارشى كۆزقاراشتىكى ئادەملەرنى باشقۇرۇپ بىر تەرەپ

قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ئەستايىدىل ئىشلەپ، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلمىدىم. ئەكسىچە، ئۇلارغا ئامال بار قولۇمدىن كېلىشچە ياخشىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلدىم. مەسىلەن، شۇ چاغدا قەشقەر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىر خەنزۇ تېخنىكىنى ئىسيانچىلار تۇتۇۋالغان بولۇپ، مەن ئۇنىڭ گۇناھسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، قورسىقىغا تويغۇدەك تاماق بېرىپ، ئۇنى ئۆزۈم يالغۇز ئارا يوللار بىلەن پىيادە قىزىل دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتكۈزۈپ، يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيىگە ساق ـ سالامەت قوغداپ ئاپىرىپ قويۇپ، يەنە 10 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى پىيادە مېڭىپ قايتىپ كەلگەنىدىم. شۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر كۈنى بىر قىسىم ئىسيانچىلار مەلۇم شەخسىي غەرەز بىلەن قەشقەر قىزىل دەريا باشقارمىسىنىڭ ئون نەچچە نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسىنى كېچىدە ئىدارىسىغا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ تۇتۇپ چىقىپ، مېنىڭ ئالدىمغا كۆزىنى تاڭغان پېتى ئېلىپ كەلگەنىكەن. مەن ئىسيانچىلارنى قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆزىنى يېشىۋېتىپ، ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ سەمىمىي سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭمۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەر ئەمەسلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىسيانچىلار ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ئېلىۋالغان پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتى دېگەندەك نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ ئۆز ئورنىغا ئامان ـ ئېسەن يولغا سېلىپ قويغانىدىم.

ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولسام، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراش خەۋپى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن ئىدى. چۈنكى، 1967 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەشقەر شەھىرى ئاسمىنىنى پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش قارا



بۇلۇت ۋە ۋەھىمە قاپلاپ، ھەممە يەردە ئوق ـ دورا ھىدى پۇراپ تۇراتتى. كىشىلەر دەسلەپتە ئۆزلىرى ياسىۋالغان كالتەك ـ چوماق، نەيزە ـ قىلىچ ۋە ئوۋ مىلتىقى دېگەندەك ئاددىي قوراللار بىلەن بىر ـ بىرىگە كۈچ كۆرسەتكەن بولسا، شۇ كۈنلەرگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ، نەدىن ۋە قانداق يوللار بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكى نامەلۇم بولغان پىلىموت، ئاپتومات ۋە مىلتىق قاتارلىق زامانىۋى قوراللار بىلەن ئۆزئارا ھەيۋە قىلىشىپ، ھازىرلا ئېتىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. گاھىدا تېخى خۇددى ئۇرۇش كىنولىرىدىكىدەك يېزىدىكى ئىسيانچىلار شەھەرگە ئاتلىق كىرىپ ئۇرۇپ ـ چېقىپ قالايمىقان قىلسا، ئارقىدىنلا شەھەردىكى ئىسيانچىلار ئۆزلىرى ياسىۋالغان تانكىغا ئوخشاش ئوق ئۆتمەس ماشىنا بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ جاھاننى پاراكەندە قىلاتتى. شامالباغ گۈڭشې تەۋەسىدىن شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قاتارلىق ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ ئېگىز ئۆگزىسىدىن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي «تا ـ تا ـ تات»، «تاڭ ـ تۇك» قىلىپ نىشانسىز ئېتىلىپ تۇرىدىغان ياۋا ئوقتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بولغانىدى. قىسقىسى، بىر قىسىم يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، قىلغان ـ قىلغانىنىڭ، ئەتكەن ـ ئەتكىنىنىڭ بولۇپ كەتكەچكە، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ جان قايغۇسىدا قالغانىدى. شۇڭا مەن شامالباغدىكى ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقى ئابلا ×× كە دائىم پايدىلىق تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىپ (مەيلى ئۇ ئاڭلىسۇن ـ ئاڭلىمىسۇن) تۇرغاندىن باشقا ھەر ۋاقىت ئۆز بۇرچۇمنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشقا تىرىشىپ، شامالغا قاراپ ئىش قىلمىدىم.

ھېلىمۇ ياخشى، يۇقىرى دەرىجىلىك كومىتېتنىڭ بۇيرۇقى

بويىچە قەشقەر شەھىرىدە 1967- يىلى 10- ئاينىڭ 2- كۈنى يوللاردىكى توساقلار ئېلىۋېتىلىپ، ئەلەم كۈرۈشى سەل پەسكويغا چۈشتى. 1968- يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈچ تەرەپ (كۆزقارىشى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئاممىۋى تەشكىلات بىلەن ھەربىي كومىتېت) بىرلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار قۇرۇلۇپ، قىسمەن ھالدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن يېرىم يىلچە ئۈزۈلۈپ قالغان ئالاقەم ئەسلىگە كېلىپ، ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك يىپەك زاۋۇتى ۋە ۋىلايەتلىك مالىيە - سودا مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىغان شامالباغلىق تۇرسۇن، ئابدۇرېشىت ۋە موللاق دېگەنلەر باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە ئوغرىلىق شايكىلىرىنىڭ ئەزالىرىنى تۇتۇپ، چوڭ - كىچىك 100 نەچچە پارچە دېلونى پاش قىلىپ، بىر تۈركۈم جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قاتتىق جازالىدۇق.

1969- يىلى 1- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1970- يىلى 11- ئايغىچە قولىمىزدىكى خىزمەتلەرنى بۇيرۇق بويىچە ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى بارلىق سىياسىي قانۇن كادىرلىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلارغا يىغىلىپ «ئۆگىنىش» قىلدۇق. بۇ يەردە بىزنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈپ تاشلانغان بولۇپ، ئۆگەنگەن نەرسىلىرىمىزنىڭ تايىنى يوق، ئاساسلىقى بىر - بىرىمىزنىڭ ئەيىپىنى ئېچىش ۋە تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىپ، لاغايلاپ يۈردۇق. كېيىن ئۇقساق، بۇ لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئېلىمىز



سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشتىن ئىبارەت رەزىل سۇيىقەستى تۈپەيلىدىن شۇنداق بولغان ئىش بولۇپ، باشلىقلىرىمىز ئۇلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ پىپەن — كۈرەش قىلىنىۋاتقان ياكى ئايرىپ تەكشۈرۈلۈپ ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىۋاتقان، بىز بولساق ئاشۇنداق ئاتاقتا ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلغاندەك قىلساقمۇ، ئەمەلىيەتتە نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنىپ تۇرغانىكەنمىز. «ئۆگىنىش» نىڭ ئاخىرىدا بىر قىسىم كادىرلار بىھۇدە جازالىنىپ كەتتى يەنە خېلى كۆپ ساندىكى غوللۇق كادىر - ساقچىلارنى ھېچقانداق سەۋەبسىزلا يەرلىك ئورۇنلارغا ئالماشتۇرۇۋەتتى. 1971- يىلى 1- ئايدا مەنمۇ شۇ قاتاردا ئۆزۈم سۆيگەن كەسپىمدىن ئايرىلىپ، شامالباغ گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى دېگەن نام بىلەن يۆتكىلىپ كەتتىم. بۇ يەردە مەن گۇڭشې رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئاساسلىقى پارتىيە قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە سەھىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدىم. كادىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تونۇش ۋە ئىلگىرىكى ئاممىۋى ئاساسىم ياخشى بولغاچقا، خىزمەتلەرنى خېلى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇردۇم. يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن مەن گۇڭشې رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزۈم بۇ گۇڭشېنىڭ 8- ۋە 1- كەنتىنى نۇقتا قىلىپ تۇتۇش ئارقىلىق ئومۇمىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلدىم. ھەر يىلى قىشتىكى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ كۇرس ئېچىش ئارقىلىق يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە بىلىملىرىدىن دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق. شۇنداق قىلىپ

ئۇدا بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق يەرلىكنىڭ خىزمەتلىرىگە ئەمدىلا چۆكۈپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش يولىدا تازا بېرىلىپ ئىشلەۋاتقان كۈنلەردە، يۇقىرىنىڭ سىياسىي قانۇن كادىرلىرىنى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇش كېرەك، دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مېنى يەنە يەرلىكتىن سىياسىي قانۇن سېپىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قارمىقىدىكى تۈرمىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى.

## جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش سېپىدە

مەن 1974- يىلى 7- ئايدا قەشقەر شەھەرلىك تۈرمىنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدا گەرچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تېخى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ توڭلىرى ئاستا - ئاستا ئېرىپ، قارا بۇلۇتلار تارقاشقا باشلىغان، ھۆكۈمەتسىزلىك خاھىشى تەدرىجىي تۈگىتىلىپ، خەلق ئىگىلىكى پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا مەيدانغا چىققان تۈرلۈك ناھەق، يالغان ۋە خاتا دېلولارنى قايتا ئېنىقلاش خىزمىتى باشلانغان چاغلار بولۇپ، تۈرمىدە قاماقلىق جىنايەتچىلەرنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ تۈتامغا چىققۇدەك گۇناھى بولمىسىمۇ، قالايمىقانچىلىق ۋە «سولچىل» سىياسەتنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە يەنىلا قاراڭغۇ، زەي كامېرلاردا



بىھۇدە ئازاب چېكىۋاتقانىكەن. مەن تۈرمە باشلىقى شۇ شىلىڭ بىلەن ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، قول ئاستىمىزدىكى تۈرمە خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە قاماقتىكى بارلىق جىنايەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ ئىگىلەپ، ھەقىقەتەن ناھەق قامالغان دەپ قارالغانلارنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىش ئارقىلىق قايتا تەكشۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە قۇربان شۈكۈر، ئابلىز مەمەت، ئەمەت بارات، ئابدۇكېرىم، روزاجى ۋە ياڭ XX (خەنزۇ) قاتارلىق كىشىلەر گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلدى. رەئىس ماۋزېدۇڭ: «جىنايەتچىلەرنىمۇ ئادەم قاتارىدا كۆرۈش، ئۇلارنى خورلىماسلىق، تەربىيە ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ تاماق سۈپىتى ۋە ياتاق شارائىتىنى ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاپ، ئۇلارنى ھەر كۈنى قەرەللىك ھاۋالاندۇرۇش، ئاپتاپ سۈندۇرۇش، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە تازىلىق قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا تەشكىللىگەندىن باشقا، تۈرلۈك گېزىت - ژۇرنال ۋە ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ئۇلارنىڭ قولىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ھەر خىل ئۆگىنىشلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردۇق. تۈرمە باشقۇرغۇچى خادىملارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى جىنايەتچىلەرنى قالايمىقان ئۇرۇپ - تىللايدىغان ۋە خارلايدىغان ئىشلارنى تۈزەتتۇق. بۇنىڭ بىلەن مەن ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە بۇ تۈرمىدە پەۋقۇلئاددە چوڭ مەسىلە سادىر بولماي، 1982- يىلى 12- ئايدا شەرەپ بىلەن پېنسىيىگە چىقتىم.

# خاتىمە

مەن ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە باي - پومېشچىكلارنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن ھايۋاندىنمۇ بەتتەر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان بىر يېتىم بالا ئىدىم. پەقەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە قەددىمنى كۆتۈردۈم ۋە پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئاز - تولا خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. بۇ جەرياندا مەن ئۆزۈمگە ھەر ۋاقىت قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئاددىي بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تىرىشتىم. تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا باشتىن - ئاخىر ئاڭلىق بويسۇنۇپ، تەشكىلگە ھېچقانداق شەرت قويماي، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ، جۈملىدىن كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەممە يېزا - قىشلاقلىرىنى كۇدە - كۆرپەمنى يۈدۈپ يۈرۈپ، قۇرۇق نان غاجاپ، خام سۇ ئىچىپ، پىيادە دېگۈدەك كېزىپ چىقتىم. خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 30 يىلدا 18 قېتىم ئۆي كۆچتۈم. تاكى پېنسىيىگە چىقىشقا بىرنەچچە يىل قالغاندىلا ئاندىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شارائىتىغا ئېرىشىپ، بالا - چاقىلىرىم بىلەن بىر يەرگە جەم بولغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئائىلە ئىللىقلىقىدىن بەھرىمان بولدۇم. بۇ گەپكە ھازىرقى بەزى ياشلار ئىشەنمەسلىكى، ھەتتا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشى مۇمكىن. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولۇپ، يالغۇز مەنلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ماڭا ئوخشاش



مىليونلىغان بىر ئەۋلاد ئىنقىلابىي كادىرلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە قۇرۇلغان يېڭى خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا ئاشۇنداق ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ تارىخى ئېلىمىز سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تارىخى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشۇش روھى مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ! بىز ئۇلارنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلىگەن چېغىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئاددىي - ساددا ۋە پاك - دىيانەتلىك ئېسىل پەزىلىتىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىنى باشتىن كەچۈرگەن پېشقەدەملەر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بىز ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆپلىگەن نەرسىلەرنى، جۈملىدىن قانداق ئىنقىلاب قىلىش ۋە قانداق ئادەم بولۇشنى ئۆگەنگەنىدۇق. ئۇ چاغلاردىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئېڭىدا پارا ئېلىش، پارا بېرىش، سوۋغا - سالام قوبۇل قىلىش، خىيانەتچىلىك قىلىش ۋە ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش دېگەندەك ناچار ئىللەتلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، ھەممەيلەن بۇ خىل ئىللەتلەردىن خالىي ھالدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلەتتۇق. ئەينى ۋاقىتتا دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار، خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىن بولغاچقا، بىزنىڭ ئىش ھەققىمىزمۇ تۆۋەن، ھازىرقىدەك كاماندىروپكا پۇلى ۋە مۇكاپات پۇلى دېگەنلەر بېرىلمەيتتى. باشقا قوشۇمچە كىرىمىمىز تېخىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە يۈرۈش - تۇرۇشتا ئاددىي

خەلقتىن كۆپ پەرقلەنمەيتتۇق. ئائىلە ئەزالىرىمىزغىمۇ بۇ جەھەتتە دائىم قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتۇق. ئۆزىمىز كەمتەر، ئېھتىياتچان ۋە كىچىك پېئىل بولغاچقا، بارغانلا يېرىمىزدە ئامما بىلەن ئاسانلا ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەتتۇق. ئۇلار بىزنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي سىرداش دوستى دەپ قارىغاچقا، قانداق گەپ - سۆزلىرى بولسا تارتىنماي دەۋېرەتتى. بىزمۇ ئۇلارغا خۇددى ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغا ئوخشاش كۆيۈنۈپ مۇئامىلە قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىللىقلىقىنى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتكەچكە، ئۇلار باشتىن - ئاخىر بىزگە ئىشەنگەن، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قوللىغان ۋە بىزنى خۇددى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ، ھەتتا دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن ھاياتىمىز خەۋپكە دۇچ كەلگەن خەتەرلىك چاغلاردىمۇ ئۇلار بىزنى قوغداپ قالغانىدى. مەن شۇلارنى ئويلىسام ئىنتايىن ھاياجانلىنىمەن ۋە ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ھەمدە ئۆز ئىشىمدىن قىلچە ئۆكۈنۈش ھېس قىلمايمەن. چۈنكى، مەن ئۆمۈر بويى پارتىيىگە، خەلققە ۋە ۋەتەنگە سادىق بولۇپ، ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلمىدىم. ھەرقانداق چاغدا شامالغا قاراپ ئىش قىلىشتىن ساقلىنىپ، سالماق بولدۇم. ئەگەر ئۆكۈنۈش توغرا كەلسە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن ۋەتەن - خەلققە يەنىمۇ كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىم، ھە دېسە خىزمەت بىلەنلا بولۇپ كېتىپ پەرزەنتلىرىمگە ئاتىلىق مېھىر بېرىپ، ئۇلارنى بالىلىق - ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ياخشى قانات ئاستىمغا ئالالماي، ئېغىر



كۈنلەردە بىر قىسىم خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىپ بوزەك قىلىشىغا تاشلاپ بېرىپ سۈكۈت قىلغانلىقىمدىن ئۆكۈنىمەن، خالاس. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىر قىز، ئۈچ ئوغۇل پەرزەنتىمنىڭ ھەممىسى قېيىلىپ - سوقۇلۇپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ھازىر ئاخبارات نەشرىيات ۋە ج خ تارماقلىرىدا تىرىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش خىزمەتتە ئاكتىپ، كەسپچانلىقى كۈچلۈك ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ئۆز ساھەلىرى بويىچە خېلى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر گەرچە يېشىم 85 تىن ئېشىپ، تېنىم سەل ئاجىزلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە ئاخىرقى ئۆمرۈمنى بالا - چاقىلىرىم بىلەن قەشقەر شەھىرىدە خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتىمەن.

ئاپتورى: قەشقەر شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىن

# ئۆمرىمدە بېسىپ ئۆتكەن يوللار

سۆزلەپ بەرگۈچى: رەجەپ سەيدى
رەتلىگۈچى: مۇتەللىپ سادىر

مەن ھازىر 89 ياشقا كىردىم، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەرنى بېشىمدىن كەچۈردۈم، بۇ جەرياندا ئېغىر كۈنلەرنى كۆردۈم، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتتىم. كېيىنكى كۈنلەردە كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە راھەتمۇ كۆردۈم، بۇ كۈنلەرنى ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن.

(1)

دادام سەيدى ھاجىم 1920- يىللىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بېرىپ، شۇ يەردە قازا قىلىپ كەتتى، شۇ چاغدا مەن 7 ياشتا، ئاكام ئالىمجان 10 ياشتا ئىدى. ئاپام ئايشىخان شۇندىن كېيىن بىر ئۆمۈر تۇرمۇشقا چىقماي، مىڭبىر جاپا مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بىزنى بېقىپ چوڭ قىلدى.

بىزنىڭ يۇرتىمىز تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، خوتەن ناھىيە مەركىزىگە 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تەۋەككۈل يېزا كېرىيە ئۆستەڭ بويى دېگەن يەردە ئىدى (ھازىرقى قوشنو كەنتى). بىز ئۇ ۋاقىتتا مەھەللىدىكى



دېھقانلارغا قارىغاندا ھاللىق دېھقانلاردىن ئىدۇق، بىزدە 12 مو تېرىلغۇ يەر، 10 مو مەرئا (بوز يەر) بار ئىدى، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كېرىيە ئۆستەڭ بويىدا مەترېھىم تاغار، ھوشۇر ئاخۇن پاڭ، سايىم ھانىنات، ئىمىن ئاخۇن كۆيەك قاتارلىق 40، 50 ئائىلە ئولتۇراتتۇق. بىر يىلى (ئېسىمدە قېلىشىمچە 1925 - 1926- يىللىرى بولسا كېرەك) يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تاشقىن كېلىپ، بىزنىڭ مەھەللىدىكى 40، 50 ئائىلىنىڭ يەر - زېمىن، ئۆي-ۋاقلىرىنى ئېقىتىپ كەتتى. يەر زېمىن قۇم توپىراق بولغانلىقى ئۈچۈن توپراقنى سۇ ئېقىتىپ كېتىپ، ھەش - پەش دېگىچە چىرايلىق بىر كەنت ساسلىققا ئايلاندى. نە دەل - دەرەخ، نە ئۆي ۋاقلارنىڭ ئەسناسىمۇ قالمىدى، ھەممە ئادەم ئۆز جېنى، ئۆز مال - مۈلكىنى قۇتقۇزۇش بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈن بىزگە كىممۇ ياردەم قىلسۇن؟ بىز كىچىك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئېغىر ئىش قىلالمايتتۇق، ئانام بىچارە كۈچى يەتكەن نەرسىلەرنى ئالالىدى، قالغان ئۆي-ۋاق سەرەمجانلارنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى، ھەممىدىن ئايرىلدۇق. شۇندىن كېيىن تۇرمۇشىمىز كۈندىن - كۈنگە قىيىنلاشتى، قورسىقىمىز تويغۇدەك نان، بەدىنىمىز ئىسسىغۇدەك كىيىم - كېچەككە ئېرىشەلمىدۇق، ئاق يەرگە بورا كەپە تىكلەپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. باشقا قوشنىلار قاراقاش، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ، شايارلارغا كۆچۈپ كەتتى.

تومۇز كۈنلەر ئۆتۈپ، ئالەم سوۋۇشقا باشلىدى، بىز يەنىلا بورا كەپىدە ئولتۇراتتۇق، ئاپامنىڭ تاغىسىنىڭ رەھمى كەلدىمۇ - قانداق، بىر ئۆينى بوشىتىپ بەردى، ئۈچ جان شۇ ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدۇق، رەھىمسىز كونا جەمئىيەتتە كەمبەغەل - يوقسۇللارغا كىممۇ ھېسداشلىق قىلسۇن؟

تۇرمۇشتىكى يوقسۇللۇق، مۇھتاجلىق، ئاچلىق ئازابى ئۈچ جاننى قىينايتتى، ئاپام بىچارىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. يەر - زېمىندىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ يېرىنى تەڭ ئوتاقتا تېرىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىر يىلى قوشنو كەنتلىك ئەخمەت توختى ئەنجان دېگەن پومېشچىكنىڭ ئۈچ مو يېرىنى تەڭ ئوتاقتا تېرىدۇق، «بىتەلەي تىزەك تەرگىلى چىقسا كالا ئۆستەڭگە تىزەكلەپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولدى. شۇ يىلى دەرياغا سۇ كەلمەي قۇرغاقچىلىق بولدى. كەلگەن سۇمۇ بەگ، بوجاڭ، مىراپلاردىن ئاشمىدى. تېرىغان بۇغداي بىر قېتىممۇ سۇ كۆرمەي، قۇرۇپ كەتتى، ئەمگەك ۋە ئۇرۇقلۇق بىكار بولۇپ، بىر جىڭمۇ ئاشلىق ئالالمىدۇق، بىز ئۈچ كىشىنىڭ جان بېقىشىمىز تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئاپام باشقىلارنىڭ يىپىنى ئىگىرىپ بېرىپ بىرەر ۋاقلىق ئاشلىق تېپىپ كېلەتتى، ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز باشقىلارغا كۈنلۈك ئىشلەش، ماللىرىنى بېقىپ بېرىش شەرتى بىلەن ئانچە - مۇنچە ئوزۇق - تۈلۈك تېپىپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدۇق. كېيىن جازانىخورلاردىن بىر چارەك قوناقتا خامان ۋاقتىدا بىر چارەك بۇغداي بېرىش شەرتى بىلەن قەرز ئېلىپ، كۆپ قەرزگە بۇغۇلدۇق، قەرز ئىگىلىرى كۈندە قەرز سۈيلەپ كېلىپ بار نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىپ، ئارام بەرمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان سېلىقلىرى جاننى قىينايتتى. بىز مۇشۇنداق جاپا - مۇشەقەتلىك قىيىن تۇرمۇشتا 7 - 8 يىلنى ئۆتكۈزدۇق.

بىر كۈنى تەۋەككۈلنىڭ دۈشەنبە كۈنى قىزىيدىغان «دۈشەنبە بازار» دا بېشىغا چوڭ سەللە ئورىغان، بىر قولىدا ھاسا تۇتقان، سېرىق چىراي، ئاق ساقال، ئېگىز بوي كەلگەن، 60 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان روزى شەيخ ئىسلام دېگەن كىشى



بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز يەرگە چىقىپ: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار، قولاق سېلىڭلار، خوتەندە مەمتىمىن ھەزرىتىم ئىسلام ئاچتى[①] ھەممە ئىش شەرىئەت قۇرئان كەرىم بويىچە بولىدۇ، دىنىي شەرىئەت ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلگەنلەر شېھىت بولىدۇ، ئۆلمەي قالغانلار غازى بولىدۇ، ئۇرۇش قىلالايدىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىكىمىزدىن ئىسلامغا ئەسكەر بولايلى، ئۇرۇشقا بارالمايدىغانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلايلى» دەپ تەشۋىق قىلغىلى تۇردى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىسلامغا ئەسكەر بولۇش نىيىتىگە كەلدىم، ئۇرۇشتا ئۆلسەم بۇ جاپالىق تۇرمۇشتىن بىراقلا قۇتۇلارمەن، ئۇرۇشتا ئۆلمەي قالسام پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن دەپ ئويلىدىم. ئاپامغا، ئاكامغا ئۇقتۇرماستىن مەھەللىمىزدىكى يۈسۈپ ئاخۇن دەكچى، تۇرسۇن توختاخۇن چىلگە قاتارلىقلار بىلەن بىر كېچىدىلا خوتەنگە قاراپ يول ئالدۇق، يولدا بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى پېشىم ۋاقتى بىلەن خوتەن ئىلچى شەھىرىگە چىقىپ ئىسلام ئەسكەرلىرىگە قوشۇلدۇق (ئېسىمدە قېلىشىچە بۇ 1933- يىلى 4- ئاينىڭ ئاخىرى، 5- ئاينىڭ باشلىرى بولۇشى مۇمكىن). بۇ ۋاقىتتا تەرەپ - تەرەپ، يۇرت - يۇرتلاردىن ئادەملەر كېلىپ ئەسكەر بولىۋاتقان ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 40 - 50 ياشلىق كىشىلەرمۇ، 15 - 16 ياشلىق بالىلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارنى ئۆز يۇرتىنى ئاساس قىلىپ ئايرىپ، مەشىق قىلدۇرۇۋاتقان ئىكەن. تەۋەككۈل، ئىسلامئاۋاتتىن چىققان ئەسكەرلەرگە تەۋەككۈل ئات بېشىدىن مەھەممەت ئاخۇن قوقاس، ھوڭدىن ئېلى ھاجى دېگەنلەر مەسئۇل ئىكەن، 2، 3 ئايدەك شەھەر سېپىلى ئىچىدە

① مەمتىمىن ھەزرەت (مەمتىمىن بۇغرا) 1934- يىلى 7- ئايدا ما خۇسەن تەرىپىدىن يېڭىلىپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن، كېيىن تۈركىيىدە ئۆلگەن.

ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالدۇق، بەزى كۈنلىرى توقماق ـ كالتەك كۆتۈرۈپ شەھەر تەرتىپىنى قوغداشقا چىقاتتۇق، تەشكىلىي تۈزۈم، ئىنتىزام دىنىي شەرىئەت بويىچە باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، ھەربىر قىسىمدا بەش ۋاق ناماز باشلاپ ئوقۇيدىغان ئىمام مەزىنلەر بار ئىدى، ئوغۇرلۇق قىلغانلارنىڭ قولىنى كېسىش، زىنا قىلغانلارنى كالتەكلەپ ئۇرۇش، كۆشۈككە[1] سولاپ ئېسىپ قويۇپ سازايى قىلىش، ھەتتا چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش، دارغا ئېسىپ ئېتەك جازالاش ئۇسۇللىرى يولغا قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش، تىرىلىشى بىلەن كارى يوق ئىدى.

بىر كۈنى تەۋەككۇل يېزىسىنىڭ ھوڭ دېگەن كەنتىدىن ئانايەت ئاخۇن شامال دېگەن 30 ياشلاردىكى بىر كىشىنى «ئوغرى» دەپ باغلاپ خوتەن شەھىرىگە ئېلىپ چىقتى، شەرىئەت قانۇن ھۆكۈمى بىلەن قازىلار، سول قولىنىڭ بېغىشىدىن كېسىشكە ھۆكۈم قىلدى، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئاممىنى نەق مەيدانغا يىغىپ ئانايەت ئاخۇن شامالنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، كۆزىنى تېڭىپ، سول قولىنىڭ بېغىشى ئۈستىدىن زەي شوينا بىلەن بۇغۇپ، كارۋاتتا ياتقۇزۇپ تۆت ئادەم پۇت ـ قولىنى بېسىپ تۇردى، ۋاقىراپ تولغىنىشىغا پىسەنت قىلماي ئۇستا قاساپتىن بىرى ھەش ـ پەش دېگىچە قوينىڭ پاچىقىنى چىقارغاندەك سول قولىنىڭ بېغىشىدىن كېسىپ تاشلىدى، ئانايەت ئاخۇن شامال ۋايجان، دېگەنچە ھوشىدىن كەتتى، قولىدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان قان كېسىلگەن قولى قايناپ تۇرغان ياغقا تىقىپ داغلانغاندىن

① كۆشۈك: قومۇش بىلەن تور شەكلىدە توقۇلغان سۆەت.



كېيىن توختىدى، ئانايەت ئاخۇن ھوشىغا كېلىپ ئاھ خۇدا، ۋايجان . . . . . . دەپ نالە قىلاتتى. مەن شۇ مەيداندا سورۇن تەرتىپىنى ساقلاشقا چىققان ئىدىم، بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئانايەت ئاخۇنغا قاتتىق ھېسداشلىقىم قوزغالدى، بىر قولىدىن ئايرىلىپ جەمئىيەتتە قانداق تۇرمۇش كەچۈرەر، بۇندىن كېيىنكى ئاقىۋىتى قانداق بۇلار دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىختىيارسىز كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلۈپ كەتتى.

يەنە بىر كۈنى مەتنىياز ئاخۇن دېگەن بىر كىشىنى زىنا قىلدى دەپ بىر ئايال بىلەن تۇتۇپ كېلىپ، شەرىئەت ئىجراسىدىكى قازىخانىغا ئېلىپ كەلدى، ئەرگە 41 دەررە[1] ئۇرۇش، ئايالنى كۆشۈككە سولاپ يولنىڭ دوقمۇشىغا ئېسىپ قويۇپ سازايى قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىپ ئەرنىڭ دۈمبىسىگە دەررە بىلەن 41 نى ئۇردى، دۈمبىسىنىڭ ئەت گۆشلىرى تىتىلىپ، پۈتۈن ئەزالىرى قانغا بويىلىپ كەتتى، ئايالنى بولسا كۆشۈككە سولاپ سازايى قىلدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئىدىيەمدە جىددىي ئۆزگىرىش بولدى.

ئادەمنىڭ ئۆلۈش ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىمايدىغان، خەلققە رەھىم قىلمايدىغان بۇنداق ھۆكۈمەتتە ئىشلىسەم بولمايدىكەن دەپ ئويلىدىم دە، بىر كېچىدە ئەسكەرلىكتىن قېچىپ ئۆيگە كەلدىم. ئانام بىلەن ئاكام مېنىڭ ئىسلامغا ئەسكەر بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ئۇقۇپ يىغلىشىپ كۆزى يولدا ئىكەن، مېنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىشتى، بۇ خۇشاللىق كۈنلەرمۇ ئۇزاققا

① دەررە (يەنى تەزىر): ئىچىگە قۇم ـ شېغىل ئېلىپ، كۆن ـ خرۇم بىلەن تىكىلگەن جازا قورالى.

بارمىدى.

(2)

ما خۇسەن (خۇيزۇ) ئەسكەرلىرى كېلىپ ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ خوتەننى ئىگىلىدى، شۇندىن باشلاپ خەلقنىڭ بېشىغا بالا ـ قازا، ئېغىر زۇلۇملار تېخىمۇ كېلىشكە باشلىدى. ما خۇسەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يۇرت ـ يۇرتلارغا بەگ، دوغىلارنى بېكىتىپ ئالۋان ـ سېلىقلارنى كۆپەيتتى، ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتتى. يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇغا بارىدىغان كارۋان يولى بار ئىدى، بۇ يولدىن شېڭ شىسەي، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ تەۋەككۇل ـ ئىسلامئاۋاتقا ئەسكەر تۇرغۇزدى.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئايىغى قوشلاش[1]، بوغاز دېگەن ئىككى جايدا ئاتلىق ئەسكەرلەر پونكىتى قۇرۇپ ئىككى پەي ئەسكەر تۇرغۇزدى. 1935ـ يىلى 9ـ، 10ـ ئاي مەزگىلىدە تەۋەككۇلغا 120 نەپەر، ئىسلامئاۋاتقا 100 نەپەر جەمئىي 220 نەپەر ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى كەلدى، دەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتقىلى تۇردى. تەۋەككۇلغا تارى بەگ[2]، ئىسلامئاۋاتقا قاسىم بەگلەر بەگ ئىدى، ئۇلار دوغىلارنى ئىشقا سېلىپ پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز ئاختۇرۇپ بالا ـ چاقىلىرىنى تۇتۇپ باغلاپ تارى بەگنىڭ ئۆيىگە

---

① قوشلاش: قاراقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايى.
② **تارى بەگ:** ئەسلى بەگ ئەمەس، ما خۇسەن خوتەنگە بېسىپ كەلگەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى يۇسۇپ خاننى ما خۇسەنگە ئەسكەرلىككە بېرىپ تىللا، ئالتۇن، كۈمۈش بېرىپ بەگلىكنى قولغا كەلتۈرگەن. تارى بەگنىڭ مەدىسى ئەنجانلىق بولۇپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا شىنجاڭغا قېچىپ چىقىپ تەۋەككۇلدا ئورۇنلىشىپ قالغان. يۇسۇپ خان ما خۇسەنگە ئەسكەر بولغاندىن كېيىن تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋاتتىن 40 نەپەر ياشنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ يەرلىك قوغدىنىش ئەترىتى قۇرۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئىدى، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، يۇسۇپ خان تۈرمىگە سولىنىپ يوق بولدى.



ئەپچىقىپ سولايتتى، بىر قىسىم ياشلار يۇرت ماكانلىرىنى تاشلاپ يىراق يەرلەرگە قېچىپ كەتتى، بىر قىسىملىرى ئېتىز بېشى، جاڭگاللارغا يوشۇرۇنۇپ يۈردى. مەن ئاكام ئالىم ئاخۇن بىلەن ئېتىز بېشىغا بېرىپ قوناقلىقنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنىۋالدۇق، كېچىدە ئۆيگە كېلىپ، كۈندۈزى قوناقلىققا چىقىپ بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزدۇق. تارى بەگنىڭ دوغىسى ماخمۇت خوجۇن، روزى مالمان دېگەن ئىككى دوغا كۈندە كېلىپ ئاپامنى «بالاڭنى تاپ» دەپ قىينايتتى، بىر كۈنى يەنە بۇ ئىككى دوغا كېلىپ: «ئاخىرقى مۆھلەت، بالاڭ ئۆزىچە كەلسە بىرنى ئېلىپ كېتىمەن، ئەگەر كەلمىسە ئىككى بالاڭنى تۇتۇپ كېتىمەن» دەپ داراڭ سېلىپ ئېغىلدىن بىر قوينى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى، ئاپام بىچارە دوغىلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ بىزنىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قېلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ قوناقلىقتىن تېزدىن ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ ساندۇق ئاستىغا ئورا كولاپ ئىككىمىزنى شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويدى، بىرەر شەپىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساق خۇددى چاشقاندەك دەرھال ئورىغا كىرەتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ماخمۇت خوجۇن ئۆزىنىڭ قولىنى ئۆزى باغلاپ: «تارى بېگىم مېنى باغلاپ ئۇرۇپ، ئادەمنى تاپمۇغىچە قولۇڭنى يەشمەيمەن، دەپ باغلاپ قويدى، بالاڭنى تاپمىساڭ مەن كەتمەيمەن» دەپ ئولتۇرۇۋالدى، بىر دەمدىن كېيىن ئۆزىنى باغلىغان ئاغامچىنى يېشىپ ئاپامنىڭ قولىنى باغلاپ ھويلىدىكى ئاق ئۈجمىگە ئاستى، ئاپام بىچارىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ: «باللىرىم ھازىر يوق، پەيدا بولسا ئەتە تارى بەگ قېشىغا ئۆزەم ئەپچىقىپ ھازىر قىلاي» دەپ يالۋۇرۇشىغا كارى بولماي، باش ـ كۆزىگە ئۇرۇپ كەتتى، ئاپامنىڭ يىغا زارى ـ نالە قىلىشلىرىنى ئاڭلاپ خۇددى يىلان

چىقىۋالغاندەك پۇچۇلۇنۇپ چىدىيالماي قالدۇق، نىمە كۆرسەك كۆرەيلى دەپ ياتقان ئورنىدىن يۇگۇرۇپ چىقتۇق. ئاكام يۇرەكلىك، جىگىرى بار ئوغول بالا ئىدى، دوغىنىڭ ئالدىغا بىرىپ: «قىنى مىنى نەگە ئاپارساڭ ئاپارمامسەن، ئاپامنى قويۇۋەت» دەپ ئىككى قولىنى دوغا ماخمۇت خوجىنىڭ تۇتۇپ بەردى، ئاڭغىچە ئاپامنى مەن باغلاقتىن بوشاتتىم، دوغا ئاكامنىڭ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىدى، مىنى باغلىغىلى تۇرغاندا: «مەن قاچمايمەن، قاچار بولساق سىنىڭ ئالدىڭغا ئۆزىمىز چىقاتتۇقمۇ» دىدىم، مىنى باغلىماي ئىككىمىزنى ئىلىپ ماڭدى، جاپاكەش بىچارە ئاپام «ۋاي باللىرىم، ئاھ خۇدا. . . . . » دەپ يىغلاپ هوشىدىن كەتتى. بىز پىشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز، دەپ ئىككى دوغىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ماڭدۇق، يىرىم سائەتتەك يول يۇرگەندىن كىيىن كەنتنىڭ ئاخىرىسىدىكى شەمشىدىن ئاخۇننىڭ تۈگمىنى دىگەن بىر كونا تۈگمەن بىشىغا كەلدۇق، تۈگمەن ئىچىدە ئادەملەرنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، هىلىقى ئىككى دوغا بۇ يەردە قىچىپ يوشۇرۇنغان ئادەم بار ئىكەن، دەپ تۈگمەن ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئاكام: «قولۇمنى يىشىۋەت» دىدى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاكامنىڭ قولىنى يىشىۋەتتىم هەم: «ئاكا، ئەمدى بوشىغاندىكىن قاچايلى» دىدىم، ئاكام: «ياق، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر»- دىدى دە ئىشەك باغلىغان بىر دانە قوزۇقنى سۇغۇرۇپ ئىلىپ ئۇچقاندەك تۈگمەن ئىچىگە ئىتىلىپ كىرىپ كەتتى، هەش - پەش دىگىچە هىلىقى ئىككى دوغىنى ئۇرۇپ باش - كۆزلىرىنى يىرىپ يىقىتىپ قويۇپتۇ، تۈگمەن ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئادەملەرمۇ قىچىپ كەتتى. ئىش چاتاق بولدى، ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز بىر نان، بىر ياماقسىز يۇرۇڭقاش دەرياسىنى



بويلاپ ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ قاچتۇق، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى، دوغا، بەگلەرنىڭ ئارقىمىزدىن قوغلاپ كىلىشىدىن قورقۇپ ئادەمىزات ماڭمايدىغان قۇملۇق، چاتقاللىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۇردۇق. جىلەك دوڭ، سالجىلىق، قومۇش توقاي، ئاچچىق جىلغا، باش توغراق قاتارلىق توقايلىقلارنى بىسىپ، كەنتتىن 50 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى ئوتتۇرا توغراق دىگەن يەرگە يىتىپ كەلدۇق، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، هىرىپ ماغدۇرسىزلىنىپ قەدەم ئالغۇچىلىك هالىمىز قالمىدى. بۇكلۇك بىر چىغان ئارىسىدا ياتتۇق، نەدىمۇ كۆزگە ئۇيقا كىرسۇن. ياۋايى هايۋانلارنىڭ بىرەر شەپىسى ئاڭلانسا، بىزنى تۇتقىلى كەلگەنلەر ئوخشايدۇ، دەپ يۇرىكىمىز گۇپۇلدەپ سىلىپ كىتەتتى. بىزگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ بىر كىچىنى قانداق تاڭ ئاتقۇرغانلىقىمىزنىمۇ بىلمىدۇق. ئەتىگەندە ئىگىز بىر تۈپ توغراق ئۇستىگە چىقىپ، ئەتراپقا قارىسام هىچ بىر ئادەمزات كۇرۇنمىدى، خۇداغا شۇكرى، بىز بۇ بالا قازادىن قۇتۇلغان ئوخشايمىز، دىدىم - دە توغراقتىن چۇشۇپ ئاكامغا: «بىز ئەمدى قاياققا ماڭىمىز» دىدىم، ئاكام بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ: «بىز ئىككىمىز ئاپامنى يالغۇز تاشلاپ كەتسەك بولمايدۇ، جان جىگەر ئىككى پارىسىدىن ئايرىلىپ قانداق ياشىيالىسۇن؟ ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دىگەندەك دوغىلار كۇندە كىلىپ بالاڭنى تاپ دەپ قىيناپ ئارام بەرمەيدۇ، سەن قايتىپ كىتىپ ئاپامنىڭ هالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغىن، مەن بىر ئامال قىلىپ ئاقسۇ تەرەپكە كىتىپ، بىر مەزگىل شۇ يەردە جان ئىتىپ، ۋەزىيەت ئوڭشالغاندىن كىيىن قايتىپ كىلىمەن» دىدى. مەن: «ئاكا، مەن سەندىن ئايرىلمايمەن، قەيەرگە بارساڭ بىللە بارىمەن، نىمە كۆرسەك تەڭ كۆرەيلى» دىدىم يىغلاپ تۇرۇپ،

ئاكام: «ياق، ئۇكام گەپ ئاڭلا، بىز دادامدىن كىچىك قالغاندىن كېيىن بىچارە ئاپام نۇرغۇن جاپا مۇشەققەتلەرنى، ئازاب، ئوقۇبەت خورالۇقلارنى تارتىپ بىزنى چوڭ قىلدى، ئەمدى ئىككى يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلىش ئازابىغا بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ، بىر سىمىز بولساقمۇ ئاپامنىڭ قېشىدا تۇرۇپ هالىدىن خەۋەر ئالايلى» دېدى.

مەن ئاخىرى ئاكامنىڭ گېپىگە كۆندۈم، ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ يىغا - زارە قىلىشىپ ئايرىلدۇق. ئادىمىزات يوق چۆل - جەزىرىدە جان - جىگەر قېرىنداشىمدىن ئايرىلىپ يۈرەك - باغرىم ئېرىپ ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشىپ كەتتى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا قانچە تىرىشساممۇ كۆزۈمدىن ياش ئىختىيارسىز ئاقاتتى، ئاكاممۇ يىغلىغىنىچە مەندىن ئايرىلىپ قۇم بارخانلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى[1] .

(3)

ما خۇسەن خوتەنگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ پۇقرالارغا بىر دەممۇ ئارامچىلىق بەرمىدى، پۇقرالارغا سالىدىغان زۇلۇملارنىڭ ھەممىسىنى سالدى، يۇرت - يۇرتلارغا ۋەزىپە چۈشۈرۈپ ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتتى، پۇقرالارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى، ئالۋان - سېلىقلارنى كۆپەيتتى. دەن ئاشلىقى (بىردەن 10 چارەك)، ئات، ئېشەك، قوي، كالا، توخۇ، ئۆردەك، تۇخۇم، ئوتۇن - سامان، پىچان، كىگىز -

[1] ئاكام ئالىم ئاخۇن شۇ ۋاقىتتا 21 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ئۆز جېنىنى ئېلىپ چۆل - باياۋانغا كىرىپ كەتكىنىچە غايىپ بولدى. ئۇنىڭ جەستى ھازىرغىچە تېپىلمىدى، ئۇنىڭغا تاغ مەھەللىسىدىكى ھەيزەت ئاخۇننىڭ قىزى ئايىم خاننى ئېلىپ بەرگىلى بىر يىل بولغان، ئايالىنىڭ قورسىقىدا 6 ئايلىق بولغان ئىدى، ئۇ قىز تۇغدى، ئىسمىنى مەرەمنىساخان قويدۇق، ئاپام ئايشىخان بىر ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى جاپا مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ئاكامنىڭ دەرت پىراقىدا تولا يىغلاپ 1948- يىلى 10- ئايدا ئالەمدىن ئۆتتى. كېيىن مەرەمنىساخانغا مەن ئاتىدارچىلىق قىلىپ تۇرمۇشقا چىقىرىپ ئۆيلۈك ئوچاق قىلدىم، ھازىر 67 ياشقا كىردى، بىر ئوغلى، ئۈچ نەۋرىسى بار، يولدىشى ئىمىن ئاخۇن دوڭ 1980- يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، شۇندىن بېرى قېشىمدا تۇرغۇزۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىمەن.



كىچەك، يوتقان - كۆرپە، خام (ماتا)، ئىگەر - يۈگەن، كۆن - خرۇم قاتارلىق ئالۋان - سېلىق 18 خىلدىن ئاشاتتى. زالىم تارى بەگ جەمئىيەتتىكى قانخور لۈكچەكلەردىن 30 - 40 دوغا تەشكىللەپ شۇ دوغىلار ئارقىلىق ئالۋان - سېلىقلارنى يىغدۇراتتى، دوغىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكىسى، مۇناپىقى ماخمۇت خوجۇن بولۇپ تەلپىگىنى ئەكەل دېسە بېشىنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئالۋان - سېلىقنىڭ ھەربىر تۈرىگە ئىككىدىن دوغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىك بېشىدىن كەتمەيتتى. تارى بەگنىڭ قاقشال كەنتىنىڭ قۇم بويىدا 20 - 25 ئېغىزلىق ئۆيى بار بولۇپ، ئېغىل - قوتانلىرى كەڭرى ئىدى، پۈتۈن يىغىلغان ئالۋان - سېلىقلارنى شۇ ئۆيلەرگە جۇغلاپ ما خۇسەن ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. تارى بەگ ما خۇسەننىڭ زۇلۇم - قامچىسىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئىنتايىن قەبىھ ۋاستىلارنى قوللىنىپ پۇقرالارنىڭ قان يىلىگىنى شورىدى، ئالۋان - سېلىقنى تۆلىيەلمىگەن دېھقانلارنى تۇتۇپ كېلىپ باغلاپ، ئۇرۇپ، قىيناپ، سولاپ قوياتتى، ھەتتا بەزىلەرنى باغلاپ دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ ئاپتاپقا قاقلاپ سۇ، نان بەرمەي يېرىم جان قىلىپ قويۇپ، مۇددەت بەلگىلەپ كېپىللىككە بېرىپ قويۇپ بىرەتتى. بۇنداق ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئالۋان - سېلىقنى كىممۇ تۆلەپ تۈگىتەلىسۇن؟

تەۋەككۇلغا ئىككى قېتىمدا 20 نەپەر ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى كەلدى، تارى بەگ بۇ پۇرسەتنى پايدىلىنىپ 15 ياشتىن يۇقىرى، 40 ياشتىن تۆۋەن دېھقانلاردىن 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ، پۇلى بارلاردىن پارە يەپ، بايلارنىڭ باللىرىنى قويۇپ بېرىپ، كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بەردى. ئەسكەرلىككە كەتكەن دېھقان

بالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ما خۇسەن قولىدا ئۆلدى، ئۆلمەي قالغانلىرىمۇ مېيىپ بولۇپ قايتىپ كەلدى، تارى بەگ ما خۇسەننىڭ يۈرگۈزگەن قانلىق سىياسىتى ئاستىدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور نەپكە ئېرىشتى.

ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ پۇلى بارلارنىڭ مال دۇنيالىرىنى بۇلاپ، چىرايلىق خوتۇن - قىزلارنى زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ھەيدەپ كېتىپ باسقۇنچىلىق ۋە ئاياغ ئاستى قىلاتتى، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۇرۇپ يېرىم جان قىلىپ قوياتتى، تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋات زېمىنىنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلاپ كەتتى، خەلقنىڭ تىرىكچىلىك، ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىدى.

1936- يىلى 7- ئاي مەزگىلىدە تەۋەككۇل خەلقى زۇلۇمغا چىداپ تۇرالماي ئەخمەت سەيدارى، شاكىر كۆك، ئابدۇراخمان جىگدەك قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ما خۇسەننىڭ ئازنا بازار، ئىسلامئاۋات چارشەنبە بازار شۆتاڭدىكى ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ خەلقنى بىر كۈن ئازاد قىلدى، ئەمما قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولۇپ ما خۇسەن ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كېلىپ، دەسلەپتە كەنتنىڭ بېشى بولغان ھوڭدىكى ئىمىن ھاجىم دېگەنلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆيدىكى پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى بۇلاپ، ئېغىلدىكى قويلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ ئۆلتۈرۈپ پىشۇرۇپ يېگەن، ئىمىن ھاجى «سىلەرنىڭمۇ چوڭقاڭلار باردۇر» دېگەندە نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلىغان. بۇ خەۋەر تېزلىك بىلەن پۈتۈن يۇرت ئىچىگە تارقالغاندىن كېيىن پۈتۈن دېھقانلار خۇددى قۇشتىن ئۈركىگەن قۇشقاچتەك تەرەپ - تەرەپلەرگە چىقىپ ئەتراپتىكى جاڭگال، چۆل - جەزىرىلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، قوزغىلاڭغا قاتناشقۇچىلار



يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ ئاقسۇ، كۇچا، شايار تەرەپلەرگە كەتتى، قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان دېھقانلار، بىزدە گۇنا يوق دەپ يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىشى بىلەن تۇتۇپ ئازنا بازاردىكى شۆتاڭغا سولىدى. تارى بەگ ئادەملەر توپىدىن كىمنى كۆرسەتسە شۇ چېپىلدى، تارى بەگ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتى بار كىشىلەرنى زىيۋازى (ئوغرى) دەپ ئايرىدى، دەسلەپتە ئاتبېشى كەنتىدىن ئەخمەت ئاخۇن چوقانى «ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئۆلۈملىرىگە مۇبارەك بولسۇن» دەپ تارتىپ چىقاردى. ئەخمەت ئاخۇن چوقا «شامال چىقتى يا ئاللا، بوران چىقتى يا ئاللا، تارى بەگنىڭ ساندۇقىدىن تۇڭگان چىقتى يائاللا» دەپ قوشاق قوشقان ئىدى. قوشنىسى يۈسۈپ دىۋانەم 70 ياشلاردا بولۇپ ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭغاندا، تارى بەگكە: «بىگىم مەن كىم ئۈچۈن ئۆلىمەن، ئۆلۈش سەۋەبىنى ئۇقۇپ ئۆلسەم كۆزۈم يۇمۇلىدۇ» دېگەندە، تارى بەگ: «ئوغلىڭىز ھاشىم دىۋانەم ئۈچۈن ئۆلىسىز» دېدى، يۈسۈپ دىۋانەم: «رەھمەت سىلىگە، بۇنداق ئۆلۈمنى ئۆمۈردە تاپماق تەس» دەپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئازنا بازارنىڭ شەرقىدىكى شولاقتا شۇ بىر قېتىمدا 36 نەپەر بىگۇناھ پۇقرا چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى قاچقانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئېتىۋەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ 7- ئاي بۇغداي پىشقان ۋاقىت بولۇپ، ئېتىز - ئورەك ئىشلىرى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، كەنتتە پەقەت ئۇششاق بالىلار، قېرى، ئاجىز، ئاياللار قالدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ، شۇ يىلى ئېتىزدىكى بۇغدايلار تولۇق يىغىۋېلىنمىدى، ئورنىغا قوناقمۇ تېرىلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ نۇرغۇن دېھقانلار يۇرتتىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر

بولدى.

مەن ئىككى كۈندۈز، بىر كېچە چۆلدە يۈرۈپ، قوساقنىڭ ئاچلىقىدا ماڭغۇدەك ھالىم قالمىدى، بۇ چۆل - جەزىرىدە نەدىمۇ يېگىدەك بىر نەرسە بولسۇن؟ كۈندۈزى دوغىلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ ئۆيگە كېچىدە قايتىپ چىقتىم. ئۆيدە ئاپام يوق، قولۇم - قوشنىلاردىن سورىسام، تارى بەگنىڭ دوغىلىرى ئاپام بىلەن يەڭگەمنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. بېشىم قاتتى، نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم، ئەتىسى قوشنىلاردىن يۈسۈپ ئاخۇن دەكچى ئاپامغا كېپىل بولۇپ، ئەكىرىشكە چىقىپ كەتتى، تارى بەگ: «سېنىڭ بالاڭنىڭ يۈرىكى نېمە دېگەن چوڭ، بىزنىڭ دوغىلىرىمىزنى ئۇرۇشقا پېتىنىپتۇ، قەيەردىن بولمىسۇن تاپسەن، بولمىسا كۆرگىلىكىڭنى كۆرسىتىمەن» دەپ ئاپامغا تەھدىت ساپتۇ، قوشنىمىز يۈسۈپ ئاخۇن دەكچى ئارىغا چۈشۈپ: «مەن كېپىل بولاي، بالىسىنى چوقۇم تاپسۇن، ھازىر بۇ ئايالنى قويۇپ بەرسىلە» دېگەندىن كېيىن، «ئوغلۇڭنى تېپىپ بەرسەڭ ھېچ گەپ يوق، بولمىسا 150 دەن ئاشلىق تاپشۇرىسەن» دەپ ھەپتىلىك مۆھلەت بىلەن ئاپامنى قويۇپ بېرىپ، يەڭگەم ئايىمخاننى ما خۇسەنىنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۈتۈشكە قالدۇرۇپتۇ.

ئاپام مېنى كۆرۈپ: «ساق - سالامەت قايتىپ كېلىپسەن ئوغلۇم، ئاكاڭ قېنى؟» دەپ سورىدى، ئاكامنىڭ ئاقسۇ تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئاپام: «ئاكاڭدىن ئايرىلدۇق، ئەمدى سەندىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ، دوغىلار كۈندە ئىزلەپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارغا ئۇچراپ قالساڭ تۇتىۋالىدۇ، كۈندۈزى تالا - تۈزگە چىقما، ساندۇق ئاستىدىكى ئورىدا ياتقىن» دەپ جىكىلىدى. بىر ھەپتىلىك



مۆھلەت توشۇپ، دوغىلار يەنە كېلىپ: «بالاڭنى تاپ، بولمىسا ئاشنى تاپشۇر» دەپ ئاپامنى قىستىغىلى تۇردى. ئاپام بەزى كۈنلىرى ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئۆيگە كەلمىدى، بۇنداق كۈنلەردە دوغىلار ئىشىك تۈۋىدىن كەتمەي، كۈن بويى ساقلاپ ئولتۇراتتى، دوغىلار ئۆينى بىر قانچە قېتىم ئاختۇرۇپمۇ مېنى تاپالمىدى. مەن ساندۇقنىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇ، زەي ئورىدا بىر ئايغا يېقىن ياتتىم، كۈندۈزى ئورىدىن چىقمىدىم، كېچىدە ئانچە - مۇنچە سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلدىم، بىرەر شەپىنى ئاڭلىغان ھامان چاشقاندەك يۈگۈرۈپ ئورىغا كىرىۋاللاتتىم. قىش كېلىپ سوغۇق باشلاندى، زەي ئورىدا يېتىۋېرىپ كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىپ، تەن سالامەتلىكىم ناچارلاشتى، بۇ تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرگەن بىلەن باراۋەر ئىدى.

ئاپام يەڭگەمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تارى بەگنىڭ قېشىغا چىقىپ: «بېگىم، بۇ كىچىك گۆدەك قىزغا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، قىزىمنىڭ قورسىقىدا بار، بۇ ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھايۋانلارغا تۇتۇپ بەرسىلە، ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىپ قالىدۇ» دەپ تارى بەگنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ يىغلاپتۇ، رەھىمسىز، زالىم تارى بەگ: «بالاڭنى تېپىپ ئەپچىقىپ بەر، بولمىسا 150 دەن ئاشنى تاپشۇر، شۇ ۋاقىتتا قىزىڭنى قويۇپ بېرىمەن، بولمىسا قىزىڭنى ئىزدەپ چىققۇچى بولما» دەپ قوغلىۋېتىپتۇ. ئاپام ئىنتايىن تەڭلىكتە قالدى، مېنى تاپشۇرۇپ بېرەي دېسە، ئاكامدىن ئايرىلدى، ئەمدى مەندىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىمايتتى، ئاش تاپشۇرايلى دېسەك، قوساققا تويغۇدەك يېگىلى نان يوق ئەھۋالدا 150 دەن ئاشلىقنى قەيەردىنمۇ تاپقۇلۇق. ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق، ئەت يۇمشاق، تاياق

قاتتىق، نېمە ئامال. بىچارە ئاپام «ئى يارانقان تەڭرىم، بەندەڭنى بۇنداق ئازاپ ئوقۇبەتلىك كۈنلەردىن بىراقلا قۇتۇلدۇرۇپ، جېنىمنى ئالساڭچۇ، ئاھ خۇدا . . . . . . » دەپ نالە قىلغىلى تۇردى. ئاپامنىڭ يىغا ـ نالىسىگە چىداپ تۇرالمىدىم دە ـ ساندۇقنىڭ ئاستىدىكى ئورىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئاپامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ئانا ـ بالا ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ بىر هازا يىغلاشتۇق، مەن: «ئاپا مېنى ئەپچىقىپ تارى بەگكە تاپشۇرۇپ بىرىڭ، ئەسكەرلىككە بىرەمدۇ ياكى باشقا بىر ئىشقا سالامدۇ، ئۆلۈپ قالمىسام قايتىپ كېلەرمەن، پىشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن، يەڭگەمنى قايتۇرۇپ ئەكىلەيلى، ئۇنىڭ بويىدا بار، ئاكامدىن ئايرىلدۇق، ئەمدى ئۇنىڭ ئايالى ۋە دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قالساق قانداق بولىدۇ» دېدىم، ئاپام بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن: «مەن تارى بەگنىڭ قېشىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ باقاي» دەپ ئۆيدە تۆت چارەك ئاش پاتقۇدەك بىر مىس چۆگۈن بار ئىدى، شۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، تارى بەگ چۆگۈننى ئېلىپ: «بالاڭ ئەسكەر بولمايدۇ، قوشلاشتىكى ئەسكەرلەرگە ئالتە ئاي چاي قاينىتىپ بەرسۇن، ئالتە ئايدىن كېيىن ئورنىغا ئادەم ئالماشتۇرۇپ بالاڭنى قويۇپ بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن ۋەزىپىنى ئورۇندىغان بولىسەن، بۇنىڭدىن كېيىن دوغىلار ئىزدەپ بارمايدۇ» دەپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن مېنى تارى بەگكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، يەڭگەمنى ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ چىقتى.

تارى بەگنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ 5 ـ 6 كۈن ئات باقتىم، بىر كۈنى قوشلاشتىكى ئەسكەرلەرگە نان توشۇيدىغان ئېشەكچىلەرگە قوشۇپ ماڭدى. «ئاكاڭ قاچقان ئىدى، سەن تۇتۇلدۇڭ، سەن



قاچساڭ ئاناڭ بىلەن يەڭگەڭنى تۇتۇپ سولايمىز، ھەرگىز قاچقۇچى بولما» دەپ جىكىلىدى. ئېشەكچىلەر بىلەن بىرگە چىلەك دۆڭ، قومۇش توقاي، ئاچچىق جىلغا، باش توغراق، ئوتتۇرا توغراق، ئاياغ توغراق، تار توقاي، شامال قاتارلىق توقايلىقلارنى بېسىپ بىر قونۇپ ئەتىسى كەچتە قوشلاشقا يېتىپ بېرىپ 2- روتىغا چۈشتۇق (بۇ ئېھتىمال 1936- يىلى 1- ئاي بولسا كېرەك، چۈنكى دەريانىڭ سۇلىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى) . مېنى ئاپارغان ئېشەكچى تونۇشتۇرۇپ: «چاي قاينىتىش ئۈچۈن كەلدى» دېدى، ئۇ يەردە تەۋەككۇل كېرىيە ئۆستەڭ بويىدىن روزى ئاخۇنۇم ئىككى ئېشەك بىلەن ئوتۇن توشۇيدىكەن، تۇرەك ئاخۇن بەگگى ئات باقىدىكەن، قاراقاشلىق داۋۇت ئاشپەز تاماق ئېتىدىكەن، ئات بېشىدىن نىياز موللام كالتەك سۇ توشۇيدىكەن، مەن بارغان كۈندىن باشلاپ 6 دانە چۆگۈندە چاي قاينىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ 6 چۆگۈندە قايناق سۇ قاينىتىپ قويدۇم، كىم بىلسۇن، روتا باشلىقى لى فېڭيۈەن ئەتتىگەندە يۈزىنى يۇيۇش ئۈچۈن قاينىتىپ قويغان سۇنى قولىغا قۇيغان ئىكەن قولى قايناق سۇدا كۆيۈپ قالدى، «ۋۇ خۇندەن» (ئەبلەخ) دەپ قولۇقۇمنى تارتىپ سوزۇپ، كاللا ـ باشلىرىمغا ئۇرۇپ كەتتى، ياتقۇزۇپ ئىككى، ئۈچنى قاتتىق دەسسىدى، بىر قوۋۇرغام ئىگىلىپ، ئۆپكىنى بېسىۋالغان ئىكەن، نەپەس ئالالماي تۇگۈلۈپ كەتتىم، ئورنۇمدىنمۇ تۇرالمىدىم، تۇرەك ئاخۇن بەگگى لى فېڭيۈەننى تۇتۇۋېلىپ: «خاپا بولماڭ، بالا كىچىك، ئىش ئۇقمايدۇ، يېڭى كەلدى» دەپ تىلىۋالدى ھەم مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئىككى قولۇمنى بويىنىغا گىرە قىلىپ تۇتقۇزۇپ، قولىنى ئۇششاق قوۋۇرغا تەرەپتىن قوۋۇرغا ئاستىغا تىقىپ، ئىگىلگەن

قۇۋۇرغىنى رۇسلاپ قويدى. نەپەس ئېلىپ ئازابتىن بىر ئاز يېنىكلىگەندەك بولدۇم، لېكىن روھىي ئازاب تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. «مېنىڭ كۆرگىلىكىم تېخى ئالدىمدا ئوخشايدۇ، بۇ زالىملارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، يا بولمىسا زەخىملىنىپ مېيىپ بولىدىغان بولدۇم» دەپ يىغلاپ كەتتىم، تۇرەك ئاخۇن بەڭگى ماڭا تەربىيە بېرىپ: «بىز دېھقانلارنىڭ نېمە ئامالىمىز بولسۇن، بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، 6 چۆگۈندىن ئۈچ چۆگۈندە توختىماي چاي قاينىتىڭ، ئەسكەرلەر چاينى كۆپ ئىچىدۇ، ئۈچ چۆگۈندە يۈز يۇيۇش ئۈچۈن ئىسسىق سۇ تەييارلاپ قويۇڭ» دەپ ئۆگىتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن شۇ بويىچە ئىشلىدىم، كېيىنچە ئەسكەرلەر بىلەنمۇ چىقىشىپ كەتتىم. بۇ روتىدا 30 دىن ئوشۇق ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ناسىراخۇن دەيدىغان بىر تۇرپانلىق فۇگۇەن بار ئىكەن، ئۇ خەنزۇچە گەپكە بەكمۇ ئۇستا ئىكەن، ئۇلارنىڭ گېپىنى ماڭا ئۆرۈپ بەردى، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنداق ئۇقۇشماسلىق ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمىدى.

هەر كۈنى 2 ئاتلىق ئەسكەر خىراۋان، پاختەك، مۇمۇن، ئاقباش، ماجان، مازار تاغلىرىغىچە بېرىپ ئاتلىق چارلاش ئېلىپ بارغاندىن باشقا، قالغان ئەسكەرلەر قىمار ئويناش، ئەپيۇن چېكىش بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاندا ـ ساندا دەرياغا چۈشۈپ ئاتلىق مەشىق ئېلىپ باراتتى.

بىر كۈنى ناسىر فۇگۇەن ماڭا: «مېنىڭ ئەسلى يۇرتۇم تۇرپان، ما خۇسەن شىنجاڭغا چىققاندا بىر قىسىم تۇرپان ياشلىرىنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتتى، ئانام، دادام بىر سىڭلىم بار ئىدى، هازىر مېنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلىكىمنى،



قەيەردە ئىكەنلىكىمنى ئۇقمايدۇ، تۇرپاندىن بۇ يەرگە كەلگىچە نۇرغۇن ئۇرۇشقا قاتناشتىم، مېنىڭ جېنىم ئامان قالدى، مەن بىلەن بىللە چىققانلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جەسىدى چۆل ـ جەزىرىلەردە قېلىپ، قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولدى، ئۆلمەي قالغانلارنىڭمۇ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايمەن، شېڭ شىسەي، خوجىنىياز هاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ، ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە ئەكەلدى، بىزنى بۇ يەردە يول توسۇپ تۇرغۇزۇشتىكى مەقسىتى، شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ خوتەن دەرياسىنى بويلاپ خوتەنگە كېلىشىنى توسۇشتىن ئىبارەت، ئەگەر ئۇلار كېلىپ ئۇرۇش بولۇپ قالسا ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ، چۈنكى شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىرى زامانىۋى، خىل ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ، بىزنىڭ جەسىدىمىز هامان چۆلدە قالىدۇ، مەن كىچە ـ كۈندۈز ما خۇسەننىڭ قولىدىن قېچىپ كېتىشنى ئويلىغان بولساممۇ پۇرسەت تاپالماي قاچالماي قالغان ئىدىم، ئەمدى پۇرسەت كەلدى، بىللە قېچىپ تۇرپانغا كېتەيلى، سىڭلىمنى ساڭا بېرەي» دېدى. «قانداق قاچىمىز؟ تۇتۇلۇپ قالساق بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دېدىم، مەن. ئۇ: «هەر كۈنى ئىككى ئاتلىق ئەسكەر يول چارلاپ مازار تاغقىچە بارىدۇ، ماڭا چارلاش نۆۋىتى كەلگەندە سەن لى فۇگۇەنگە مەنمۇ بىللە باراي دېگىن، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، مازار تاغقا بارغاندا بىللە كەلگەن ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچىمىز، 2، 3 كۈندە ئاقسۇ تەۋەلىكىگە كىرىپ كېتىمىز، ئۇ يەردە شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بار» دېدى. مەن بىللە قېچىپ كېتىشكە قوشۇلدۇم، تەييارلىق پۈتۈپ پۇرسەت كەلگەندە

قاچماقچى بولدۇق، لېكىن شۇ كېچىسى كۆزۈمگە پەقەت ئۇيقا كەلمىدى، كۆپ ئويلاندىم، ئىلگىرى بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم، بولۇپمۇ تارى بەگنىڭ «ئاكاڭ قاچقان ئىدى سەن تۇتۇلدۇڭ، سەن قاچساڭ ئاناڭ بىلەن يەڭگەڭنى تۇتىمىز، ھەرگىز قاچقۇچى بولما» دېگەن گېپى ئېسىمگە كەلدى، مەن قېچىپ جېنىمنى جان ئەتسەم ئانام بىلەن يەڭگەم قانداق كۈنگە قالار دەپ ئويلىدىم، ئۇلارنى ئازاب ئوقۇبەتكە تۇتۇپ بېرىشكە ۋىجدانىم چىدىماي، قاچماي دېگەن ئويغا كەلدىم، ئەتىسى ئەتىگەندە ناسىر فۇگۇنگە: «مەن قاچماي، مەن كەتسەم ئاپام بىلەن يەڭگەم مۇشۇلارنىڭ قولىدا قالىدۇ، سىز كېتىڭ، مەن سىزنىڭ قېچىشىڭىزغا ياردەملىشىمەن» دېدىم، ئۇ ماڭا ئىشەنمىگەندەك قىلدىمۇ - بىر ئاز ئۇڭايسىزلىنىپ قالدى، ئۇ ماڭا: «بۇ گەپنى بىر كىشى ئۇقمىسۇن، بولمىسا قېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆلمىمىزنى كۆرىمىز» دېدى. مەن: «خاتىرجەم بولۇڭ، ھېچ كىشىگە تىنمايمەن، بىرسىمىز بولساقمۇ بۇ زالىملارنىڭ قولىدىن قۇتۇلغىنىمىز ياخشى» دېدىم، ئۇ يەنە: «پۇرسەت تېپىپ بىر سومكىغا نان، كۆكەيگە سۇ قاچىلاپ گازارمىدىن 200 مېتىر يىراقلىقتىكى بىر توغراقنىڭ تۈۋىگە قويۇپ قوي، مەن شۇ يەردىن تېپىپ ئالاي» دېدى، مەن دېگەندەك قىلدىم، ئۇ بىر ئەتىگىنى يول چارلاشقا كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، ئۆز يۇرتىغا يېتىپ بارالىدىمۇ ياكى جەسىدى چۆل - جەزىرىلەردە قالدىمۇ - بۇنى ئۇقمايمەن.

ناسىر قېچىپ كەتكەندىن كېيىن روتىدىكى ئەسكەرلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى، جىددىي يىغىلىش قىلىپ ئىنتىزامنى كۈچەيتتى، ئىلگىرىكى بىر ئىككى ئەسكەر يول چارلاشنى ئۈچ



ئەسكەر بىرىشقا ئۆزگەرتتى، بىرسى مەسئۇل بولۇپ ۋاقىت بەلگىلەپ ئۆز ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمىسە ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى بېكىتىپ، ئەسكەرلەرنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى بەلگىلەپ قاتتىق ئىنتىزام تۇرغۇزدى.

ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي، دېھقانلاردىن گۆش، ياغ، تۇخۇم، كۆكتات قاتارلىقلارنى يىغاتتى، بۇلارنى كەنتتىن بىر گۇرۇپپا ئادەم ئېشەك بىلەن ئىككى كۈندە بىر قېتىم يەتكۈزۈپ بېرەتتى، يەنە بىر گۇرۇپپا ئوت، سامان، پىچان، بوغۇز، كېپەك قاتارلىقلارنى ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئېشەك بىلەن يەتكۈزەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا. مەخسۇس بىر ئادەم خەت ئالاقە توشۇيتتى. تەۋەككۇل قاقشالدىن 25 ياشلاردىكى تۇرسۇن قاقشال دېگەن ئادەم مەخسۇس خەت ئالاقە ئەكىلەتتى ۋە بۇ يەرنىڭ خەت ئالاقىسىنى ئېلىپ چىقىپ تارى بەگكە بېرەتتى، تارى بەگ مەخسۇس ئادەم بىلەن خوتەنگە چىقىراتتى.

بىر كۈنى ئەسكەرلەر زاپاس قوراللىرىنى گازارمىدا قويۇپ ئاتلىرىنى مىنىپ دەرياغا ئاتلىق مەشىق قىلىشقا كەتكەن ئىدى. تۇرسۇن قاقشال كەنتتىن ئالاقە ئېلىپ كەلدى، ئالاقىنى تاپشۇرۇپ ئالغىلى لى فۇگۇەن بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۇرسۇن قاقشال بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، گازارمىدا قالغان قورالدىن بىردانە بەش ئاتار مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ: «ھەي، مۇشۇ نەرسە بولسا ما خوسەنلەرنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش ئاسان بولاتتى» دېدى دە - مىلتىقنى شاتاق - شۇتۇق قىلغان ئىدى، پاڭ قىلىپ بىر پاي ئوق چىقىپ كەتتى، تۇرسۇن قاقشال قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ مىلتىقنى تاشلاپ جاڭگالغا

قاراپ قاچتى، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەر دەرھال مەشىق مەيدانىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، تۇرسۇن قاقشالنى قوغلاپ تۇتۇپ كەلدى، ئۇنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشىغا قارىماي، ئاستىغا كۆتەك قويۇپ ئىككى پۇتىنى تىزىنىڭ ئاستىدىن كالتەك بىلەن ئۇرۇپ چۇل - چۇل قىلىپ چېقىۋەتتى، پاچاقنىڭ سۆڭەك پارچىلىرى گۆشنى تېشىپ چىقتى، پاچاقتىن قان ئېقىپ تۇرسۇن قاقشال ھوشىدىن كەتتى، لى فۇگۇەن «ئاپىرىپ توغراق تۈۋىگە تىرىك كۆمۈۋېتىڭلار» دېدى، شۇ يەردە بار بىر قانچە ئۇيغۇرلار لى فۇگۇنگە يالۋۇرۇپ ئۇنى تىلىۋالدۇق ھەم كەنتتىن ئوت - پاسار ئەكىرگەن ئېشەكچىلەرگە تۇتقۇزۇپ، ئېشەككە ئارتىپ بەردۇق، ئۇنى كەنتكە ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئۇزۇنغا قالماي ئىككى پۇتى يىرىڭداپ، سېسىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

6- ئاينىڭ ئاخىرى دەرياغا كەلكۈن كېلىشتىن بۇرۇن 2- روتىغا قايتىپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى، بۇيرۇق كېلىشى بىلەن يولغا چىقتۇق، قوشلاشتىن ئۆتۈپ يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ، شامال دېگەن توقايلىققا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، يولنى پەرق ئېتىپ ماڭغىلى بولمىدى، شۇ يەردە ئارام ئېلىپ دەم ئالدۇق، ئاتلارغا ئوت، بوغاز بېرىپ تويغۇزدۇق. ئەتىسى ئەتتىگەندە يولغا چىقتۇق، لى فۇگۇەن ئەپيۇن چېكەتتى، چېكىدىغان ئەپيۇن تۈگەپ قالغانمۇ قانداق، ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇپ ئات ئۈستىدە ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭدا ئۈچ ئات، بىر تاپانچا، بىردانە بەش ئاتار مىلتىق بار ئىدى، بەش ئاتارنىڭ ئوقىنى ئېلىۋېلىپ مىلتىقنى ماڭا كۆتۈرۈپ مېڭىشقا بەردى. مىلتىقنى يۇدۇپ، لى فۇگۇەننىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كېتىپ باراتتىم، تار توقاي دېگەن يەرگە كەلگەندە يۇلغۇن تۈۋىدىن تۇيۇقسىز بىر توشقان يۈگۈرۈپ چىقتى، ئات



ئۈركۈپ لى فۇگۇەن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ يەردە يېتىپ تۇرۇپ ئاتنى ئېتىۋەتتى. «ئاتنى نىمىشقا چىڭ تۇتمايسەن» دەپ قولۇمدىكى بەش ئاتارنى تارتىۋېلىپ، بېشىمغا مىلتىق بىلەن ئۈچ، تۆتنى سالدى، سول قۇلۇقۇمنىڭ ئۈستى تەرىپى يېرىلىپ كېتىپ، باش - كۆزۈم قانغا بويالدى، ئاغرىق ئازابىغا چىداپ تۇرۇپ يەنە بىر ئاتنى تەييار قىلىپ لى فۇگۇەننى ئاتقا مىندۇرۇپ، ئاچچىقىنى بېسىشقا ئۇرۇندۇم. بېشىمدىن قان، كۆزۈمدىن ياش ئېقىۋاتقان بولسىمۇ بۇ سورىقى يوق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىمغا خۇشال ئىدىم. شۇ كۈنى كەچتە ئىسلامئاۋاتقا چىقىپ قاسىم بەگنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق، قاسىم بەگ كاتتا زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى، ئەسكەرلەرنى بىركېچە - كۈندۈز دەم ئېلىپ ئويناشقا قويۇۋەتتى، ئالتە ئايدىن بۇيان ئايال كۆرۈپ باقماي، ئېچىقاپ كەتكەن بۇ ھايۋانلار تەرەپ - تەرەپكە تاراپ پۇقرالارنىڭ ئۆيىگە خالىغانچە ئۇسۇپ كىرىپ، خوتۇن - قىزلىرىنى قېرى - ياش دېمەي ئاياغ ئاستى قىلدى، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۇرۇپ، زەخىملەندۈرۈپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدى، ئەتىسى تەۋەككۇلغا ئۆتۈپ تارى بەگنىڭ ئۆيىدە قوندۇق، ئۇ يەردىمۇ قاسىم بەگنىڭ ئۆيىدە قونغاندا يۈز بەرگەن ئىشلار ئەينەن تەكرارلاندى، ئەتىسى ئەسكەرلەر خوتەنگە كەتتى، مەن ئايرىلىپ قالدىم، تارى بەگ مېنى قويۇۋەتتى، مەن ئۆيگە كېلىپ ئاپام ۋە يەڭگەم بىلەن جەم بولدۇم.

(4)

يۇرۇڭقاش دەرياسى پەسىللىك دەريا بولۇپ، ھەر يىلى 7-، 8-، 9- ئايلاردا دەرياغا كەلكۈن كېلىپ ئىسلامئاۋات بىلەن تەۋەككۇل ئوتتۇرىسىدىكى دەريادىن ئادەم ئۆتەلمەيتتى، بۇ

ۋاقىتتا دەرياغا كېمە سېلىپ كېمە ئارقىلىق ئۆتەتتى، يىراقراق تۇغقىنىمىز مەتقۇربان ئاخۇن كۆيەك دېگەن كىشى دەريادا كېمە ھەيدەيتتى، ئاپام مېنى شاگىرت قىلىپ، كېمەچىلىككە بەردى، بىر كۈنى كېمىنى ساقلاپ، كېمە ئۈستىدە ياتسام يۇقىرى تەرەپتىن دەريانى بويلاپ ئاتلىق ۋە پىيادىلىك نۇرغۇن ئادەم كېلىپ: «كېمىنى ئۇقاتقا ھەيدە» دېدى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي گاڭگىراپ قالدىم، ئۇلار «بىز قوزغىلاڭچىلار، ما خۇسەننىڭ ئازنا بازار شۈتاڭدىكى ئەسكەرلىرىنى يوقاتتۇق، ئەمدى ئىسلامئاۋاتتىكى ئەسكەرلەرنى يوقىتىپ، خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىمىز» دېدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال كېمىنى تارتىپ، كېچىككە سېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى دەريادىن ئۆتكۈزدۇم، مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىنى دەريا بويىدا باغلاپ قويىدى، كېمىگە پاتمىغان، سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلار سۇ كېچىپ ئۆتتى، مەن كېمە ھەيدەيدىغان پالاقنى سۇندۇرۇپ قولۇمغا بىردانە كالتەكنى ئالدىم ـ دە قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدىم، قارىسام ئۇلار ئارىسىدا بىر قانچە ئادەم يۈزىگە نىقاپ تارتىۋاپتۇ، تاڭ سەھەر بامدات ناماز ۋاقتىدا ئىسلامئاۋاتقا يېتىپ كەلدۇق، چوڭ خانىقانىڭ ئالدىغا كەلسەك بىر ما خۇسەن ئەسكىرى (ئۇيغۇرچە ئىسمى نىياز ئىكەن) مەسچىتكە ناماز ئوقۇشقا كىرىپ كەتتى، بىز ئارقىسىدىن بېسىپ كىردۇق، ئۇ ناماز ئوقۇشقا كىرگەن جامائەت ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تۇيمىدى، ئىسلامئاۋات قاچچى ئىبرىقتىن قۇرباناخۇن توخى ئارقىسىدىن كېلىپ قۇچاقلىۋالدى، ئاڭغىچە مەن بېرىپ تۇتۇۋالدىم، شۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى ھېكىم ئەلىمئاخۇنۇم دېگەن كىشى كېلىپ: «بۇ خۇدانىڭ ئۆيى، بۇ يەردە جىدەل چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، قان



تۆكۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ» دەپ قويدۇرۇۋەتتى، ئۇ ما خۇسەن ئەسكىرى قېچىپ چىقىپ قولىغا قورال ئېلىپ بىزگە قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئوق تەۋەككۈل تۇگمەن ئىبرىقتىن جالالىك ئاخۇن تاغ دېگەن كىشىگە تېگىپ نەق مەيداندا ئۆلدى، ئىسلامئاۋات ئۈزۈن كۆلدىن تاۋاردىن ئاخۇن توكا دېگەن كىشىگە ئوق تېگىپ يىقىلدى (كېيىن ئۆلدى)، تەۋەككۈل قاپچى كەنتىدىن قادىر ئاخۇن چارا دېگەن كىشىنىڭ گەدىنىنىڭ پاتىڭىغا ئوق تەگدى (ئۇ كېيىن ساقايدى)، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ باشقا ئەسكەرلەر تۆيۈپ قېلىپ، بىزگە قارىتىپ ئوق چىقاردى، بىز تەرەپمۇ ئولجا ئالغان مىلتىق ۋە يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىۋالغان پاۋان مىلتىقلاردىن ما خۇسەن ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ ئوق چىقاردۇق، ئىككى تەرەپ بىر ئاز تىركەشكەندىن كېيىن، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ئوق ئېتىپ تۇرۇپ قاراقاش دەرياسى (ئىسلامئاۋاتنىڭ غەربىگە) تەرەپكە قاچتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ توپى قالايمىقان، ھەممە كىشى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزلىرى ياسىۋالغان كالتەك، پالتا، ئارا قاتارلىق قوراللار بىلەن قاچقان ئەسكەرلەرنى خېلى بىر يەرگىچە قوغلاپ باردۇق، بىز پىيادە، ئۇلار ئاتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئارقىسىدىن يېتەلمەي قايتىپ كەلدۇق، چارشەنبە بازارغا كېلىپ تۇرۇۋشىمىزغا بىر كىشى كېلىپ: «ئارقا تەرەپتە بىر ئەسكەر جىگدىگە ئۇسۇپ زەخىملىنىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى، يۈگۈرۈشۈپ باردۇق، ۋاڭ دۈيجاڭ دېگەن ئەسكەر ئىكەن، ئۇ ئارقىغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ قاچقاندا مىنگەن ئېتى دوڭغاق جىگدىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ جىگدىگە ئۇسۇپ بېشى يېرىلىپ ھوشىدىن كەتكەن ئىكەن، ئىسلامئاۋات قۇمئېغىلدىن تۇردى ئاخۇن كاسكى دېگەن كىشى: «قوي ئەكەلسەم ئورۇق دەيسىز، پىچان ئەكەلسەم

ياراتمايسىز، قوناق ئەكەلسەم ئاز دەيسىز، مانا ئەمدى تويغا» دەپ كالتەك بىلەن بېشىغا ئىككىنى سالغان ئىدى ـ غىڭ قىلماي ئۆلدى. قايتىپ كەلسەك يەنە بىر ئەسكەر قېچىشقا ئۇلگۇرەلمەي ماخوغا يوشۇرۇنىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قورال يوق ئىكەن، تاغ مەھەللىدىن غوجى ئەخمەت بوتۇك قولىدىكى چوماق بىلەن ئىككىنى سالغان ئىدى بېشى يېرىلىپ يەرگە يىقىلدى. كېرىيە ئۆستەڭ بويىدىن ئىمىن ئاخۇننىڭ كۆكرىكىگە ئىككىنى دەسسىگەن ئىدى ئۆلدى. ئىسلامئاۋاتتا ئىككى ئەسكەر ئۆلتۇرۇلدى، ئالتە ئەسكەر قېچىپ كەتتى، قوزغىلاڭچىلار چارشەنبە بازار ئىچىدىكى قاسىم غېجەكنىڭ هويلىسىغا توپلاندى. بۇ خەۋەر كەنت ئىچىگە تارالغاندىن كېيىن ئاڭلىغان ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگىلى تۇردى، بازار ئىچى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى، ئادەم ـ ئادەمنى تونۇغىلى بولمايتتى، قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئاممىا ئارىلىشىپ كەتتى، ھەممىسى هويلا ئىچىگە تەلپۈنۈپ: «بىزنى ئازاد قىلغان پادىشاھنى كۆرسەك» دەيتتى، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە ئۈچ كىشى يۈزىگە نىقاپ تارتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى ئىمىن ھەزرەت، يانا بىرىنى شاھ مەنسۇر دېيىشكەن ئىدى، ئۇزۇندىن بۇيان ئازاب ـ ئاقۇبەت ئاستىدا ئېڭراپ ياتقان دېھقانلار ئىنتايىن خۇشاللىق كەيپىياتى بىلەن تەلپەكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىپ، چاۋاك چېلىپ، «بىزنى ما خۇسەنىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغان پادىشاھ ياشىسۇن» دەپ شوئار توۋلاپ: «پادىشاھ بىزنى قوبۇل قىلسۇن، ئۆزىنى كۆرسەتسۇن» دەپ چوقان سېلىپ تۇرۇۋالدى. ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن هويلا ئىچىگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ خەۋەر قوزغىلاڭ باشلىقلىرىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن «10 نەپەر ئاممىا ۋەكىلى



كىرسۇن، پادىشاھ قوبۇل قىلىدىغان بولدى» دېگەن خەۋەر چىقتى، ئىسلامئاۋاتتىكى يۇرت كاتتىلىرىدىن قاسىم بەگ، رەخمەت مىراپ، ھېكىم ئەلەم، نىياز مىراپ قاتارلىق 10 نەپەر ۋەكىل كىرىپ كەتتى، ئۇلار قايتىپ چىقىپ: «ئىش چاتاق، ئىش چاتاق ئىكەن» دېگىنىچە توختىماي قايتىپ كەتتى. توپلانغان ئاممىمۇ خامانغا چۈشكەن قۇشقاچتەك گۇررىدە تاراپ كەتتى، ئىشنىڭ سىرىنى ئۇقالمىغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن تەۋەككۇلدىن كىرگەن قوزغىلاڭچىلار قالدۇق، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدۇق.

ئىش ئەسلى مۇنداق ئىكەن، نىقاپ تارتىۋالغانلار نىقاپلىرىنى ئېلىپ ئۆزلىرىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئىمىن ھەزرەت دېيىلگەن كىشى قاراقاشلىق ئەخمەت سەيدارى، شاھ مەنسۇر دېيىلگەن كىشى تەۋەككۇل ئات بېشىدىن شاكىر كۆك ئىكەن، شۇڭا ئۇلارنى كۆرۈپ جامائەت «ئىش چاتاق» دەپ تاراپ كەتكەن ئىكەن. قوزغىلاڭ باشلىقلىرى ئاممىنىڭ تاراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى چۈشەندى بولغاي، ئەخمەت سەيدارى دېگەن كىشى مەيدانغا چىقىپ: «جامائەت، بىزگە ئىشىنىڭلار، ما خۇسەننى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايەت بويىچە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، خوتەن بىلەن تەۋەككۇلنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن بىر كۈن بۇرۇن قوزغالدۇق، سېپىل ئىچىدىكى ئەسكەرلەر بىزگە ماسلىشىدۇ، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، بىز بىلەن خوتەنگە چىقىپ ئىنقىلاب قىلىدىغان بولساڭلار مېڭىڭلار» دېدى ـ دە ئاتلىنىپ دەريا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئارقىدىن بىزمۇ ماڭدۇق، دەريا لېۋىگە كەلسەك تەۋەككۇلدىن نۇرغۇن ئادەملەر

كېلىپ تۇرغان ئىكەن، بىزنىڭ ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ غەلىبە قىلغىنىمىزنى ئاڭلاپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن ئادەملەر بىزگە قوشۇلۇپ خوتەنگە قاراپ ماڭدى. يول بويى كەنت - كەنتلەردىن نۇرغۇن ئادەملەر قولىغا پالتا، ئارا، كالتەك، چوماق قاتارلىق قوراللارنى ئېلىپ سەپكە قوشۇلۇپ خوتەنگە قاراپ ماڭدۇق. كەنت بېشىدىكى چىمىيۇلغۇن دېگەن يەرگە كەلگەندە ئارقىمىزدىن 1000 دىن ئارتۇق دېھقانلار ئەگىشىپ چىقتى. ئاپام ئارقامدىن چىقىپ مېنى قايتۇرۇپ كەلدى. قوزغىلاڭچىلار خوتەنگە قاراپ كەتتى. بىزنىڭ ئۆي دەرياغا يېقىن ئىدى، دەرياغا بېرىپ كېمە ئۈستىدە ياتتىم، قوزغىلاڭچىلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمدىن قاتتىق ئىچىم پۇشۇپ، كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقا كىرمىدى، يېرىم كېچە بولغاندا كېمە قېشىغا 3، 4 ئادەم پەيدا بولدى، ئۇنىڭ بىرى ئابدۇراخمان جىگدەك ئىكەن، ئۇلار: «بىز باش لەڭگەرگە چىققان ئىدۇق، ما خۇسەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بېسىپ كېلىپ بىزگە قارىتىپ ئوق ئاتتى، بىز تۈزلەڭلىكتە ئۇچرىشىپ قالدۇق، ئەگەر ئۇرۇش قىلىدىغان بولساق بىزدە قورال يوق، كالتەك - چوماق بىلەن زامانىۋى قوراللانغان مۇنتىزىم قوشۇنغا تەڭ كېلەلمەي ھەممىمىز قىرىلىپ تۈگىشەتتۇق، شۇڭا قوزغىلاڭچىلارنى چېكىنىپ ئۆز جېنىنى ساقلاشقا بۇيرۇق بېرىپ، بىز دەرياغا چۈشۈپ سۇ بىلەن قېچىپ كەلدۇق، قالغانلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ جېنىنى ساقلاپ قالدى. ئۇزۇن شوردا (باش لەڭگەرنىڭ ئۈستى تەرىپى) 4، 5 يۈزدەك كالا پادىسى ئوتلاپ تۇرغان ئىكەن، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى يىراقتىن كالا پادىسىنى كۆرۈپ، نېمە دېگەن كۆپ ئەسكەر بۇ، غوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى چىققان ئوخشايدۇ، دەپ ئوق ئېتىپ سىناپ باققان ئىكەن، بىز ئوق



ئاۋازىنى ئاڭلاپلا چېكىندۇق، بولمىسا ئاتلىق ئەسكەرلەر بېسىپ كېلىپ تۈزلەڭلىكتە ھەممىمىزنى قىرىۋەتكەن بولاتتى» دېدى - دە دەريانى بويلاپ ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ كەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئۆيگە بېرىپ بىر ئاز ئوزۇق ئالدىمدە يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ كەنتنىڭ ئارىلىقىدىكى بوتتۇر مازاغوجامغا باردىم، تەرەپ - تەرەپتىن دېھقانلار كالا، قوي، ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ قېچىۋېتىپتۇ، ھەممىسى ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. قوشنا كەنتتىن تالىپ تاغ، قاپچى كەنتىدىن مەمتىمىن ئورۇق قاتارلىق 10 دەك ئادەم بىلەن چىلەك دۆڭ دېگەن يەرگە كەلگەندە تاڭ يورۇپ كۈن چىقتى، كەنت تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلانغىلى تۇردى، بىز يولدىن چىقىپ شەرىق تەرەپكە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتۇق. 10 نەچچە ئادەم تارقىلىپ نىشانسىز قۇم بارخانلىرى ئىچىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتۇق، ئارقىمىزدىن گۆر - گۆر قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلانغىلى تۇردى، قورۇققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ، دېگەندەك قاچقانسىرى ئاۋاز تېخىمۇ يېقىنلاشتى. كەينىمىزدىن تۇتقىلى كەلگەنلەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تېخىمۇ تېز قاچتۇق. 2، 3 كىلومېتىردەك يۈگۈرگەندىن كېيىن ھېرىپ كېتىپ پۇت - قولىمىزدا ئازراقمۇ ماغدۇر قالماي بىر چوڭ دۆڭنىڭ ئاستىدا توختاپ دەم ئالدۇق، باشقىلارمۇ بىردىن، ئىككىدىن كېلىپ جەم بولدى. كەينىمىزدە ئاڭلانغان گۆر - گۆر ئاۋازمۇ يوقاپ كەتتى. خۇداغا شۈكرى، ئەمدى قۇتۇلغان ئوخشايمىز دەپ چۈشكە قەدەر دەم ئېلىپ ياتتۇق، لېكىن ھېچقايسىمىزدا سۇ يوق، ئۇسسۇزلۇق قىيناشقا باشلىدى. چۈشتىن كېيىن كەينىمىزگە قايتتۇق، ئازراق ماڭغان ئىدۇق يەنە گۆر - گۆرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، قارىساق مەمتىمىن ئورۇق دېگەن ئادەم

ئۆشنىسگە بىر قۇرۇق قاپاقنى يۇدۇۋالغان ئىكەن، شامالدا قاپاقنىڭ ئاغزى گۆر - گۆر قىلغان ئىكەن، ئۆزىمىزنىڭ سايىسىدىن ئۆزىمىز ئۈركۈپ قاچقان ئىكەنمىز. دەريا لىۋىگە چىقىپ قانغۇدەك سۇ ئىچىپ، قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە يۇشۇرۇنۇپ ياتتۇق. كېچىدە كەنتكە ئادەم چىقارتىپ ئەھۋال ئۇقۇشۇپ، ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ كەلدۇق. شۇنداق قىلىپ جاڭگال ئىچىدە 10 نەچچە كۈن يېتىپ، ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ قايتىپ كېتىپ جاهان تىنچلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، كەنتكە قايتىپ چىقتۇق.

ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ بېسىپ كېلىپ چاپ - چاپ قىلغان ئەھۋالىنى ئالدىدا بىر ئاز سۆزلەپ ئۆتتۇق، شۇ ۋاقىتتىكى چاپ - چاپتا ئىسلامئاۋاتتىمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى چېپىپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن. 1937- يىلى 7- ئاي مەزگىلىدە تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋاتتىكى ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي قېچىپ كەتتى، يۇسۇپخاننىڭ يەرلىك قوغدىنىش ئەترىتىدىكى ئادەملەرلا قېلىپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ يۈردى. جەمئىيەتتە ما خۇسەن دېگەن ھۆكۈمەت ئەمەس ئىكەن، ئۇ باندىت بولۇپ قاغىلىق بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىكەن، ھازىر شېڭ ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئۈرۈمچىدىن بېسىپ كەپتۇ، ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى قېچىپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر تارقالدى. يەنە 2، 3 ئاي يوقاپ كەتكەن ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ئىسلامئاۋاتتا پەيدا بوپتۇ دېگەن خەۋەرلەرمۇ تارقالدى. 9- ئاي مەزگىلىدە، مەن، مەتقۇۋان كۈرەك، مەمتىمىن قورۇق قاتارلىق 7، 8 دەك ئادەم ئىسلامئاۋاتقا ئۆتۈپ ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش ئۈچۈن باردۇق، چارشەنبە بازارغا بارساق 60، 80 دەك



ئاتلىق ما خۇسەن ئەسكىرى ئاقسۇ تەرەپتىن دەريانى بويلاپ كېلىپ، قاسىم غېجەكنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ قازان، قازاندا گۆش پىشۇرۇۋاتقان ئىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ تەرەپتىن دەريانى بويلاپ بىر ئايروپىلان چىقتى، بىز ئايروپىلاننى كۆرۈپ باقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن قورقۇپ مەسچىت ئىچىگە كىرىۋالدۇق، ئايروپىلان پەسلەپ ئىككى ئۈچ بومبا تاشلىدى، پارتلاش ئاۋازى ۋە ئىس - تۈتەك جاھاننى قاپلاپ كەنتنى زىل - زىلىگە كەلتۈردى، ئارقىدىن ئايروپىلان كەلگەن يولى بىلەن دەريانى بويلاپ ئاقسۇ تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى، چىقىپ قارىساق بىرمۇ ئەسكەر قالماپتۇ، 2، 3 ئات ئۆلۈپتۇ، ئەسكەرلەرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمىدۇق. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە خوتەن تەرەپتىن يەنە بىر ئايروپىلان كەلدى، ئۇ ئىسلامئاۋاتنى ئايلىنىپ تەۋەككۇل تەرەپكە ئۆتتى، قاقشال كەنتىدىن روزى ئاخۇن كاسا، شاۋۇر كەنتىدىن ئەخمەت زوڭ دېگەن ئىككى دېھقان «ئايروپىلاننى قارشى ئالساق بىزگە پۇل تاشلاپ بېرىدۇ» دەپ ئۆينىڭ ئالدىدىكى دۆڭگە بىر پارچە قىزىل كىگىز سېلىپ ئولتۇرىسىغا بىردانە تاۋۇزنى قويۇپ قويغان ئىكەن، ئايروپىلان پەسلەپ بىر ئايلىنىپ ھويلىدا بىر ئاتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەردە ما خۇسەن ئەسكەرلىرى بار ئىكەن دەپ بىر دانە بومبا تاشلىغان، بومبا پارتلاپ روزى ئاخۇن كاسىنىڭ ئوغلى سايىتئاخۇنغا بومبا پارچىسى تېگىپ ئېغىر زەخمىلەنگەن، بۇ ئادەم ھازىر ھايات، ئىسلام ئاۋات يېزا ئۇزۇن كۆل كەنتىدە ئولتۇرىدۇ.

**(5)**

ما خۇسەن يوقىتىلىپ ئورنىغا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى

تىكلەندى، دەسلەپتە بىر مەزگىل ياخشى ئىشلار يولغا قويۇلۇپ، يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلۇپ ئاقارتىش ئېلىپ بېرىلدى، يول - كۆۋرۈك ياسالدى، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان - سېلىق ئازايتىلدى. ئۇ ئەسلىدە شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش، خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھىيلىسى ئىكەن. ئۇزۇنغا قالماي ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ بۇلاڭچىلىق، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ئىسلامئاۋاتتىن قۇربان مۇپتى، تەۋەككۇلدىن يۈسۈپخان دېگەنلەر تۇتۇلۇپ دۇنيا - ئوقەتلىرى بۇلىنىپ، ئۆلتۈرۈلدى.

ھەر قېتىم ھاكىمىيەت ئالماشسا ئېزىلىپ ھالى قالمىغان دېھقانلار دەككە - دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شېڭ ھاكىمىيىتى ئۆرۈلۈپ گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تىكلەندى. گومىنداڭ يېزا - قىشلاقلارنى بەگلىك رايونغا ئايرىپ، گومىنداڭغا سادىق بەگ، بوجاڭلارنى بېكىتىپ خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇملارنى يەنىمۇ ئېغىرلاتتى، تەۋەككۇل يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئىككى بەگلىككە ئايرىلدى، يۇقىرىغا تالىپ ھاجى، ئەمەت بەگ (بۇلارغا 1951- يىلى 5- ئايدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى) تۆۋەنگە مەتتوختى بەگ، نايىپ بەگلەر بەگ بولدى. ما خۇسەن ۋاقتىدا قويۇلغان ئالۋان - سېلىق ئۆز ئەينى يولغا قويۇلدى. ما خۇسەن «دەن» ئاشلىقى قويغان بولسا، گومىنداڭ «ھەربىي مۇلازىمەت ئاشلىقى» دەپ ئاتىدى، پۇقرالارنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىدى، ئاشلىق تاپشۇرالمىغانلارنى باغلاپ، ئۇرۇپ قىينىدى. خوتەندىن ئاقسۇغا بارىدىغان كارۋان يولىنىڭ خوتەن تەۋەلىكىدىكى قوشلاش، مازار تاغ، بۆكسەن دېگەن ئۈچ جايدا ھەربىي پونكىت قۇرۇپ ئاشلىق، پىچان، سامان يۆتكەشكە باشلىدى، دېھقانلارنى قىستاپ مەجبۇرىي



يىغىۋالغان ئاشلىق ۋە ئوت - سامانلارنى ئېشەك بىلەن ھەربىي پونكىتلارغا توشۇدى، بەگ، بوجاڭلار ئۆيمۇ ئۆي ئاقتۇرۇپ ئېشەكلەرنى مەجبۇرىي يىغىۋالدى. بىر كۈنى قوشنىمىز توختاخۇن بوقاتاي ئېشىكىنى قاچۇرۇپ كونا ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ، بوجاڭلار يولدىن ئۆتىۋاتقاندا ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئېشەكنى تېپىۋېلىپ ئېلىپ كەتتى، ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن توختاخۇننىڭ ئايالى ئىرادىخان بىللە باردى، يىغىۋېلىنغان ئېشەكلەرنى دەريا بويىغا توپلاپ، ئىسلامئاۋاتقا ئۆتكۈزمەكچى ئىدى، ئىرادىخان كىلىپ مەتتوختى بەگكە يېلىنىپ «بېگىم، بىز بىر كەمبەغەل ئائىلە، بەش جان ئادەم مۇشۇ ئېشەككە تايىنىپ جان باقىمىز، بۇ ئېشەكتىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ» دەپ ئېشەكنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئېشەكلەر ئېلىپ كېتىلسە ئىگىسىگە قايتىپ كەلمەيتتى. زالىم مەتتوختى بەگ بۇ ئايالغا قىلچىمۇ رەھىم قىلماي قامچا بىلەن ئۇرۇپ باش كۆزىنى قانغا بويىۋەتتى، ئۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي دەسسەپ، سۆرەپ دەرياغا تاشلىۋەتتى. نەق مەيداندىكى ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىرادىخاننى دەريادىن سۈزۈۋېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويدۇم، ئۇ ئۇزاققا قالماي تاياق زەربىسىدىن ئۆلۈپ كەتتى. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان - سېلىقنى كۆپەيتىش بىلەن تەڭ، يەنە ياشلارنى ئەسكەرلىككە تۇتتى. 1948- يىللىرى بولسا كىرەك، تەۋەككۇلدەك كىچىك يۇرتقا 100 نەپەردەك ئەسكەر ئېلىش ۋەزىپىسى قويغان، 200 نەپەردىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ، قوشنىدىكى توختاخۇن دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە سولىدى. مەن بىر تەتۈر پىشانە، بەختسىز ئادەم بولغانلىقىم

ئۇچۇن ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قالدىم. پۇلى بار كىشىلەر بالىلىرىنى ئارقا ئىشىك قىلىپ بەگلەرگە پۇل بېرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى، پۇلى يوق كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى قالدۇق. تەۋەككۇل خەلقى نارازىلىق بىلدۈرۈپ «100 ئادەمگە 200 ئادەم تۇتتى، بەگ، بوجاڭلار پارا يەپ ئۆز يېنىنى تولدۇردى» دەپ خوتەنگە بېرىپ ئەرز قىلدى. ئادەم كېلىپ «50 پىرسەنت ئادەم ئەسكەرلىككە ئېلىنىدۇ، 50 پىرسەنت ئادەم قويۇپ بېرىلىدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. «ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىدۇ»، «قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن ئىككى مەزمۇندا چەك يېزىپ بوينى كېسىلگەن قاپاق ئىچىگە تاشلاپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، بىردىن ئېلىپ چىقىپ قاپاق ئىچىدىكى چەكنى ئالغىلى سالدى. ئەتراپتا سولانغانلارنىڭ ئاتا - ئانىسى، دوست - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قاراپ تۇرۇپ پىشانىسىنىڭ ئوڭدىن چىقىشىنى تىلەيتتى. «قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن چەك چىققانلار نەق مەيداندا قويۇپ بېرىلدى، مەن، جالالىك ئاخۇن قوتاز، مەتتىمىن ئاخۇن پاڭ قاتارلىقلارنىڭ پىشانىمىز ئوڭدىن كەلدىمۇ قانداق، «قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن چەك چىقتى، نەق مەيداندا قويۇپ بېرىلدۇق، قاپچى كەنتىدىن غوجا ئەخمەت جالان، تۇگمەن ئېرىقتىن رەخمەت تالاي، مەتتىمىن يۇمدان قاتارلىق 70 دەك ئادەمگە ئەسكەرلىككە بېرىشى چېكى چىقىپ، خوتەنگە ئېلىپ كەتتى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساق - سالامەت قايتىپ كېلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولدى.

1949- يىلى 12- ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 15- پولكى، مىللىي ئارمىيىنىڭ 39- پولكى ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ خەتەن دەرياسىنى بويلاپ ئىسلامئاۋاتقا يېتىپ كەلدى، نەچچە



مىڭ خەلق ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدۇق.

مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر باشلىقى «بىز ماۋجۇشى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى، گومىنداڭ، جاڭ جيېشىنى مەغلۇپ قىلىپ، شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلدۇق، سىلەر بۈگۈندىن باشلاپ ئازاد بولدۇڭلار، گومىنداڭنىڭ بەگ، بوجاڭلىرى سىلەرنىڭ مەھەللەڭلەرگە ئەمدى ئالۋان - سېلىق دەپ بارالمايدۇ، ئۇلارنىڭ خەلق ئۈستىدىن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى، خەلق ئۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ، سىلەر ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشتىڭلار» دەپ نۇتۇق سۆزلىدى. بىز كۆزلىرىمىزگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، تەلپەكلىرىمىزنى ئاسمانغا ئېتىپ، قىزغىن چاۋاك چېلىپ «جۇڭگو كومپارتىيىسى ياشىسۇن! ماۋجۇشى ياشىسۇن! خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ياشىسۇن!» دەپ شوئار ياڭراتتۇق. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خوتەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. راست دېگەندەك، گومىنداڭنىڭ ئەمەلدارلىرى ئالۋان - سېلىق دەپ ئۆيىمىزگە كەلمىدى، بۇ ۋاقىتتا تېخى ھاكىمىيەت ئورنىتىلمىغان ئىدى.

1950- يىلى 1- ئاينىڭ بېشىدا، ئېزىلگەن تەۋەككۇل خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن قوزغىلىپ، بەگ، بوجاڭ، زومىگەرلەرنىڭ ئۆيلىرىنى قورشاپ ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا باشلىدى، بىر قىسىم بەگ، بوجاڭلار ياۋاش بولۇپ خەلققە باش ئەگدى، ئەمما قان - قەرزگە بوغۇلغان، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان زومىگەرلەر خەلققە باش ئەگمەش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە «سىلەر بەك بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتمەڭلار، پىياز تېخى خام، نەچچە ھۆكۈمەت كېلىپ كەتتى، سۇ كەتسە تاش قالىدۇ، بۇ

هۆكۈمەتمۇ كىتىدۇ، يەنە بىز قالىمىز» دەپ ئېغىۋا تارقىتىپ ياۋاش بولماي خەلق بىلەن قارشىلاشتى. قاقشال كەنتىدىن قان قەرزگە بوغۇلۇپ جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان زومىگەر رېخىم (1951ـ يىلى 5ـ ئايدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن) ئۆيىگە ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇق قول چوماقچىلىرىدىن 30 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ قورال، سايمان تەييارلاپ ئاما بىلەن ئۇرۇشماقچى بولدى. نەچچە 100 ئادەم ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىنى قورشاپ كېچە ـ كۈندۈز نازارەت قىلىپ، 1ـ ئايدىكى قاتتىق سوغۇقتا ئەتراپقا ئوت قالاپ، گۈلخان يېقىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشنىڭ ياكى قېچىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالدۇق.

1950ـ يىلى 2ـ ئايدا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، تەۋەككۇل خوتەن ناھىيىسىنىڭ 10ـ رايونى بولدى، لى ياۋمى رايون شۇجىسى، ئەخمەت توختى رايون باشلىقى بولۇپ كەلدى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن رېخىم ھاجىنى ۋە ئۆيىگە قاپسىلىپ ياتقان قول ـ چوماقچىلىرىنى تۇتۇپ چىقىپ، بويىنغا پىياز ئېسىپ[1]، سازايى ۋە كۈرەش قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن قۇتۇرغان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە زومىگەرلىرى بىر مەھەل پەس كويغا چۈشتى.

1950ـ يىلى 12ـ ئايدا ھوگدىن تالىپ ھاجى، شاۋۇر كەنتىدىن ئەمەت بەگ، رېجەپ جىگدە قاتارلىق زومىگەرلەر ئادەم تەشكىللەپ، كالتەك، چوماق، قورال ـ سايمان ياساپ، بورزاندىكى ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنىدىن پايدىلىنىپ، زومىگەر رېخىم ھاجىنىڭ ئۆيىنى قورشىغان خەلق ساقچىلىرى ۋە ئاكتىپلاردىن غوجى ئەخمەت بوتۇڭ، ساۋۇر بوۋا، ئىسلامنىياز خارەت، مۇتەللىپ كەس قاتارلىق 10 نەچچە ئادەمنى ئۇرۇپ،

[1] رېخىم ھاجى «پىياز تېخى خام» دېگەنلىكى ئۈچۈن، پىياز خاممۇ؟ پىشقانمۇ؟ دەپ پىيازنى بويىنغا ئېسىپ سازايى قىلغان.



ئېغىر زەخمىلەندۈرۈپ يېرىم جان قىلىپ قويدى. مەن بۇ سورۇندىن قېچىپ قۇتۇلدۇم.

ئۇرۇشقا قاتناشقان ئابدۇكېرەم جىگدەك، ئابدۇللا جىگدەك، مەتتوختى تۇرسۇن، مەتسىدىق دوك قاتارلىق 63 نەپەر ئادەمنى تۇتۇپ، مىللىي ئارمىيە 39ـ پولكىنىڭ ئارقاچال گازارمىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىدا توختىتىپ قويۇپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، رايون بويىچە چوڭ يىغىندا قايمۇقۇپ قاتناشقان ئاما قويۇپ بېرىلدى، ئارقىدا قوماندانلىق قىلغان، پىلانلىغان تالىپ ھاجى، ئەمەت بەگ، رەجەپ جىگدەك قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى، 1951ـ يىلى 5ـ ئايدا ئەمەت بەگ، تالىپ ھاجىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئومۇمىي سايلام خىزمىتىگە قاتنىشىپ ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتىم.

خەلق كوممۇناسى قۇرۇلغاندا تەشكىل ماڭا 72 قوي ئايرىپ بېرىپ، قوي بېقىشقا قويدى، 24 يىل كوممۇنانىڭ قويىنى باقتىم، قويلارنى خۇددى ئۆزۈمنىڭ شەخسىي مۈلكىدەك ئاسراپ، تەرەققىي قىلدۇردۇم. 1984ـ يىلى كومۇنا ئىككى يېزىغا ئايرىلدى (تەۋەككۇل، ئىسلامئاۋات)، 1692 قوي ئۆتكۈزۈپ بەردىم، ئىككى يېزا تەڭمۇ تەڭ تەقسىم قىلىۋالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مەن دەم ئېلىشقا چىقتىم. تەشكىل دائىم يوقلاپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى، ھازىر تۇرمۇشۇمدا ھېچنەرسە كەم ئەمەس، 50 دىن ئوشۇق قوي، بىر ئېشەك، ئىككى كالا، بىر يورۇش ئۆيۋاق، تۇرمۇش سەرەمجانلىرىم بار. ئۆزۈم خاتىرجەم، تۇرمۇشۇم باياشات ئۆتىۋاتىدۇ. ئۈچ قىز، بىر ئوغلۇم بار، ئوغلۇم ئوقۇتقۇچى، بىر قىزىم بىلەن ئوغلۇم

كومپارتىيە ئەزاسى، بالىلىرىممۇ خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزمەكتە. مېنىڭ بۈگۈنكىدەك تۇرمۇشۇمنىڭ بولۇشى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشۈم پارتىيە رەھبەرلىكىدىن بولدى، مېنى ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگەن كومپارتىيىگە مىڭ رەھمەت.

مەن بۈگۈنكىدەك بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بولساممۇ، ئۆتمۈش - كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىمنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن ۋە ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. ئۆتمۈش - كونا جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكىنى ۋە ئۆزۈمنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىمنى كەڭ ياشلارغا سۆزلەپ، ئۇلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىپ، ئۆتمۈشنىڭ ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ كېلىۋاتىمەن.

2002- يىلى 11- ئاينىڭ 20 كۈنى

ئاپتورى: لوپ ناھىيە تەۋەككۇل يېزىسىدىن



# ئىلغار زات نوغايبېك ھەققىدە ئەسلىمە

ئابدۇجېلىل ئالىمبېك

نوغايبېك غوجىبەنبەتوۋ 1891- يىلى ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ بوربوسۇن — سۇپتاي دېگەن يېرىدە قازاق چارۋىچى ئىستەمەس ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىستەمەس ئىشچان، ئاددىي - ساددا، چىقىشقاق، كۆپنى كۆرگەن، ئابرويلۇق ئادەم ئىدى. ئىستەمەس ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىتتا يۈز بەرگەن تۈرلۈك مۇرەككەپ ئەگرى - توقايلىقلار ۋە كۈرەشلەرگە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز تۈردە قاتنىشىش بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ سىرلىرىغا كۆڭۈل قويۇپ نەزەر سېلىپ، ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىگەن كىشىلەر بىلەن ئوقۇمىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ زور ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇيالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلى نوغايبېكنى بالدۇرراق ئوقۇتۇشقا بەل باغلايدۇ. شۇ چاغلاردا قازاق دالىلىرىدا پەننىي بىلىم ئوقۇتىدىغان مەكتەپ بولمىغانلىقتىن نوغايبېكنى ئاۋۋال موللىغا بېرىپ دىنىدا ئوقۇتىدۇ.

نوغايبېك تىرىشچان، زىرەك، ئوقۇشقا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان بالا بولغاچقا، موللىنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى تېز ئىگىلەپ، ئۇستازى بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ماختىشى ۋە

ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ ھەمدە بەلگىلىك يېزىش، ئوقۇش قابىلىيىتى ۋە ھېسابلاش سەۋىيىسىگە ئىگە بولىدۇ.

1905- يىللىرى ئىستەمەسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرىلاپ قىزاي ئېلىنىڭ سۇلتانكەلدى قەبىلىسىگە ئاقالاقچىلىق (مىڭبېگىلىك) مەنسىپىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ھەر ساھە، ھەر قاتلامدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقا باشلايدۇ. شۇ چاغدا بۇ ئاۋۇل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاقە، سودا - سېتىق، ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا كۆپىنچە غۇلجا شەھىرىدىكى روسىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن نوغايلار (تاتارلار)، ئۇيغۇر باي - سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقە قىلاتتى. تاتار سودىگەرلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى دىنىي ھەم پەننىي بىلىم ئالغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، سۆز - ھەرىكەتلىرى نوغايبېكنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ نوغايبېك بىلەن تېزدىن چىقىشىپ كېتىدۇ، نوغايبېك غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئۈزلۈكسىز بېرىپ، مېھمان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرىنى كۆرىدۇ. ئارىلاپ ئۇلارنىڭ ئىلمىي پاراڭلىرى بىلەن تەربىيىسىنىمۇ ئاڭلايدۇ ۋە ئوقۇپ بىلىم ئېلىشقا بەل باغلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ نوۋگورت (يېڭى شەھەر) دېگەن يېرىدە تاتار بالىلىرى ئوقۇيدىغان يېڭىچە مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ يەردە بىرقانچە يىل ئوقۇپ بەلگىلىك پەننىي بىلىم ئالغاندىن كېيىن، بىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ تېخىمۇ مول بىلىم ئېلىش ئارزۇسى بىلەن دادىسىغا روسىيىگە بېرىپ ئوقۇش تەلىپىنى قويىدۇ. دادىسى ئۇنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا قوشۇلۇپ



كەتمەيدۇ، بەلكى مۇشۇ بىلىمگە شۇكرى قىلىپ، ئۆز يېنىدا بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. نوغايبېك دادىسىنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن دوستلاشقان، شۇنداقلا دادىسىنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىدىن بولغان تاتارلارنى ئارىغا سېلىپ، دادىسىغا نەسىھەت قىلدۇرۇپ، ئاران دېگەندە دادىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. نوغايبېك ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ رازىلىقى ۋە دۇئاسىنى ئېلىپ، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ گۇۋاھنامىسى بىلەن (بۇ گۇۋاھنامىنىڭ سىرتى قارا، خەتلىرى خەنزۇچە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسىم - فامىلىسى، يېشى، مىللىتى يېزىلغان، سۈرىتى چاپلىنىپ، تامغا بېسىلغان ئىكەن) 1913- يىلى يازنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاتا - ئانىسى، ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، تاتار ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە كالاسكىغا (ھارۋا) ئولتۇرۇپ روسىيىنىڭ ئالمائاتا شەھىرىگە بېرىپ، سانائەت ئىنىستىتۇتىغا بەش يىللىق ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ غۇلجىدا تاتار مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن باشلاپ يۈرۈش - تۇرۇشتا، كىيىنىشتە ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك، رەتلىك تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. شۇ دەۋردىكى زامانداشلىرى ئۇنى كۆرگەندە چاقچاق قىلىپ نوغاي (شۇ چاغدا غەربچە كىيىنگەنلەرنى قازاق يېزىلىرىدىكى كىشىلەر مۇشۇنداق ئاتايتتى) كېلىۋاتىدۇ دەيدىكەن.

نوغايبېك روسىيە تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تارىختىن بۇيان شۇ يايلاق قوغلىشىپ، كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن قازاق خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزى ئوقۇشقا كىرگەن يەرنىڭ تەرەققىياتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئوتتۇرىدىكى پەرقىنىڭ ناھايىتى زور

ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ مۇشۇنداق مۇھىتتا نۇرغۇن ئۇچۇق-يورۇق، بىلىملىك كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، كۆز ئالدىدىكى يېڭى ھادىسىلەرنى ئەستايىدىل كۆزىتىدۇ. ئۆزى دۇچ كەلگەن تۈرلۈك توسقۇنلۇق ۋە قىيىنچىلىقلارنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ، بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئوقۇشقا بېغىشلايدۇ. بىلىم ئاساسىدىكى ئاجىزلىق، تىل ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردىكى پەرق سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئىنستىتۇتتىكى ئوقۇشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چىقىمنىڭ ئېغىرلىقىمۇ ئۇنىڭغا بېسىم بولىدۇ. ئۇ، مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئىككىلەنمەي «بىلىم ئېلىش يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ئىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە يېتىپ، زېرىكمەي، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. دادىسىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلۈك ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ يۇرتىغا قايتماي تولۇق ئۈچ يېرىم يىل ئوقۇيدۇ. تەتىل ۋاقىتلىرىدا باشقا شەھەرلەرنى ئارىلاپ، يۇرت كۆرۈپ، خەلقلىرى بىلەن تونۇشىدۇ.

1917-يىلى روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، ۋەزىيەت جىددىيلىشىدۇ، شۇ يىلنىڭ قىش ئايلىرىدا، روسىيىدە سوقۇش باشلىنىپ، بىر قىسىم مەكتەپلەر ئوقۇش توختىتىدۇ، شەھەر ئاھالىلىرى تەرتىپكە سېلىنىدۇ. چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇيرۇق بويىچە ئۆز ئېلىگە قايتۇرۇلىدۇ. شۇ قاتاردا نوغايبېكمۇ جۇڭگو پۇقراسى بولغانلىقتىن قورغاس چېگرىسى ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇلىدۇ.

ئۇ غۇلجا شەھىرىگە كەلگەندە ئۇنىڭ دادىسى ئىستەمەس سۇلتانكەلدى قەبىلىسى كەڭ ئولتۇراقلاشقان كۆنەس دەرياسىنىڭ بېشىدىكى ئارالتۆپىگە كۆچۈپ كەتكەنىدى. غۇلجا شەھىرى



بىلەن ئارالتۆپىنىڭ ئارىلىقى 250 كىلومېتىرغا يېقىن بولۇپ، شۇ چاغلاردا كىشىلەر ئۇلاق بىلەن قاتنايتتى. نوغايبېك بىر نوغاي (تاتار) دوستىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، ئىت قوشقان چانىغا كىرا قىلىپ ئارالتۆپىنىڭ جالىشى دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ يۈرۈش-تۇرۇشتا، كىيىنىشتە پۈتۈنلەي فورمىچە ياسانغاچقا ئۇنى كۆرگەنلەر بۇ ھەقىقىي نوغاي بولۇپ كېتىپتۇ دېيىشىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۇلدىكى زاماندىشلىرى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ ياكى ئۆزى ئارىلاپ يۈرۈپ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى، ئۆزى بارغان يەرلەرنىڭ تەرەققىي تاپقان مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئوقۇغان، شەھەرلەشكەن، زاۋۇت قۇرغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، تەشۋىق قىلىپ، ياشلارنى ئوقۇپ بىلىم ئېلىش، مەدەنىيەتلىك بولۇش، ھال-كۈننى تېخىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ.

نوغايبېك ئالمائاتادىن قايتىپ كېلىپ بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭغا: «بالام، سەن ئامان-ئېسەن ئوقۇپ، كۆپ بىلىم ئېلىپ كەلدىڭ. روسىيە پادىشاھىنىڭمۇ ئەل سورىغان قانۇن-نىزاملىرىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ. مەن بولسام ياشىنىپ قالدىم، سەن باللىرىمنىڭ چوڭى، ماۋۇ ئاقالاقچىلىق مەنسەپنى ئەمدى سەن ئۆتىگىن» دەيدۇ. نوغايبېك ئۇنىڭغا: «دادا، راست دەيسىز، مەن ئوقۇدۇم، ئاز-تولا بىلىم ئالدىم، لېكىن مەن مەنسەپ تۇتۇپ ئاقالاقچى بولۇش ئۈچۈن ئوقۇمىدىم، مەنسەپدار بولۇپ قازاقنىڭ ئاۋۇللىرى ئارىسىدىكى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ئارازلىق، جەڭگە-جېدەل بىلەن ھەپىلىشىپ ۋاقتىمنى بىكار

ئۆتكۈزمەيمەن، مەن مەنسەپكە ھەۋەس قىلمايمەن! ئوقەت - تىجارەت قىلىمەن (ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىمەن)، مەكتەپ ئېچىپ، بالا ئوقۇتۇپ، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپمۇ كۇن كۆرەلمەي، ئەقلى بولغان بىلەنمۇ توغرا چۈشىنەلمەي يۈرگەن مۇشۇ قېرىنداشلىرىمنى بىلىم ئېلىشقا باشلايمەن. كۆچۈپ يۈرۈپ ھالىدىن كەتكەن ساي - دالالارنى قوغلىشىپ پېتىراپ يۈرگەن ئەلگە مۇقىم ئولتۇرىدىغان شەھەر سېلىشنى تەشۋىق قىلىمەن. مېنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىم ئالدى بىلەن ئۆز ئاۋۇلۇمغا شەھەر سالغۇزۇش. تۇرلۇك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىمەن. ئەگەر مەنسىپىڭىزنى بەرمەكچى بولسىڭىز، ئاۋۇ يۈرگەن قارا باتۇرغا (ئۆز ئىنىسى قاناتبېكنى شۇنداق ئاتايتتىكەن) بېرىڭ، شۇ ئىشلىسۇن. بولمايدىغان ئىشقا مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتماڭ» دەيدۇ.

دادىسى بۇ مەسلىھەتنى قانچە قېتىملاپ تەكرارلىغان بولسىمۇ، ئۇ ئاقالاقچى بولغىلى ئۇنىمايدۇ. لېكىن دادىسى كونا ئۆرپ - ئادەت بويىچە ئۇنى ئاقالاقچىلىق مەنسىپىنى ئۆتەشكە زورلايدۇ. ھەتتا بەزىدە ئىش بىلەن كەلگەن كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ سىناپ باقىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئادەمگە: «ھەي ئاداش، سەن رەنجىمە! مېنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن چاتىقىم يوق. مەن ئىش - ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەم. سەن قاناتبېككە بار، بولمىسا بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىڭنى پۈتتۈرۈۋال، مېنى ئاۋارە قىلما، ئىككىنچىلەپ مۇنداق ئىشنى ماڭا دەپ كەلگۈچى بولما، مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەكچى بولغانلارغىمۇ نوغايبېك شۇنداق دېدى دەپ قوي» دەيدۇ. 1918- يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا نوغايبېك غۇلجىغا بېرىپ، ئابدۇللا (تاتار) بىلەن ئۇنىڭ ئايالى رابىخەنى جالىشىگە



باشلاپ كېلىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ بالا ئوقۇتىدىغانلىقىنى ئەل - جامائەتكە ئۇقتۇرىدۇ. ئازالتۆپىنىڭ ھازىرقى جالىشى دېگەن يېرىدە ئۆزى بىر كىگىز ئۆي تىكتۈرۈپ، ئۇنى بالا ئوقۇتىدىغان ئورۇن قىلىپ تۈزەشتۈرۈپ، بىرىنچى تۈركۈمدە قاناتبېك، ساناتبېك قاتارلىق بالىلارنى يىغىپ ئابدۇللاغا ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا گەمە ئۆي قازدۇرۇپ ئۇستىنى ياپقاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئومىرجان، ئومىربېك، ئاپان (سىڭلىسى) قاتارلىقلارنى رابىخە خانىمنىڭ ئوقۇتۇشىغا بېرىدۇ. بۇلار دىنىي ئوقۇش ۋە ھېسابتىن ئادەتتىكى ئەمەللەرگىچە ئۆگىنىدۇ، سالام خەت يازغۇدەك ساۋات چىقىرىدۇ.

شۇ يىلى قىشتا ئورۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئاغىنە - بۇرادەرلىرىگە تەربىيە بېرىپ، ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ مەسچىت، مەكتەپ سالدۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە تاغدىن ياغاچ چۈشۈرگۈزۈپ، ياز كېلىش بىلەن ئۆزى غۇلجىغا بېرىپ ئۇيغۇر، ئۆزبېك ياغاچچى، پەنچىلەرنى باشلاپ كېلىپ، ئالدى بىلەن جالىشغا ئالدىنى پېشايۋانلىق قىلىپ، 100 - 150 ئادەم سىغىدىغان بىر مەسچىت سالدۇرىدۇ (بۇ مەسچىت «ئىستەمەس مەسچىتى» دەپ ئاتىلىپ، 1960- يىلىغىچە ساقلانغان). مەسچىت پۈتۈشى بىلەنلا كۈن چىقىش تەرەپكە ئاستى - ئۇستى تاختايلىق قىلىپ بەش ئېغىز ياغاچ ئۆيلۈك مەكتەپ سالدۇرىدۇ. 1918- يىلى كۈزدە مولداغلى (تاتار) دېگەن كىشى تۇنجى ئوقۇتقۇچى بولۇپ قازاق بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. ئۇ چاغدا ئوقۇشقا كىرگەن بالىلارنىڭ يېشى سۈرۈشتۈرۈلمىگەچكە ياش پەرقى زور ئىدى، باي - كەمبەغەللىكىگىمۇ قارالمىغان، ئوقۇش ئىشتىياقى بولسىلا ئوقۇتۇۋەرگەن. بەزى يېتىم - يېسىر، كەمبەغەللەرنىڭ

باللىرىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىگە نوغايبېك ئۆزى ياردەم بېرىپ تۇرغان. بۇ مەكتەپتە 1936- يىلى يازدا جالىنشىدا قاناتبېك مەكتىپى سېلىنغانغا قەدەر بالا ئوقۇتۇش داۋاملىشىپ كەلگەن.

نوغايبېك ئوقۇش - بىلىم ئېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بالىلارنىڭ نەچچىسىنى سۇيدۇڭ كۇرەدىكى مېڭخا شۆتاڭغا (موڭغۇل - قازاق كونىچە مەكتىپى) ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېتىم، كەمبەغەللەرگە ئۆزى مۇۋاپىق ياردەم بېرىپ تۇرغان. مەسىلەن: ئوسمان، ئومېربېل، ئىنسرائىلبېك قاتارلىقلار. ئۇ دەۋردە ئېچىلغان مەكتەپلەردە روسىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن تاتار، ئۆزبېكلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇلار مۇقىم تۇرماستىن ئالمىشىپ، بىرى كەلسە، بىرى كېتىپ تۇرغان.

نوغايبېك ئالمائاتادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەسچىت، مەكتەپ سالدۇرۇش بىلەنلا قالماي، ھۈنەر - كەسىپ، سودا، تىرىقچىلىق ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ھەمدە باشلامچى بولۇپ تۇنجى قېتىم ئارالتۆپىنىڭ جالىشى دېگەن يېرىدە تېرە ئەيلەش ئورنى، سۇ تۈگمەن، سۆك تارتىش زاۋۇتى سالدۇرغان، ماگىزىنمۇ ئاچقان.

ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتتا ھەربىر ئاۋۇل، ھەربىر ئائىلىدە چوڭ - كىچىك ماللارنىڭ ئۈزلۈكسىز چىقىم بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ماللارنىڭ تېرىلىرىنىڭ تاۋارغا ئايلانماي، سېسىپ - چىرىپ تۈگەيدىغانلىقى ياكى سودىگەرلەرنىڭ ئەرزان باھادا ئېلىپ كۆپلەپ پايدا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەڭ ئاۋۋال كۈنەستە، بولۇپمۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئارالتۆپىدە تېرە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇت قۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ ۋە 1919- يىلى يازدا غۇلجىغا بېرىپ، مۇشۇ كەسىپنىڭ تېخنىكلىرىنى



ئىزدەشتۇرۇپ، ئاخىرى يەنىلا روسىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن تاتار جامەن باشلىق تۆت ئائىلىنى ئارالتۆپىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ زاۋۇت قۇرۇش ئىشىغا كىرىشىدۇ. نوغايبېك ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەپ، تەتقىق قىلىپ، ھەر كۈنى ئىش ئۈستىدە بىللە بولىدۇ. زاۋۇتقا كېرەكلىك تالنىڭ قوۋزىقى كەڭ تېپىلغان بىلەن ھاك تاش تېپىلمايدۇ. ھاك تاشنى غۇلجا ياكى توققۇزتارادىن توشۇيدىغان بولسا، ئەمگەك كۈچى، خىراجەت، ۋاقىت جەھەتتە ئىسراپچىلىق بولاتتى. شۇڭا ئۇ ھاك كۆيدۈرىدىغان تاشنى ئارالتۆپە ئەتراپىدىن ئىزدەيدۇ. ئۇ 20 نەچچە يىگىتنى باشلاپ، يۇقىرىدا لاستايدىن ئاخىرى ساغ ئۆتكەلگىچە بىر ھەپتە ئارىلاپ كۈنەس ۋادىسىدىن ھاك تاش تاپالمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاق قولتۇق، كۆلباي سېيىدىن قارىغاي توشۇيدىغانلار بىلەن بىللە مېڭىپ ئىزدەپ، كۆلباي سېيى ئېغىزىدىن كۆيدۈرىدىغان تاش تېپىپ ھاك خۇمدىنى ياساپ، ياغاچ ئوتۇن قالاپ ھاك كۆيدۈرىدۇ. بۇ ھاك خۇمدىنىنىڭ ئورنىدا ھازىرمۇ ئۈزلۈكسىز ھاك كۆيدۈرۈلمەكتە.

تېرە پىششىقلاپ ئىشلەشتە مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدىغان قىچا مېيى، قارا گۈل، قىزىل بوياق دېگەن نەرسىلەر ئەينى چاغدا كۈنەستە بەكمۇ كەمچىل بولغاچقا، بۇ ماتېرىياللارنى غۇلجىنىڭ قارىباغ، دۆڭمازار دېگەنگە ئوخشاش جايلىرىدىن تۆگە بىلەن توشۇپ كېلىپ ئىشلەتكەن. بۇ تېرە زاۋۇتىدا دەسلەپتە 12 ئادەم ئىشلىگەن. بۇ زاۋۇتتا يىلىغا 3 - 4 قېتىم، ھەر قېتىمدا 500 - 700 پارچىدىن كالا، ئات تېرىسى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن. كۆن - خۇرۇم، چەم قاتارلىق تېرە ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىلغان. ئىشلەنگەن ماتېرىياللار تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، سۈپەتكە لايىق بولغانلىرىغا

«ئارالتۆپە شىركىتى» دېگەن كۆك تامغا بېسىلىپ ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈلۈپ، ماگىزىنغا چىقىرىلغان ياكى باشقا جايلارغا توپلاپ يۆتكەلگەن.

بۇ يەردە ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار كۆپىنچە كۈنەس ئەتراپىدا، ھەتتا غۇلجىغا قەدەر ئۆتكۈزۈلۈپ، جانلىق مال، تېرە، يۇڭ قاتارلىقلارغا ئالماشتۇرۇلغان. ئىشلەنگەن تېرىلەر سۈپەتلىك بولۇپ سۇدا يۇمشاپ كەتمەيدىغان، ئىسسىقتا قورۇلۇپ قالمايدىغان بولغاچقا، خېرىدارلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

بۇ زاۋۇتنىڭ ھېسابى، پايدا زىيىنىنى نوغايبېك ئۆزى بىۋاستە باشقۇرغان. زاۋۇت ئالتە يىل ماڭغاندىن كېيىن نوغايبېك ۋاپات بولۇپ، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغاچقىلا توختاپ قالغان.

نوغايبېك ئالمائاتادىن كەلگەندىن كېيىن ئارالتۆپە ئەتراپىدا خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، خەلقنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنىڭ بەك قىس ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ھازىرقى تۇرگۈندىكى جاباي بۇلاقتىن شەرققە قاراپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالە ئاشلىق تېرىمايتتى. ئۇ يەرلەر پەقەت مال بېقىش ئۈچۈنلا پايدىلىنىپ كېلىنىۋاتاتتى. كۈنەسنىڭ باشقا كۈنگەي، تەسكەي تەرەپلىرىدىمۇ ئارىلاپ بەزىلەر ئازراق تېرىق، بۇغداي تېرىغان بولسىمۇ، قىش ئوتتۇرىسىغا بارمايلا ئوزۇقى تۈگەيتتى. قولى ئۇزۇنراق چارۋىچىلار كۈزدە غۇلجا، توققۇزتارالارغا مال ئاپىرىپ ئازراقتىن ئۇن، تېرىق ئەكېلىپ ئوزۇق قىلىشتىن تاشقىرى زور كۆپ ساندىكىلەر سۈت، گۆش، ئېرىمچىك، قۇرۇتقا ئوخشاش چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن ئىدى. بەزى ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا



ئۇزاق يول بېسىپ توققۇزتارا ياكى غۇلجا ئەتراپىدىن ئۇن، ماي ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ يۇقىرىقىدەك قىيىنچىلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن، يېرى تەكشى، سۈيى ئەلۋەك ئورۇندا مۇشۇنداق بولۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان، دەپ قاراپ، ياشلارغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، «شالكودە» دېگەن يەرنى ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا بەل باغلايدۇ. 1918- يىلى ئەتىيازدا غۇلجىدىن بىر قىرغىز ئائىلە، ئىككى تاتار ئائىلە، بىر رۇس ئائىلىسىنى ئىككى ئۆكۈز سوقىسى بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، 5- ئايدا «شالكودە»دە تۇنجى قېتىم بوز ئېچىپ تېرىق، بۇغداي، ئارپا تېرىيدۇ. بۇرۇن يەر ئېچىپ، ئاشلىق تېرىشنى كۆرمىگەن شۇ يەردىكى يەرلىك خەلق توپ - توپ بولۇپ كېلىپ، سوقا سېلىپ، يەر ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇق سالغاننى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىدۇ.

ئۇنىڭ باشچىلىقىدا قىلىنىۋاتقان بۇ يېڭى ئىشنى شۇ ئەتراپتىكى سۇلتانكەلپى قەبىلىسىنىڭ باشقا ئاۋۇللىرى قىزغىن قوللاپ، بىرلىكتە يەر ئاغدۇرۇپ، تاغ سۈيى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا ئادەم يىغىپ كۈچ توپلاپ، يۇرت ئاقساقاللىرىدىن ياشلىرىغىچە ئۆستەڭ بېشىدا ئىشلەپ، «كۆك ئۆزەك» ناملىق ئۆستەڭنى قازىدۇ. بۇ ئۆستەڭ لاستايدىن باشلىنىپ شالكودەگىچە جەمئىي 20 چاقىرىمدىن ئوشۇق ئۇزۇنلۇقتا قېزىلىپ، سۇغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرىدۇ، شۇ يىلى تېرىلغان ئاشلىقتىن ياخشى ھوسۇل ئېلىنىدۇ.

نوغايبېك ئاشلىق تېرىغۇزغان يىلى شۇ ئەتراپتا كۈنلەپ يول يۈرسىمۇ بىرەر تۈگمەن ئۇچراتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەپ، تۈگمەن ياساشنى بىلىدىغان ئىككى روسنى غۇلجىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، ئۆزىنىڭ

جالىشىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى قاراسۇغا تۇنجى بولۇپ سۇ تۈگمىنى سالدۇرىدۇ. تۈگمەن ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر چاقىرىمغا يېقىن، ئۆستەڭ يۈزىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بىر يېرىم مېتىر قىلىپ قېزىلىدۇ. بۇ ئۆستەڭ سۈيى قىشتىمۇ توختىماي ھەم توڭلىماي ئېقىپ تۇرغان. بۇ تۈگمەن شۇ يىلى كۈزدە پۈتۈپ ماڭدۇرۇلۇپ، كۈنەس دەرياسىنىڭ تۇرگۈندىن يۇقىرىقى ئىككى ياقىسىدىكى خەلقنىڭ ئۇن تارتىش ھاجىتىدىن چىقىدۇ. كېيىنكى يىللاردا تۈگمەنگە ئۇلاپ سۆك تارتىش (تېرىق ئاقلاش) زاۋۇتى (تۈگمىنى) ياسىلىدۇ. ئاشلىق كۆپەيگەن يىللاردا ھەر يىلى كۈزدە باينبۇلاقلىق موڭغۇللار مۇشۇ تۈگمەنلەردىن ئاشلىق ئالغان. بۇ تۈگمەن ھازىرغىچە ساقلانماقتا ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلماقتا.

نوغايبېك ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يەر تېرىش، زاۋۇت قۇرۇشتىن باشقا، زاۋۇتتا ئىشلىگەن تاتار، ئۆزبېك، قىرغىز، روس، ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەرگە قارا سۇنىڭ قىش - ياز ئىسسىق بولىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك ئۆي قۇشلىرىنى باقتۇرغان. ئۇ باقتۇرغان غاز، ئۆردەكلەر ئەڭ كۆپەيگەن يىللىرى (كۈزدە) بىرنەچچە يۈزدىن ئاشقان ئىكەن. ئۇ بۇلارنىڭ گۆشى، تۇخۇمى، مامۇقىدىن پايدىلانغان ۋە بازارغا سالغان.

1919- يىللىرى ئۇنىڭ ئىگىلىك تۈرى كۆپىيىپ، ھەم يىل سېرى تەرتىپكە سېلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنى ئېگىز، توپىسى قېلىن، ئىككى تەرىپىدە قىش - ياز توختىماي، توڭلىماي ئېقىپ تۇرىدىغان سۈيى بار يەرنى تاللاپ، ئۆز ئاۋۇلىدىكىلەرنى مۇشۇ ئەتراپقا ياغاچ ئۆي، تام ئۆي سالدۇرۇپ



ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئىككى ئېغىزلىق سودا دۇكىنى سېلىپ، غۇلجىدىن خەلققە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان تۇز، چاي، قەنت، ناۋات، گەزمال قاتارلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئالدۇرۇپ ساتقۇزىدۇ. ئۆزىنىڭ دەسلەپتە ئوقۇتقان ئىنىلىرىدىن بىرىنى دۇكاندا ئىشلىتىدۇ. دۇكاندا پۇل ئىشلىتىلمەي، مالغا مال، بولۇپمۇ تېرە، يۇڭ، ياۋايى ھايۋانلار تېرىسىگە ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ.

ئۇ تاتارلار بىلەن روسلارغا تۈگمەن ئەتراپىغا كۆك تاماكا تېرىغۇزۇپ، جالىشىدا كىچىك تاماكا زاۋۇتى قۇرىدۇ. ئۇ ئىشلىگەن تاماكا قەغەز يەشىكلەرگە قاچىلىنىپ، سىرتىغا كۆك بوياقلىق تۆت بۇرجەك تامغا بېسىلغان. تامغىدا، ساپ كۆك تاماكا، موخۇركا، ئارالتۆپە شىركىتىدە ئىشلەندى، دېگەن خەت يېزىلغان بولۇپ، بۇمۇ دۇكانغا سېلىنىپ سېتىلغان.

ئۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش، يېڭى كەسىپلەرنى ئېچىشقا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، خەلقنى باشلاپ ئىلغارلىق يولىنى بويلاپ ماڭىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى فېئودال مەنسەپدار باينىڭ بالىسى بولغىنى بىلەن ئادىل، چىقىشقاق، ئىلغار ھەم ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىدى. ئۇ يۇرتىدىكى يېتىم - يېسىر، كەمبەغەللەرگە باشپاناھ بولۇپ، مۇستەبىت فېئودال كۈچلەرنىڭ ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىشىدىن قوغداپ قالغان ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتا جاپاغا چىدامىلىق ئىدى. ئۇ روسىيىدىن قايتىپ كېلىشى بىلەنلا تۈرلۈك كەسىپلەرنى باشقۇرۇش، يولغا قويۇش جەريانىدا، يازدا يايلاقىمۇ چىقماي ئىش ئورنىدا تەڭ ئىشلەپ باشقۇرىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قازاق دالىسىدىكى بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ، ئىلغارلارنىڭ بىرى بولۇپ تونۇلغان ئىدى. ئۇ باشقا مىللەت تىل يېزىقىنىمۇ ئۆگىنىپ،

روس، تاتار تىللىرىدا خېلى ياخشى سۆزلەيتتى ھەم كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى.

ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش تۈرلىرىدىن سىرت، باشقا مىللەتلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرىنىمۇ ئوبدان ئېيتاتتى، ئويناتتى ۋە چالاتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن قارچۇغا سېلىش، قۇش ئېتىش، ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپ تۇراتتى.

يۇرتىغا قايتىپ كەلگىنىگە نەق يەتتە يىل تولغان 1925- يىلى 2- ئايدا، يۇرتىنى، خەلقىنى بىلىم ئېلىش يولىغا باشلىغان، يېڭى كەسپىي تۇرمۇش يولىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن، ئەل قەدرىنى ئاقلىغان ياش ئەزىمەت نوغايبېك 34 يېشىدا جىددىي بىر سوتكىلا ئاغرىپ دوختۇرنىڭ يوقلۇقىدىن دۇنيا بىلەن بالدۇر خوشلىشىدۇ.

ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 80 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىسقىغىنا ئۆمرىدە، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى ھالقىپ چىقىپ، چەت ئەلدە ئوقۇپ بىلىم ئېلىپ، ئۇنى ئۆز خەلقى، ئۆز يۇرتى ئۈچۈن ئىشلىتىش يولىدا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىرمۇنچە يېڭىلىقلارنى يارىتىپ، يېڭى ئىشلارنى قىلغانلىقى ھازىرغىچە ئارالتۆپە خەلقىنىڭ ئېسىدىن چىقماي تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ياشىغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە مۇشۇنداق پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئۆزى ئاسان ئەمەس ئىدى.

قازاقچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ماخمۇتجان ئابىت



# ئىلى تاتارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپ ئىشلىرى

خەپىز ساتتار سالىھ

تاتارلار ئېلىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ بىرى. ئۇلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ ۋەتەننى قوغداش، گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۆزىگە خاس ھەسسىلەرنى قوشقان. تاتارلار دۇنيادا روسىيە فېدىراسىيىسىنىڭ تاتارىستان رېسپوبلىكىسىغا، غەربىي سىبىر، ئاستىراخان، قىرىم قاتارلىق جايلارغا مەركەزلىك جايلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، كانادا ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا تارقاق ماكانلاشقان. دۇنيا بويىچە ئومۇمىي نوپۇسى 8 مىليون (1990- يىلدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا دۇنيادىكى تاتارلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 7 مىليون 990 مىڭ. قازاقىستان «يۇلتۇز» ژۇرنىلى 1993- يىل 7- ئاي). ئېلىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 5064 جان (1990- يىللىق ستاتىستىكا).

تاتارلار تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تاتار تىلى تىل سىستېمىسى جەھەتتىن ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار تۈركۈمىنىڭ قىپچاق - بۇلغار گۇرۇپپىسىغا

مەنسۇپ. تاتار تىلى ئاساسەن ئۈچ چوڭ دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، مەركىزىي دىئالېكت — قازان تاتارلىرىنىڭ دىئالېكتى؛ ئىككىنچى، غەربىي دىئالېكت — مىشەر تاتارلىرىنىڭ دىئالېكتى؛ ئۈچىنچى، شەرقىي دىئالېكت — سىبىر تاتارلىرىنىڭ دىئالېكتى. ھازىرقى زامان تاتار ئەدەبىي تىلى مەركىزىي دىئالېكت - قازان دىئالېكتىغا مەنسۇپ. جۇڭگو تاتارلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلىمۇ قازان دىئالېكتىغا مەنسۇپ.

تاتارلارنىڭ جۇڭگوغا كېلىشى 19- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى باشلانغان بولۇپ، تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. 1. 19- ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى چارروسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يەر ۋە كروپپوسنوي ئېگىلىشى ھەم 25 يىللىق ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن قاچقان تاتار ياشلىرى ئېلىمىزنىڭ ئالتاي رايونىغا كېلىپ، قازاق خەلقى ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان. 2. 1851 — 1881- يىللىرى كەلگەن ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر. 3. 1905- يىلى روسىيە ئىنقىلابى باستۇرۇلغاندىن كېيىن قېچىپ كەلگەن زىيالىيلار. 4. 1- دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەسكەرلىكتىن قاچقان تاتار ياشلىرى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن كەلگەن ئۇششاق مۈلۈكدارلار ۋە ئادەتتىكى پۇقرالار، دىنىي زاتلار.

جۇڭگوغا كەلگەن تاتارلار ئاساسەن شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلىرىغا، شەرقىي شىمالدىكى خاربىن، چاڭچۈن، شېنياڭ ۋە تيەنجىن قاتارلىق مەركىزىي سودا شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشقان (شەرقىي شىمال ۋە تيەنجىندىكى تاتارلار كېيىن ئاساسىي جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق جايلارغا چىقىپ كەتكەن). جۇڭگودا ئولتۇراقلاشقان تاتارلار ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇق



ياردىمىگە ئېرىشتى، تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مائارىپ ئىشلىرىنى كەڭ تۈردە يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭمۇ يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور ھەسسىلەرنى قوشتى.

## 1. ئىلى تاتار مائارىپى

تاتارلار 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ئىلى رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. ئۇلار دەسلەپ غۇلجا شەھىرىنىڭ تاشلەپكە، بويىنى كېسىك مەھەللىسى، موڭغۇلكۈرەنىڭ ئاقسۇ، كۈنەسنىڭ نارات، ئارالتۆپە، نىلقا ناھىيىسىنىڭ تۈرك مەھەللە ۋە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىلىرىدە ئولتۇراقلاشقان. غۇلجا شەھىرىدىكى تاتارلار تاشلەپكىدە چوڭ تاتار مەسچىتى ۋە ئىككى ئېگىزلىق مەدرىسە بىنا قىلىپ تاتار ۋە يەرلىك مىللەت بالىلىرىنى ئوقۇتقان (شۇ دەۋردە بەيتۇللا مەسچىدى، خۇيزۇ چوڭ مەسچىتى ۋە تاتار مەسچىيى غۇلجىدىكى ئۈچ چوڭ مەسچىتى ئىدى).

1881- يىلى مەرىپەتپەرۋەر زات سىدىقھاجى غابىتوف ئۆز خىراجىتى بىلەن قازان شەھىرىدىن شۇ زاماننىڭ مەشھۇر دىنىي ئۆلىماسى، مائارىپچى كەشفۇل ئەسرار دامولالام (غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلار نوغاي دامولالام دەپ ئاتىغان) نى غۇلجىغا تەكلىپ قىلىپ، غۇلجا تاتار چوڭ مەسچىتىگە مەسئۇل قىلدى. كەشفۇل ئەسرار دامولالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەسچىت مەدرىسىدە ئانا تىل، ئەدەبىيات، ھېساب، سلاۋيان ئېلىپبەسى ئۆتۈلگەن. تاتارلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ مەدرىسە ئېھتىياجى

قامدىيالمىغان. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەرىفدىن ھاجىم غابىتوف بەيتۇللاھ مەسچىتىنىڭ جەنۇبىغا تۆت ئېغىز سىنىپ ۋە ئون ئېغىز ياتاق سالدۇرۇپ بەرگەن. بۇ مەدرىسە «مەكتەبى كەشفىيە» دەپ ئاتالغان. مەدرىسىدە دەرسلەر «ئۇسۇلى قەدىم» بويىچە ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، باشقۇرۇش ئۇسۇلى باشقا مەدرىسلەردىن ئىلغار بولۇپ، دەرسلىكلىرى قازاندىن كەلتۈرۈلگەن مىق مەتبەئەدە بېسىلغان ئىدى.

ئىلى تاتارلىرى 1900- يىللىرى جەدىدچىلىك ھەرىكىتىدە مەيدانغا كەلگەن «ئۇسۇلى جەدىد» (يېڭىچە ئۇسۇل) نى قوبۇل قىلدى. قازان، ئۇفا، ئورۇنبوررگ قاتارلىق جايلاردىن يېڭىچە ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ئالدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ پەننىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشقا باشلىدى. پەننىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىلغار تاتار زىيالىيلىرى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار پىكىرلىك كىشىلىرى تۇرلۇك قارشىلىق ۋە بېسىملارغا قارشى، فېئودال خۇراپاتلىققا قارشى ئۇزۇن ۋاقىت كۇرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

1910- يىلى بىر بۆلۈم تاتار زىيالىيلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرى قىزلار مائارىپىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، دەۋرگە ماسلىشىپ، مەخسۇس قىزلار مەكتىپى ئېچىشنى قارار قىلدى. ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قازان شەھىرىدىن مەشھۇر پېداگوگ ئابدۇللا بوبى، خەدىچە ئابىستاي (ئايال ئوقۇتقۇچىلار تاتارچە ئابىستاي دەپ ئاتالغان، ئۇيغۇرلار ئاۋىستاي دەپ تەلەپپۇز قىلغان) نى تەكلىپ قىلىپ غۇلجا شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. تاتار جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ئىلغار تاتار بايلىرىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى بىلەن مەكتەپ سېلىش خىراجىتى توپلاندى. نەتىجىدە



تەشلەپكىدىكى چوڭ تاتار مەسچىتى يېنىدىكى مەدرىسىنىڭ ئورنىدا دېرىزىلىرى ئەينەكلىك، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، ياۋروپاچە دوسكا، پارتا - ئورۇندۇقلىرى تولۇق ئىككى قەۋەتلىك، ئاستى ماگىزىن، ئۈستى سىنىپ بولغان مەكتەپ بىناسى قەد كۆتۈردى. مەكتەپكە «مەكتەبى نۇر» دەپ نام بېرىلدى. مەكتەپتە يەنە «نۇر كىتابخانىسى» تەشكىل قىلىندى. بۇ مەكتەپ شۇ دەۋردە باشلانغۇچ بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر قىزلار مەكتىپى ئىدى. 1914- يىلى بۇ مەكتەپتە رەسمىي دەرس باشلاندى. باشلانغۇچ سىنىپلارغا ئېلىپبە، ئىملا، ھېساب، ئەدەبىيات، دىن، ئەخلاق، تەبىئەت، تەنتەربىيە ۋە كەشتىچىلىك دەرسلىرى ئۆتۈلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلارغا ئەدەبىيات، ئالگېبرا، گېئومېترىيە، خىمىيە، فىزىكا، بوتانىكا، جۇغراپىيە، ئەخلاق، تەنتەربىيە، ئەرەپ تىلى، شېئىر، دىن دەرسلىرى ئۆتۈلدى. قىزلار ئالدىغا پەرتۇق تارتىپ، ئاق ياقىلىق بېغىررەڭ كوپتا - يوپكا، گۈل چېكىلگەن تاتارچە قىزلار دوپپىسىدىن تەركىب تاپقان مەكتەپ فورمىسى كىيەتتى. مەكتەبى نۇردا تاتار قىزلىرىلا ئوقۇپ قالماستىن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، خۇيزۇ قىزلىرىمۇ، شۇنىڭدەك ئىككى نەپەر خەنزۇ قىزىمۇ ئوقۇغان ئىدى. تاتار ئوغۇللىرى بەيتۇللاھ مەسچىتى يېنىدىكى «مەكتەبى كەشفىيە» دە ئوقۇيتتى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى «مەكتەبى نۇر» بىلەن ئوخشاش ئىدى، پەقەت قىزلارغا ئۆتىلىدىغان كەشتىچىلىك دەرسلا ئۆتۈلمەيتتى. ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاق كۆينەك، بېغىررەڭ كاستىيۇم - بۇرۇلكا ۋە قارا دوپپىدىن تەركىب تاپقان مەكتەپ فورمىسى كىيەتتى. بۇ مەكتەپتىمۇ ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى تاتار پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە ئوقۇيتتى.

يۇقىرىقى مەكتەپلەرنىڭ خىراجەت مەنبەسى 300 مو بېدىلىك، 60 ۋەخپە دۇكان (مەسچىت ئىگىلىكىدىكى يەر ۋە دۇكان)، تاتار قەبرىستانلىقى (بۇ قەبرىستانلىق بۈگۈنكى كۈندىمۇ ساقلانغان) يېنىدىكى مېۋىلىك باغنىڭ كىرىمى، تاتار بايلىرىنىڭ ياردىمى، تاتار خەلقىنىڭ ئىختىيارىي ياردىمى ۋە ئۆشرە، زاكاتتىن كېلەتتى. كەمبەغەل، يېتىم بالىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلەتتى. ئوقۇتقۇچىلارغا تۇراقلىق مائاش بېرىلىپ، ئېشىنچە مەبلەغكە دۇكان، يەر سېتىۋېلىپ مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى داۋاملىق كاپالەتكە ئىگە قىلىناتتى. بارلىق كىرىمنى ئاتا - ئانىلاردىن تەركىب تاپقان مەكتەپ باشقۇرۇش كومىسسىيىسى بىلەن مەخسۇس بوغالتىر باشقۇراتتى. بۇ مەكتەپلەردە ئەينى دەۋردىكى تاتارلارنىڭ مەشھۇر مائارىپچىلىرىدىن كەشفۇل ئەسرار داموللام، ئابدۇللا بوبى، خەدىچە بوبى، غارىف ئابىتوف، نۇر مۇھەممەد ئەپەندى، زاكىر قادىرى، نۇرى، كەرەمەتۇللا ھەززەت، ئاقچۇرىن ئەپەندى، مەسخۇت ئاللا يار، مەيمۇنە ئابىستاي، زاھىردىن نىكىيىف، ئىبراھىم، غارىف ھوسمانوف، ئىدرىس ئاپانايوف قاتارلىق كىشىلەر دەرس ئۆتكەن ئىدى.

1910- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تاتارلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ تاشلەپكە ئەتراپى تار كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تاتارلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش مەقسىتى بىلەن قازىلجان يۇنۇچى، خەسەن بېكتېمىر، زاكىرجان ئاللا يار، نىزام فەتقۇللىن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا ھەر كىم ئۆزى پۇل چىقىرىپ، غۇلجا شەھىرى سېپىلىنىڭ غەربىدىكى بوش يەرنى سېتىۋېلىپ، قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يول بىلەن جەنۇبتىن شىمالغا



كېسىشكەن يوللار ئۆزئارا كىرەلەشكەن، يول بويىغا ئېرىق ئېلىنىپ كۆچەت تىكىلگەن، ئۆيلەرگە كۆك خىشتىن پۇنتامۇت، پەتنۇس، گەرنىز ئىشلەنگەن، تاملىرى سىڭكە سېلىنىپ ئاقارتىلغان دەرۋازا، دېرىزە ۋە دېرىزە قاپقاقلىرى سىرلانغان، كەڭ ئازادە مېۋىلىك باغلىرى بولغان قورۇلاردىن تەركىب تاپقان «نوۋىفورت» (يېڭى شەھەر) نى قۇرۇپ چىقتى. ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك خەلقلىرى تاتارلارنى نوغاي دەپ ئاتىغانلىقتىن بۇ يېڭى شەھەر نوغاي نامى بىلەن «نوغايگورت» (نوغاي شەھىرى) دەپ ئاتالدى. نوغايگورتنىڭ دائىرىسى: شەرقتە ھازىرقى ئوبلاستلىق دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولدىن غەربتە ئەخمەتجان كوچىسىغىچە، جەنۇبتا ستالىن كوچىسىدىن شىمالدا ئازاد يولىغىچە بولغان دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تاتارلار نوغايگورتقا مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقاندىن سىرت، غۇلجا شەھىرىنىڭ باشقا مەھەللىلىرىگىمۇ تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئىدى. 1925- يىلى تاتارلار نوغايگورتنىڭ مەركىزى رايونىغا مەكتەپ ۋە مەسچىت بىنا قىلدى. 1927- يىلى بۇ مەكتەپ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ قۇرۇلۇپ، «مەكتەبى نۇر» نىڭ شۆبىسى قىلىندى. مۇنىرە ۋاختوۋا، فاتىمە، گەرىخەلەر دەرس ئۆتتى.

1933- يىلى «12- ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان شېڭ شىسەي «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى يولغا قويۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قوللىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ

راۋاجلاندى. 1934- يىلىدىن باشلاپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت راۋاجلاندى. ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى. مۇشۇ قاتاردا تاتارلارنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ تەرەققىي قىلدى.

1935- يىلىغا كەلگەندە تاتار مەرىپەتپەرۋەرلىرىدىن فاتىخ ئالدىگاروف نىزامباي، فەرۇق غابىتوف، غىلاجىدىن ئابدۇللايوف قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا خەلق ئاممىسىدىن ئىئانە توپلىنىپ نوغايگورتىكى مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى باشلاندى. مەكتەپ قورۇسىنىڭ غەربىگە 1342 كۋادرات مېتىرلىق 12 سىنىپ، 4 ئىشخانا، چوڭ كۇلۇپ سېلىنىپ، 1936- يىلى رەسمىي دەرس باشلاندى. شۇ يىلى تەشلەپكىدىكى «مەكتەبى نۇر» كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، باشلانغۇچ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلۈپ، سەككىز يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇ دەۋرنىڭ ئوت يۈرەك شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدى. ئىلى تاتار مەكتىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئاساسىدا، جۇڭگو تاتارلىرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى. باشلانغۇچ مەكتەپ تۆت يىللىق، ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئانا تىل، ھېساب، تەبىئەت، رەسىم، شېئىر، تەنتەربىيە، ئەخلاق، دىن دەرسى ئۆتۈلدى. ئوتتۇرا مەكتەپتە تاتار - تىل - ئەدەبىياتى، خەنزۇ تىلى، ئالگېبرا، تارىخ، جۇغراپىيە، خىمىيە، فىزىكا، تەنتەربىيە،



سىياسەت، بىئولوگىيە، رەسىم، شېئىر، دىن دەرسلىرى ئۆتۈلدى. بىر قىسىم ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلدى. بىر قىسمىنى شۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار تەييارلىدى.

تاتار مەكتەپلىرىدە ئەخلاق دەرسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تاتار ئالىمى زىرائىددىن بىننى فەخرىددىننىڭ «نەسىھەت»، «شاگىرتلىق ئەدەبى» قاتارلىق كىتابلىرى دەرسلىك قىلىنغان، ئوتتۇرا مەكتەپتە «ئائىلە»، «تەربىيە كۆرگەن خاتون» قاتارلىق كىتابلىرى دەرسلىك قىلىنغان. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق جەھەتتىن قاتتىق تەلەپ قويۇلغان. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمى قازان، ئورۇنبورگ، موسكۋا، ئىستانبۇل، بېرلىن قاتارلىق جايلاردىن ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار، شۇنداقلا مەزكۇر مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

مەكتەپتە يەنە ئەدەبىي كۇرژىكلار قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى كۆچەيتىلگەن. تاتار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشچىلىقىدا تاتار دراما، ئوپېرالىرىدىن «باشماغىم» (دوپپام)، «ئاسىليار» (سۆيۈملۈك يايرىم)، «سۇنگەن يۇلتۇز» (ئۆچكەن يۇلتۇز)، «يالچى ئەخمەت» (يالالنما — مالاي ئەخمەت)، «تاھىر - زۆھرە» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار دائىم ئوينالغان. ھەر يىلى 4- ئايدا توقاي كېچىلىكى - ئابدۇللا توقاينى خاتىرىلەش ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. ھېيت - بايرام، يېڭى يىل ۋە باشقا خاتىرە كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن مۇزىكا ئەترىتى بولغان. ئەينى

دەۋردە غۇلجا شەھرىدە كونسۇلباغ، ئىتتىپاق كۇلۇبى، ئۆزبېك كىنو بېغى، تاتار كۇلۇبى، روس كۇلۇبى، خەنزۇ كۇلۇبى قاتارلىق ئارلتە كىنوخانا بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تاتار كۇلۇبى مانا مۇشۇ تاتار مەكتىپىنىڭ چوڭ زالى بولۇپ، قىشتا زالدا، يازدا مەكتەپ مەيدانىدا كىنو قويۇلاتتى. مەخسۇس بېلەت سېتىلىپ، مەكتەپكە كىرىم قىلىناتتى. ھەرقايسى كىنوخانىلاردا قويۇلىدىغان كىنولار گېزىتتە ئالدىن ئېلان قىلىناتتى.

مەسىلەن:

كونسۇل باغدا، مىچۇرىن
ئىتتىپاق كۇلۇبىدا، ئاكادېمىك پاۋلوف
ئۆزبېك كىنو بېغىدا، تاھىر ـ زۆھرە
تاتار كۇلۇبىدا، موسكۋاغا شان ـ شەرەپلەر بولسۇن
روس كۇلۇبىدا، ئاخىرقى كېچە
خەنزۇ كۇلۇبىدا، ئىلىبا دەرياسى بويىدا ئۇچرىشىش

(«ئالغا گېزىتى» 1949ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى. 86ـ سان. ئۇيغۇرچە)

تاتار مەكتىپىدە تەنتەربىيە دەرسلىكىگە ئەھمىيەت بېرىلەتتى، يىلدا تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلگەندىن سىرت، ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىمۇ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ تۇرغان. ۋالىبول، ۋاسكىتبول، گەرەتكىگە ئوخشاش تۈرلەردە ئۈلگە تىكلىگەن ئىدى. غۇلجا تاتار مەكتىپىدە تاتار پەرزەنتلىرىدىن باشقا ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، خۇيزۇ ۋە باشقا مىللەت پەرزەنتلىرىمۇ ئوقۇغان بولۇپ، ئىتتىپاقلىققا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. تاتار مەكتىپىدە ئوقۇغان باشقا مىللەت ياشلىرىنىڭ



بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تاتارلارنىڭ تۈرلۈك ئاممىۋى پائالىيەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئوينىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. غۇلجا تاتار مەكتىپىگە تۇنجى قېتىم غارىف سىراجى مۇدىر بولغان.

1936ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «سىنىپ سانى ئالتىدىن، ئوقۇغۇچى سانى ئوندىن ئاشقان مەكتەپلەرنى مائارىپ ئىدارىسى باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. خىراجىتىگە ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدۇ.» دېگەن بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. بۇيرۇق بويىچە تاتار مەكتىپىمۇ باشقا شەرتكە تولغان مەكتەپلەر قاتارىدا دۆلەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شۇ يىلى تاتار مەكتىپىدە يەتتە باشلانغۇچ سىنىپ، بەش تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ بار ئىدى. غۇلجا تاتار مەكتىپى 1940ـ يىلى «ئىلى رايونلۇق 8ـ مەكتەپ» دەپ ئاتالغان بولۇپ، سەككىز باشلانغۇچ سىنىپ، ئالتە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ بولغان؛ 1944ـ يىلى «ئىلى رايونلۇق 5ـ مەركىزىي مەكتەپ» دەپ ئاتىلىپ، سەككىز باشلانغۇچ سىنىپ، تۆت تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ بولغان، 1947ـ يىلى غۇلجا تاتار مەكتىپىدە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاتار مائارىپىمۇ باشقا مىللەت مائارىپ ئىشلىرىغا ئوخشاش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1950ـ يىلى غۇلجا تاتار مەكتىپى «غۇلجا شەھەرلىك 3ـ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ»، 1951ـ «غۇلجا شەھەرلىك 5ـ تاتار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ»، 1952ـ يىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاتار قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلدى. 1953ـ يىلى تاتار ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلدى. 1958ـ يىلى «غۇلجا شەھەرلىك 6ـ ئوتتۇرا مەكتەپ»، دەپ ئاتالدى. 1959ـ يىلى بىر قىسىم تاتارلارنىڭ

باشقا جايلارغا كېتىشى بىلەن تاتار ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنبەسى ئازىيىپ كېتىپ، تاتار تىلىدا ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى. نەتىجىدە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر، قازاق مەكتەپلىرىگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاخىرقى ئىلمىي مۇدىر رەزىن ئەۋزى، باش مۇدىر بەننەت تەتە (تەتە — تاتارچە ھەدە دېگەن سۆز) ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىرى پەرزىيە تەتە، گۈلفەيىن تەتە، راۋزە تەتە، ئەلفىيە تەتە ۋە باشقىلار ئىدى. غۇلجا تاتار مەكتىپى 1881- يىلى قۇرۇلۇپ، 1959- يىلىغىچە بولغان 78 يىللىق شانلىق تارىخىدا تاتارلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپلا قالماي، ئىلى رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى، فېئودال خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور ھەسسىلەرنى قوشتى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. بۇ مەكتەپ بۈگۈنكى كۈندە غۇلجا شەھەرلىك 6- باشلانغۇچ مەكتەپ نامى بىلەن ئۇيغۇر باللىرىنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىم بۇلىقى بولۇپ قالدى.

## 2. تاتارلارنىڭ قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى

### (1) تاتار مائارىپچىلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا

19- ئەسىردە دۇنيادا كاپىتالىزم تەرەققىي قىلىپ، جاھانگىرلىك دەۋرىگە قەدەم قويدى. غەربتىكى كۈچلۈك جاھانگىرلارنىڭ كۆزى ئېلىمىزگە تىكىلدى. ئىككى قېتىملىق



ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيىتىگە ئايلاندى. ئۈچ چوڭ تاغنىڭ زۇلمى ئاستىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرى سىياسىي جەھەتتىن ھوقۇقسىزلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامراتلىق، مەدەنىيەت جەھەتتىن قالاقلىق پاتقىقىغا پېتىپ ئاسارەت زەنجىرى بىلەن چىرمالدى. شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاش ئۈچ چوڭ تاغنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغاندىن سىرت، دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان ئىشان - غوجىلارنىڭ، دىنىي قىزىلكۆزلەرنىڭ قاتتىق ئېزىشىگە ئۇچراپ، نادانلىق، خۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ دەۋردە شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپى ئوتتۇرا ئەسىر فورمىسىدىكى ئىسلام مائارىپى ئىدى. «ئۇسۇلى قەدىم» دەپ ئاتالغان دەۋردىن قالغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى مەكتەپلەر ئاساسەن مەسچىت يېنىدىكى مەدرىسىلەر ياكى خەلپەت (ئوقۇتقۇچى) نىڭ ئۆيلىرىدە ئىدى. ئوقۇغۇچىلار تالىپ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇسۇلى قەدىمچە ئوقۇتۇلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئېلىپبە، ھېساب، ھەپتىيەك، شەرھى ئىمان، سوفى ئاللا يار، شاھ مەشرەپ قاتارلىق ئەسەرلەر دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن. مەدرىسىلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ خاراكتېرىدە بولۇپ، تەجۋىت، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، قۇرئان تەپسىرى، ھەدىس، لوگىكا، ئابدۇراخمان جامى، خوجا ھاپىز، سەئىدى ئەسەرلىرى دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن. ئوقۇغۇچىلار چوڭ - كىچىك بولسۇن سىنىپلارغا ئايرىلماي ئوقۇتۇلغان. ئېنىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇددىتى بولمىغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈشنى مۇددەرس ياكى خەلپەتلەر بېكىتكەن. مەدرىسىلەردە بىرلىككە

كەلگەن ئوقۇتۇش پروگراممىسى، شۇنىڭدەك ئوقۇتۇش تۈزۈمى بولمىغان. مەدرىسىلەرنى پۈتتۈرگەنلەر قايتا ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولسا قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت، ھىندىستان ھەم ئەرەپ ئەللىرىگە بېرىپ ئوقۇغان. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىدىغىنى ئاساسەن ئىسلام بىلىملىرى بولغان. بۇخارادا ئوقۇغانلىرى داموللا، ھىندىستاندا ئوقۇغانلىرى مەۋلىۋى، قەشقەردە ئوقۇغانلىرى ئاخۇن دېگەن ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن. ئۇسۇلى قەدىم پەننىي دەرسلەرنى ئۆتۈشنى، ياۋروپا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئىسلام دىنىغا قارشى بولغان جەدىدچىلىك — كالتە قۇيرۇق دەپ قارايتتى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا غەرب كاپىتالىزمى بىلەن ۋۇشۇي يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر بۆلۈم باي سودىگەرلەر بىلەن ئىلغار دىنىي زاتلار يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار قازان، ئورۇنبورگ، ئۇفا، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردىن تاتار، تۈرك زىيالىيلىرىنى تەكلىپ قىلىش ۋە ياشلارنى ئوقۇشقا ئەۋەتىش ئارقىلىق 19- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن تارتىپ غۇلجا، ئاتۇش، ئۈرۈمچى، چۆچەك، تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىشقا باشلىدى. شۇ دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىدىن باۋۇدۇنباي مۇسابايوف يەركەنتتىكى تاتار مەكتىپىدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، 1875- يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى بەيتۇللاھ مەسچىتى دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە زالى بىلەن تۆت ئېغىزلىق سىنىپ سالدۇرۇپ، ياۋروپاچە پارتا، دوسكىلارنى ياسىتىپ، ئىلى ۋادىسىدىكى تۇنجى پەننىي مەكتەپنى قۇردى. بۇ ئىلى رايونىدىكى تۇنجى پەننىي مائارىپنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى. ئىلىدا ئۆتكەن مەشھۇر مائارىپچى، تەرەققىيپەرۋەر زات



ئابدۇمۇتائالى خەلپەم يەركەنتتىكى تاتار ئابدۇراخمان داموللام ئاچقان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ، غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1895- يىلى ئەلاباي مەسچىتى يېنىدىكى مەدرىسىدە پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئىلغار دىنىي زاتلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر بايلار تەرىپىدىن پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ياكى كونا دىنىي مەكتەپلەردە پەننىي دەرسلەر قوشۇپ ئۆتۈلدى. مانا مۇشۇ قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپلەردە تاتار زىيالىيلىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە كونىلىققا قارشى كۆرەش قىلىپ، پەننىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتا زور ھەسسىلەرنى قوشتى.

1894- يىلى چاپچال جاغىستاي يېزىسىدا قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن موللائىمىن ھەبەش دىنىي دەرسلەر بىلەن بىللە پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتتى. 1905- يىلى ئىسكەندەر ھاپىز دېگەن كىشى غۇلجا شەھىرىدىن غارىپۇللا دېگەن ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆز ئۆيىدە بىر سىنىپ بالىغا پەننىي دەرس ئۆتتى.

1905- يىلى تاتار زىيالىيلىرىدىن غەزىز ئابزى (تاتارچە ئابزى ئۇيغۇرچە ئاكا دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئەۋزى دەپ تەلەپپۇز قىلغان)، خەدىچە ئاپپاي، غەينۇرە ئاپپايلار غۇلجا شەھىرى قىزىل كۆۋرۈكتە (ھازىرقى 1- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا) ئىككى ئېغىزلىق ئۈچ سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى ئېچىپ بالا ئوقۇتتى.

1910- يىلى بېشىرباي ھاجىم غۇلجا شەھىرىدىكى بەيتۇللاھ مەسچىتىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە ئالتە

ئېغىزلىق ئوتتۇرىسى زاللىق مەكتەپ بىناسىنى سالدۇرۇپ، ياۋروپاچە پارتا، دوسكىلارنى ياستىپ، مەخسۇس قىزلار مەكتىپى قۇرۇپ، قىزىل كۆۋرۈكتىكى غەزىز ئەۋزى، خەدىچە ئاپپاي، غەينۇرە ئاپپايلارنى ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن كۆچۈرۈپ كەلدى.

1913- يىلى، باۋۇدۇنباي مۇسابايوف قازاندىن كەلگەن تاتار زىيالىيسى خەدىچە ئاپپاينى تەكلىپ قىلىپ «قىزلار ھۈنەر مەكتىپى» نى ئاچتى. مەكتەپتە دىن دەرسى بىلەن بىللە تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق دەرسلىرى ئۆتۈلدى.

1917- يىلى سۈيدۈڭدە ئېچىلغان «چولپان» مەكتىپىدە خەسەن ئاقچورىن مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچى بولدى. تارىخچى، مەرىپەتپەرۋەر ئىمىنجان باۋۇدۇن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، قازان شەھىرىگە بېرىپ مەشھۇر تاتار مائارىپچىسى ئاپانايوفنى ئۇستاز تۇتۇپ پارىس، تۈرك تىللىرىنى ئۆگەندى. سوۋېت مائارىپى بىلەن تونۇشتى. 1923- يىلى ئېلىمىزگە قايتقاندا ئۇستازى ئاپانايوفنى ئېلىپ چاپچال خۇنقايغا قايتىپ كېلىپ، 1924- يىلى پەننىي مەكتەپ ئاچتى. 1895- يىلى قۇرۇلغان غۇلجا تالىيە مەكتىپىگە 1940- يىللارغا كەلگەندە زەينەپ ئاپپاي مۇدىر بولدى. مۇنىرە ئاپپاي، فەرىخە جىلقىبايوفلار دەرس ئۆتتى. 1934- يىلى قۇرۇلغان خەيرىيە مەكتىپىگە زۆھرە ئاپپاي مۇدىر بولدى. گۈلچېھرە جىلقابايوف، فاتىمە ئاپپاي، فەرىخە ئاپپاي، غەزىزە، مايمۇنەلەر دەرس ئۆتتى. كېيىن ئايخان ئانا مەكتىپىدە يۇقىرىقىلار دەرس ئۆتتى. 1939- يىلى كۈنەس ئارالتۆپىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر مەكتەپتە تاتارلاردىن سەلەخى سەغىدى مۇدىر بولدى، خەلىچە بانۇ،



سۇيۇنبىكەلەر دەرس ئۆتتى. 1934- يىلى تاتار سالىھ ھەززەت غۇلجا شەھەر ئاغى مەھەللىسىدىكى مەكتەپتە پەننىي دەرس ئۆتتى. شەرق مەكتەپ (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 11- باشلانغۇچ مەكتەپ) نىڭ مۇدىرى ئەلفىيە خەمىدىۋا، نەمۇنە مەكتەپنىڭ (كونا ئۆزبېك مەكتەپ، ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ) ئىلمىي مۇدىرى رەمزىيە خانىم ئىدى. زەينەپ ئابدۇللا قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. بۇ مەكتەپتە يەنە ماھىنۇر سىراجىۋا، رەئىسە كەرىمۇۋالارمۇ دەرس ئۆتكەن. 1936- يىلى غۇلجا شەھەر قارادۆڭدە «ياردەم مەكتەپ» قۇرۇلغاندا مۇنىرە ۋاختوۋا مۇدىر بولدى. شاكۇرە خانىم، سارە تەتە، مەرزىيە قاتارلىقلار دەرس ئۆتكەن.

1948- يىلى غۇلجا شەھىرىدە روس مەكتەپ ئېچىش كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى. مەكتەپ سېلىشنى سوۋېت گراژدانلار جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالدى. قۇرۇلۇشقا غادىلشاھ ئەۋزى مەسئۇل بولدى. مەكتەپنى بىنا قىلىشقا ھەر مىللەت بايلىرى ئىئانە بەردى. مۇشۇ قاتاردا تاتار بايلىرىدىن ئالدىگاروف، غىلاجىدىن باي، قاسىم ئەۋزى قاتارلىقلارمۇ ئۆز ياردەملىرىنى بەردى. 1950- يىلى مەكتەپ بىناسى پۈتۈپ رەسمىي دەرس باشلاندى. مەكتەپ نامى «ستالىن مەكتەپ» (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 7- ئوتتۇرا مەكتەپ) دەپ بېكىتىلدى. 1957- يىلى بۇ مەكتەپ يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئالدى بىلەن بۇ مەكتەپكە بىرنەچچە روس كىشىلىرى مۇدىر بولدى. 1957- يىلدىن كېيىن رەزىن دېگەن تاتار كىشى مۇدىر بولدى. رەزىندىن كېيىن «ستالىن مەكتەپ» نى سەپىدە (تاتار) بىلەن ئايشەم باقىلار (ئۇيغۇر) باشقۇردى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تەكلىمە، شەفىقە سەفەر غەلى، غالىيە، دىلئەفرۇز سەفەرغەلى، رەشىدە سەفەرغەلى، زەيتۇنە، شەۋقىيە، زەينەپ، مەبرۇرە، فەھىمە، سالىخە تەتە، نادىيە، رەشىدە باراتوۋا، فاتىمە بورناشوۋا، فاتىمە غەففار، جامال سەفەرغەلى، رازىيە، فەرىدە، غارىپ ۋە ماھىنۇر سىراجىۋا ھەم ئىسمى ئاتالمىغان نۇرغۇنلىغان تاتار مائارىپچىلىرى غۇلجا شەھىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېچىلغان پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۆچمەس ھەسسىلەرنى قوشتى. 1945- يىلى تاتار مائارىپچىلىرىدىن خەدىچە ئاپپاي، ئەسمە ئاپپايلار غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى باللار يەسلىسى ئېچىپ، باللار باغچىسى قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە تىكلىدى.

## (2) تاتار مائارىپچىلىرى قازاق خەلقى ئارىسىدا

قازاقلار بىلەن تاتارلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى تارىختىن بۇيان چېگرىداش بولۇپ، مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى تاتارلارغا قارىتا يوقىتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان ۋاقىتتا، زۇلۇمدىن قاچقان بىر بۆلۈم تاتار ياشلىرى قازاقلار ئارىسىغا كېلىپ ماكانلاشقان ھەمدە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ داۋاملىق زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مىللەت تەۋەلىكىنى قازاققا ئۆزگەرتكەنلەرمۇ بولغان. تاتار خەلقىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە قازاق خەلقى سېخىيلىك بىلەن ياردەم قولىنى سوزغان بولسا، تاتار خەلقىمۇ، قازاق خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشتى.

1850- يىلى، چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئورۇنبورگ



شەھىرىدە تۇنجى يەتتە يىللىق رۇس - قازاق مەكتىپى ئاچتى. بۇ مەكتەپتە رۇس ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن تاتار ئوقۇتقۇچىلىرى دەرس ئۆتتى. ئىبراي ئالتىنسارى قاتارلىق ئوتتۇز ئوقۇغۇچى مۇشۇ مەكتەپتە تاتار زىيالىيلىرى قولىدىن ئوقۇپ چىققان ئىدى. قازاق خەلقىنىڭ دۇنياۋى شائىرى ئاباي قۇنانبايمۇ 1857- يىلى شەمەي شەھىرىدىكى تاتار ئۆلىماسى ئەخمەت رىزانىڭ مەدرىسىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىدى.

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20- ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە جۇڭگودىكى قازاق خەلقى ئارىسىدا پەننىي مەكتەپ ئېچىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئالتاي، تارباغاتاي قازاقلىرى ئارىسىدا 19- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرى باشلانغان بولسا، ئىلىدا 20- ئەسىرنىڭ 10- يىللىرى باشلاندى. 1915- يىلى كۈنەستە پەننىي مەكتەپ ئېچىلدى. شۇ يىلى كېرەيباي جاڭارتقىش دېگەن سودىگەرنىڭ سودا ئىشلىرىنى قىلىدىغان خەسەن دېگەن تاتار زىيالىينى تەكلىپ قىلىپ قاسىيىن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە بالا ئوقۇتتى. 1916- يىلى غابدۇلمەجىد (تاتار) دېگەن كىشى ئالتە ئايدا باللارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش شەرتى بىلەن بالا ئوقۇتۇشقا تەكلىپ قىلىندى. غابدۇلمەجىد بۇ ئىشتا نەتىجە قازىنىپ نامى ئەتراپقا تارقالدى.

1916 — 1917- يىللىرى كۈنەس بەشتۆپىدىكى قۇۋان زەڭگى مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپ دەسلەپ «قۇۋان مەكتىپى» كېيىن «چاچقا كۇركۇلدەك مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. 1920- يىللىرى قۇۋان زەڭگى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن چاپقا ئېچىدىكى دوسىمبېك ئاۋۇلدا بالا ئوقۇتۇۋاتقان ئىسلام دېگەن تاتار كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، دوسىمبېك، نۇسۇپ دېگەن ئاقساقاللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ

بۆگىنباي، تاستىمىر، بايان قەبىلىلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتتى. ئىسلام 1920 — 1928ـ يىلىغىچە مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇ مەكتەپتە يەنە 1930ـ يىللارغىچە ئابدۇلمەجىت، غابدۇلسالام دېگەن تاتار ئوقۇتقۇچىلىرى مىڭباي موللا بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1924ـ يىلى كۇنەستە ئېستېمېس ئاۋۇلىدا قازاق ئاقساقىلى نوغايبېك كىگىز ئۆيدە مەكتەپ ئاچتى. 1928ـ يىلى تام ئۆي سالدۇردى. 1930ـ يىلى رەسمىي بەش ئېغىزلىق مەكتەپ سالدۇردى. شۇ يىلى نوغايبېك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سەلەخى سەغىدى مەكتەپكە مۇدىر بولدى. غابدۇلۋاخىت (تاتار) ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1917ـ يىلى سالاھىددىن (تاتار) تۇرسىباي ئاۋۇلىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

1935ـ يىلى تالدا تۇران مەكتىپى سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، دەسلەپ ئەلغازى مۇدىر بولدى. كېيىن تېكەستىكى تۇغجان مەكتىپىدىن ئەخمەتبېك (تاتار) تەكلىپ قىلىنىپ، مەكتەپكە مۇدىر قىلىپ بېكىتىلدى.

1930ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا سەلەخى سەغىدى (تاتار) كۇنەس مائارىپىنىڭ ئىنىسپېكتورى بولدى.

1916ـ يىلى تېكەسنىڭ ئاقسۆبەك دېگەن يېرىدە تۇغجان زەڭگى مەسچىت ۋە مەدرىسە سالدۇردى. بۇ «تۇغجان مەدرىسى» دەپ ئاتىلىپ، 1917 — 1930ـ يىلىغىچە تېكەس، كۇنەس، توققۇزتارا ۋە نىلقىدىكى قازاق پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىم مەركىزىگە ئايلاندى. مەكتەپكە ئەخمەتبېك دېگەن تاتار كىشى مۇدىر بولدى. ئۇ دىن دەرس بىلەن بىرگە، تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، لاتىنچە، روسچە دەرسلەرنى ئۆتتى. 1933ـ يىلى ئەخمەتبېك تۇغجان مەدرىسىنىڭ نامىنى «ئاقجول مەكتىپى» گە



ئۆزگەرتتى. ئەخمەتبېك تۇغجان مەدرىسىنى يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ گۈللەندۈردى.

1916ـ يىلى تاتار زىيالىيسى غۇمەر ناگايېۋ تېكەس كۆكتېرەكتىكى شاتى يېزىسىدا بالا ئوقۇتتى. ئۇ يەنە 1925ـ يىلى تېكەستىكى قوبىدا مەكتەپ ئېچىپ، 4 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

1916ـ يىلى ئەخمەتبېك ئەپەندى، سەفەرغەلى دېگەن تاتار زىيالىيلىرى توققۇزتارانىڭ جىرغىلاڭ دېگەن يېرىدە دارۋباي ئاچقان 7 سىنىپلىق مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

1928ـ يىلى موڭغۇلكۈرەدىكى شايمەردان سارقوبى مەسچىتىنىڭ يېنىغا 4 ئېغىز ئۆي سېلىپ مەكتەپ ئېچىپ، تېكەستىكى تۇغجان مەكتىپىدىن ئەخمەتبېك ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ مەكتەپكە مۇدىر قىلدى. بۇ مەكتەپ شۇ دەۋردىكى موڭغۇلكۈرەدىكى ئەڭ چوڭ مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدا سارقوبى، ئاغىياز، ئاقسۇ، شوتىلاردىن قازاق، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى كېلىپ ئوقۇدى.

1932ـ يىلى تاتار زىيالىيسى ۋەلىيۇللا موڭغۇلكۈرەنىڭ شېكىرتى دېگەن يېرىدە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، تاتار پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن قىرغىز خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى ئامانتۇر بايزاقوۋغا ئوخشاش كىشىلەر يېتىشىپ چىققان ئىدى. ۋەلىيۇللا 1942ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى تاتار مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، 1949ـ يىلى ۋاپات بولدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان قازاق پەرزەنتلىرى 1930ـ يىللىرى شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن مائارىپ ھەرىكىتىدە قازاق مائارىپىنىڭ تايانچلىرىغا ئايلاندى.

1936- يىلى غۇلجا شەھىرىدە لابوراتورىيەسى، كۇتۇپخانىسى ۋە ئىشخانىلىرى تولۇق بولغان 16 سىنىپلىق ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى پۈتۈپ ئوقۇش باشلاندى. ئىلى گىمنازىيىسىنى قۇرۇشتا خەلقنىڭ ماددىي ياردىمىگە تايانغان ئىدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، ئۆزبېك، موڭغۇل، شىبە، روس بايلىرى قاتارىدا تاتار بايلىرىدىن غىلاجىدىن، زاكىرجان، نىزامبايلارمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. بۇ مەكتەپتە باشقا مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قاتارىدا تاتار ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشقان ئىدى. تاتار مۇئەللىملىرىدىن مالىك بېكتېمىر سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە گېرمانىيىلەردە ئوقۇپ كەلگەن ئاتاقلىق زىيالىي ئىدى. ئۇ ئالگېبرا، فىزىكا، خىمىيە دەرسلىرىنى ئۆتۈپ شىنجاڭدا زور ئابروي قازانغان ئىدى. فەرىخە غەلىئەكبەرىۋا زولوگىيە، ئاناتومىيىدىن، ئىبرىكچى يۇنۇچى فىزىكا، ماتېماتىكىدىن، ۋافى جولدابابېۋ تارىخ، جۇغراپىيىدىن دەرس بەرگەن. بۇ گىمنازىيىدە يەنە مۇنىرە خانىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارمۇ بولغان.

بىلىم يۇرتىدىكى چوڭ كۇتۇپخانىدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئۆزبېكچە، تاتارچە، روسچە كىتابلار كۆپ ئىدى. يىغىنچاقلىغاندا، تاتار زىيالىيلىرى پەقەت باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپلەردىلا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، شۇ دەۋردىكى ئىلىنىڭ زىيالىيلىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغىمۇ زور ھەسسىلەرنى قوشقان ئىدى.

1933- يىلى «12- ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. 1934- يىلى 11- ئايدا ئىلى رايونلۇق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. تاتارلاردىن



نەجىپ ئابزى مۇدىرلىقتا سايلاندى. مائارىپ گۇرۇپپىسىغا شاكۇرە جىلقىبايېۋ بىلەن فەرىخە جىلقىبايېۋلار قاتناشتى. شۇ دەۋردىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ كۈچەيدى. بۇ مەسىلىنى جىددىي ھەل قىلىش ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى. بۇ كۇرسلار ئاساسەن يازلىق دەم ئېلىشتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى گۇرۇپپىلارغا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە خەبىپ يۇنۇچى، مالىك بېكتېمىر، فەرىخە، ئىبرىكچى يۇنۇچى، رافىغا ئوخشاش ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتتى.

1936- يىلى ناراتتا قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلغاندا قازاق زىيالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە سەلەخى، ئەخمەتبېك (ئەخمەتبېك تۇغجان مەدرىسى، ساتىبالدى مەدرىسى، دارۋباي مەدرىسلىرىدە ئوقۇتقۇچى، تالدى تۇران مەكتىپىدە مۇدىر، قازاق - قىرغىز مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا مائارىپ گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان، شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن) لەر دەرس ئۆتتى.

خەبىپ يۇنۇچى 1930- يىللاردىن تارتىپ «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا ھۆكۈمەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

### 3. كۇتۇپخانا ۋە قازاق باسمىسىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئوينىغان رولى

تاتار خەلقى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش، ئىلىم سۆيەر،

كىتابخۇمار خەلق. ھەر قانداق تاتار ئائىلىسىدە شەرتسىز كىتاب بولىدۇ. بايلارنىڭ ئۆيىدە مەخسۇس شەخسىي كۇتۇپخانىلار بولىدۇ. كىتابلار تۈرى، مەزمۇنى بويىچە ئايرىم قويۇلىدۇ. چوڭلار، ئاياللار، ياشلار، قىزلار، ئۆسمۈرلەر ئوقۇيدىغان كىتابلار ئايرىم بولىدۇ. ئوتتۇرىھال، كەمبەغەل ئائىلىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق كىتابلىرى بولىدۇ. كىتاب ئوقۇماسلىق، ئۆيىدە كىتاب بولماسلىق مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ.

1800- يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى تاتارلارنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، مىڭ باسما كىتابلار تاتار ئائىلىلىرىدىن ئورۇن ئالدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك 1910- يىلى غۇلجىدا «مەكتەبى نۇر» قۇرۇلغاندا مەكتەپ قارمىقىدا «نۇر كۇتۇپخانىسى» مۇ قۇرۇلغان ئىدى. بۇ كۇتۇپخانىغا تاتار زىيالىيلىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەر بايلىرى نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى ئېدىل بويىدىن ئەتىۋارلاپ ئېلىپ كېلىپ ساقلىغان كىتابلىرىنى نۇر كۇتۇپخانىسىغا تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرىدە تۇنجى قېتىم سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن كۇتۇپخانا مەيدانغا كەلدى. كىتابلارغا كۇتۇپخانىنىڭ «غۇلجىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئومۇم» دېگەن سۆز ئويۇلغان ئوتتۇرىسىغا «نۇر كىتابخانىسى» دېگەن سۆز چۈشۈرۈلگەن دۈگىلەك تامغىسى بېسىلغان ئىدى. ھازىر غۇلجا شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان 321 دانە تاتار، ئەرەب، پارس تىلىدىكى قازان باسمىسىدىكى كىتاب بولۇپ، كۆپ قىسمىغا «نۇر كىتابخانىسى» دېگەن تامغا بېسىلغان. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئېدىل بويىدا مەيدانغا كەلگەن جەدىدچىلىك ھەرىكىتى جەريانىدا تاتار نەشرىياتچىلىقى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئىسلام دۇنياسىدا



بارلىققا كەلگەن «قۇرئان»، «ھەدىس»، ئىسلام پەلسەپىسى، تارىخ، جۇغراپىيە، لوگىكا، ئەرەب، پارس تىلى ئوقۇشلۇقلىرى ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى قازان باسمىخانىلىرىدا نەشر قىلىندى. ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، تۈرلۈك تەبىئىي پەن، تېبابەت، پەن - تېخنىكا ماتېرىياللىرى تاتارلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. تاتارچە گېزىت - ژۇرناللار قازان، ئورۇنبورگ، ئۇفا، ئاستىراخان، ئورالىسكى، توبىلىسك، تېرمىز، موسكۋا، سان پېتىربۇرگلاردا نەشر قىلىندى. مەسىلەن: «تاڭ»، «بايانۇل ھەق»، «ئەلئەسرىل جەدىت»، «تەرجىمان»، «ئەل ئىسلام»، «چاقماق»، شەرقىي روس»، «ئوقلار»، «شۇرا»، «ئورال» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن گېزىت - ژۇرناللار دۇنياغا كەلدى ھەمدە بىر قىسمى تاتارلارنىڭ ئىلى رايونىغا كېلىشى بىلەن تاتار ئائىلىلىرى، نۇر كىتابخانىسىدىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردىن ئورۇن ئالدى. مانا مۇشۇنداق قازان باسمىسىدىكى كىتابلارنىڭ ئىلىغا كۆپلەپ كېلىشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەشھۇر دىنىي پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنىڭ مىڭ باسما نۇسخىلىرى، ياۋروپانىڭ شۇ دەۋردىكى پەن - تېخنىكا، تېبابەتچىلىك ئەسەرلىرى ئىلىغا تارقالدى.

غۇلجىدا قۇرۇلغان تاتار مەكتىپى ۋە ئىلىدا قۇرۇلغان يېڭىچە (جەدىتچە) مەكتەپلەرنىڭ دەسلەپكى ئوقۇشلۇقلىرى قازاندا بېسىلغان مىڭ باسما كىتابلار ئىدى. شۇ دەۋردە قازاندا بېسىلىپ ئىلىدا ئىشلىتىلگەن ئوقۇشلۇقلاردىن «مۇكەممەل ھېساب»، «تارىخ ئومۇمى»، «جۇغراپىيەئى ئومۇم»، «ئەرەب تىلى گراماتىكىسى»، «تارىخ ئەل خەلقفەئى» غا ئوخشاش كىتابلار ھازىرقى كۈندە غۇلجا شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا

ساقلانماقتا.

تاتار زىيالىيلىرى 19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپانىڭ ھازىرقى زامان ئىلغار مەدەنىيىتىنى، پەن ـ تېخنىكىسىنى شىنجاڭغا، بولۇپمۇ ئىلىغا تارقىتىشتا زور ھەسسە قوشتى.

مەن يۇقىرىدا ئىلى تاتارلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۈم. بۇ جەھەتتە ماتېرىيال تولۇق بولمىغانلىقتىن ۋاقىت، ئورۇن، ئادەم ئىسمى قاتارلىق جەھەتلەردە كەمچىلىكلار بولۇشى مۇمكىن. كەسپداشلارنىڭ داۋاملىق تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتورى: ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى
كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمقى
ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن



# زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا يۈزلىنىشى توغرىسىدا

فۇپېڭنىڭ

بۇ ماقالە دۆلىتىمىزنىڭ يېزىلارغا چۈشۈپ ئىشلەشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇندا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەن «ھايات ئارخىپ» دەپ ئاتالغان گۇ خوڭجاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن يېزىلدى. زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈشى توغرىسىدا ھەرخىل كۆزقاراش ساقلانغاچقا، بۇ ماقالىدە زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى توغرىسىدىلا تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

## ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمىنى يېنىكلىتىپ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

1955ـ يىلىنىڭ بېشىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمى كۆچىيىشكە باشلىدى. شۇ يىلى 1ـ بەش يىللىق پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا 38 مىليون 680 مىڭ مو بوز يەر ئېچىش تەلەپ قىلىندى، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن دېھقانلار ۋە بەزى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن باشقا، يەنە باشقا كۈچلەرنى تەشكىللەشكە توغرا كېلەتتى.

بۇ ۋەزىپە ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ياشلار شەھىرى» قۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۆرنەك

قىلىپ تۇرۇپ ياشلار خالىسانە بوز يەر ئېچىش ئەترىتىنى تەشكىللىدى.

## ماۋزېدۇڭ 1- قېتىم چاقىرىق قىلدى

1955- يىلى 12- ئايدا، ماۋزېدۇڭ «جۇڭگو يېزىلىرىدىكى سوتسىيالىستىك يۇقىرى دولقۇن» دېگەن كىتابىدا «يېزا بىر كەڭ زېمىن، ئۇ يەرگە بېرىش چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسەتتى. بۇ رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ يېزىلارغا چۈشۈش ھەرىكىتىگە 1- قېتىم چاقىرىق قىلىشى بولۇپ، يېزىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئېيتىلغانىدى. ئۇ ۋاقىتتا يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، باشقۇرغۇچى، بوغالتىر، كاسسىر قاتارلىق خادىملارغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق ئىدى.

ماۋزېدۇڭنىڭ چاقىرىقى كۆپ يىللاردىن بۇيان يېزىلارغا چۈشۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ كەلدى. ئارقىدىنلا 1956- يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات تىزىسى تۈزۈلدى، لايىھەدە يېزىلارغا چۈشۈش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا «تۆت بېرىش» يەنى، يېزىلارغا بېرىش، شەھەر ئەتراپىغا بېرىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىغا بېرىش، تاغلىق رايونلارغا بېرىش دەپ ئاتالدى.

## ليۇ شاۋچى شەھەر ياشلىرىنىڭ يېزىلارغا بېرىشى ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارىدى

ليۇ شاۋچى 1957- يىلى 2- ئايدىن 5- ئايغىچە بېيجىڭ



- گۇاڭدۇڭ تۆمۈر يولى بويلىرىدىكى رايونلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بىرنەچچە شەھەر ۋە كان رايونلىرىغا باردى. «خەلق گېزىتى» ليۇ شاۋچىنىڭ شۇ يىلى 3- ئاينىڭ 20- كۈنى چاڭشادا قىلغان سۆزىگە ئاساسەن «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلىپ، شەھەر ياشلىرىنىڭ يېزىلارغا بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا توختالدى.

1962- يىلى مەملىكەت بويىچە پىلانلىق، تەشكىللىك، سىستېمىلىق يېزىلارغا چۈشۈش ھەرىكىتى باشلاندى ھەمدە دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

## جۇئېنلەي يېزىلارغا چۈشۈش خىزمىتىگە 5 يىل رىياسەتچىلىك قىلدى

1962- يىلىدىن باشلاپ، جۇئېنلەي يېزىلارغا چۈشۈش خىزمىتىگە ئىزچىل رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە خېلى كۆپ زېھنىي قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلدى. 1964- يىلى ۋە 1965- يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسلىق باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى 5 يىلدا گوۋۇيۈەن زىيالىي ياشلارغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن مۇئاۋىن زۇڭلى تەن جېنلىن مۇنداق دەيدۇ: يېزىلارغا چۈشۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، بىرىنچى، يېزىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك بەرپا قىلىشتا كۆپلەپ بىلىم ئىگىلىرى كېرەك بولىدۇ؛ ئىككىنچى، يېزا ياشلىرىنى تۇراقلاشتۇرۇش؛

ئۈچىنچى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىش. بۇلارنى زوڭلى جۇئېنلەي ئوتتۇرىغا قويغان.

## پروگراممىلىق ھۆججەتنىڭ چىقىرىلىشى

1964- يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «شەھەر - بازار ياشلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى قارار» لايىھىسىدە يېزىلارغا چۈشۈش دېگەن نېمە؟ بۇ خىزمەت نېمە ئۈچۈن ئىشلەندى؟ نېمىلەرگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، يېزىلارغا چۈشۈش توغرىسىدىكى پروگراممىلىق ھۆججەت بولۇپ قالدى.

## ماۋزېدۇڭنىڭ 2- قېتىملىق چاقىرىقى

1968- يىلى 12- ئاينىڭ 22- كۈنى «خەلق گېزىتى» رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «زىيالىي ياشلار يېزىلارغا بېرىپ نامرات، تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشى بەكمۇ زۆرۈر، شەھەردىكى كادىرلار ۋە باشقىلارنى ئۆزلىرىنىڭ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان بالىلىرىنى يېزىلارغا ئەۋەتىشكە قايىل قىلىشى كېرەك، يېزىلاردىكى يولداشلارمۇ ئۇلارنىڭ كېلىشىنى قارشى ئېلىشى كېرەك» دېگەن ئەڭ يېڭى يوليورۇقىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماۋزېدۇڭنىڭ 2- قېتىملىق چاقىرىقى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىر ئارقا



كۆرۈنۈشى بار، ئۇ بولسىمۇ 1968- يىلى 11- ئاي بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا، 68- قارارلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرەي دەپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1966-، 1967- يىلى پۈتتۈرگەن كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار تېخىچە ئىشقا ئورۇنلاشمىغانىدى. مەركىزىي كومىتېت بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۇنىڭدا: «چېگرا رايونلارغا، يېزىلارغا، كان - كارخانىلارغا، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش» تىن ئىبارەت «تۆتكە يۈزلىنىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇ ئۇقتۇرۇشقا تەستىق سالغاندا: ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئىچىگە كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئىشخانىلار قۇرۇلدى.

## يېزىلارغا چۈشۈشنىڭ دەسلەپكى مەقسىتى بۇرمىلاندى

يېزىلارغا چۈشۈشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئوخشىماي، يېزىلارغا چۈشۈشنىڭ مەقسىتى بۇرمىلاندى. كۆلەم جەھەتتە، 1969- يىلى 2 مىليون 600 مىڭ كىشى بولۇپ، ئەڭ كۆپ، ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن يىل بولدى. خېلى كۆپلىگەن كىشى بۇ خىل سىياسىي دولقۇننىڭ تەسىرى بىلەن ماڭغان بولۇپ، چۈشمىسە بولمايتتى، چۈشسە شەرەپ بولاتتى، قايتا تەربىيە ئالاتتى.

كېيىن شەھەرلەردىكى زاۋۇتلارغا ئادەم كېرەك بولۇپ، يېزىلارغا بېرىپ ئىشچى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى، ئەسلى يېزىغا چۈشكەن ياشلار شەھەرگە قايتىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلارغا چۈشۈش بىلەن ئىشچى قوبۇل قىلىپ

شەھەرگە قايتۇرۇش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى.

## يىلتىز تارتىشمۇ ياكى يىلتىزنى تارتىشمۇ

كېيىن يەنە ئوڭۇشسىزلىق يۈز بەردى. سەۋەب — سەنشىدىكى ئىككى ياش شۇ ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن زۇڭلى ۋۇگۇيشيەنگە خەت يېزىپ، يېزىلارغا چۈشكەن ياشلارنىڭ ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىپ قايتۇرۇپ كېلىنىشى يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلار قوشۇنىغا مۇقىمسىزلىق ئامىلى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىدۇ. ۋۇگۇيشيەن خەتنى رەئىس ماۋزېدۇڭغا بېرىدۇ ھەمدە يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىشنى «سەھنە چۈۋۈش» قا ئوخشىتىدۇ. رەئىس ماۋزېدۇڭ 1976- يىلى 2- ئاينىڭ 12- كۈنى سىياسىي بيۇروغا: «زىيالىي ياشلار مەسىلىسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئالدىن تەييارلىق قىلىپ ئاندىن بىراقلا ھەل قىلىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ يېزىلاردا يىلتىز تارتىش بىلەن يىلتىزنى تارتىش مەسىلىسى ئۈستىدە كۈرەش بولىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئىككى لۇشيەن كۈرىشى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، زىيالىي ياشلار خىزمىتى تېخىمۇ ئۇرەككەپلەشتى.

## يېزىلارغا چۈشۈشنى تەڭشەش ۋە ئاياغلاشتۇرۇش

ئەگەر 27 يىللىق يېزىلارغا چۈشۈشنى ئۈچ باسقۇچقا



بۆلسەك، ئۇنداقتا 1955- يىلدىن 1961- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئىزدىنىش باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ، مەقسەت — شەھەر - بازارلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. 1962- يىلدىن 1965- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا دۆلەت تەشكىللىك، بىر تۇتاش ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئىككىنچى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىغان يېزىلارغا چۈشۈش ھەرىكىتى بولسا ئۈچىنچى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. 1977- يىلى 8- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11- قۇرۇلتىيى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى 10 يىلدا مەملىكەت بويىچە 14 مىليون زىيالىي ياش يېزىلارغا چۈشتى.

1978- يىلى 3- ئايدا، دېڭ شياۋپىڭ خۇچياۋمۇ، دېڭ لىچۈنلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە: قانداق قىلغاندا شەھەر- بازارلارغا تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك كۈچى سىغدۇرۇش توغرىسىدا تەتقىق قىلىش كېرەك، ھازىر قىلىۋاتقان يېزىلارغا چۈشۈرۈش چارىسى ئۇزاق مۇددەتلىك چارە ئەمەس، دېھقانلار قارشى ئالمايدۇ. . . ئەمەلىيەتتە شەھەرلىكلەر يېزىلارغا چۈشسە دېھقانلارنىڭ نېنىنى تالاشقان بولىدۇ، دەيدۇ.

1978- يىلى 12- ئاينىڭ 10- كۈنى، 41 كۈنگە سوزۇلغان مەملىكەتلىك زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈش خىزمەت يىغىنى ئاياغلاشتى. «يىغىن خاتىرىسى» ۋە «گوۋۇيۈەننىڭ زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈشكە ئائىت بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى سىناق بەلگىلىمىسى» مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تارقىتىلدى. يىغىن — يېزىلارغا

چۆشمەيدىغان شارائىت پىشىپ يېتىلگۈچە يېزىلارغا چۈشۈش يەنىلا داۋاملىشىدۇ؛ دائىرىسىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش شارائىتى بار شەھەرلەردە يېزىلارغا چۈشۈشكە قايتا سەپەرۋەرلىك قىلىنمايدۇ؛ يېزىلارغا چۈشۈش زۆرۈر بولغان يەرلەردە ئەترەتلەرگە بۆلمەي، شۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ زىيالىي ياشلار مەيدانى، زىيالىي ياشلار ئەترىتى تەسىس قىلسا بولىدۇ، بۇنىڭغا دۆلەت سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىدۇ؛ ئەترەتلەرگە بۆلۈنگەن 960 مىڭ زىيالىي ياشلار مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھەل قىلىش، پېشقەدەم زىيالىي ياشلار مەسىلىسىنى مۇددەت ئىچىدە ھەل قىلىش؛ شەھەر - بازارلاردا يېڭى ساھە، يېڭى كەسىپنى پائال ئېچىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1979- يىلىغا كەلگەندە مەملىكەت بويىچە 247 مىڭ كىشى يېزىلارغا چۈشتى، 1980- يىلىغا كەلگەندە ئون ئۆلكە، شەھەر يېزىلارغا چۈشۈشنى توختاتتى. 1981- يىلى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تارىختىن قېلىپ قالغان ئەترەتلەرگە بۆلۈنگەن 960 مىڭ زىيالىي ياشلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قارىتىلدى.

1981- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گوۋۇيۈەن زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى دۆلەتلىك ئەمگەك ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن 20 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان يېزىلارغا چۈشۈش ھەرىكىتى ئاياغلاشتى.

(شەنشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتى تۈزگەن «تارىخ» ئايلىق ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

**تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى**



顾　　问：赛尔杰
编委会主任：艾力肯・乌守尔・艾里
编委会委员：艾力肯・乌守尔・艾里
司马义・伊布音
阿里木・朱马什
艾合买提江・艾山
托合提・阿尤甫
迪拉热・哈米提
艾景顺
主　　审：艾力肯・吾守尔

主　　编：吐尔洪・吾买尔
责任编辑：居来提・阿布力米提
编　　辑：坎再　贾孜拉

新疆文史资料选辑（维吾尔文）（47）
政协新疆维吾尔自治区委员会文史资料和学习委员会编
乌鲁木齐市南湖北路 63 号　邮编：830063

乌鲁木齐市新协印务有限公司
乌鲁木齐市新华北路 47 号　邮编：830002

字数：180 千字　开本：大 32 开　印张 11.75 印张
印数：1～1000
2005 年 10 月印刷

新疆维吾尔自治区内部资料准印证（2005）年 273 号总第 546 号
（内部资料　免费交流）

